
ياسىن
كۆكبۆرە

# ئازاپلىق
# يۈرەك
# ئاۋازى



ياسىن كۆكبۆرە

# ئازابلىق يۈرەك ئاۋازى

## 1

УДК 17
ББК 87,7
Я 79

Я 79 Ясин көкбөрә
Азаплиқ йүрәк авази – Алмута: "МИР" нәшрияти, 2009-256 б.

ISBN 978-601-7013-52-3

بۈگۈنكى ھاياتىمىزدا چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىشقا تىرىشايلى.

ББК 87,7

Я $\frac{0301070000}{00 (05) 09}$

ISBN 978-601-7013-52-3

© Ясин көкбөрә, 2009
© "МИР" нәшрият өйи, 2009

# ئاپتوردىن

ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن ئەزىز قېرىنداشلىرىم!

سىز ئوقۇۋاتقان «ئازابلىق يۈرەك ئاۋازى» ناملىق ماۋزۇدا يېزىلغان تەنقىدى ئەسەرنىڭ مۇددىئاسى، ھەقىقىي ئازابلىنىۋاتقان يۈرەك ساداسى ئەمەلى رىئاللىقتىكى جانلىق پاكىتلارنىڭ بىر قىسمىغا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ كېلىچىكىگە قايغۇرۇش؛ بىرلىككە ئۈندەش؛ شۇنداقلا ئەسلى نەسلىمىزدىكى گۈزەل ئەخلاق، ئۇيۇشقاقلىق يۈكسەك پەزىلەتلىك خىسلەتلىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىش ئۈچۈن، ھاياتىمدا باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنارلىق قىسمەت سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئىخچام ھەم مەزمۇنلۇق قىلىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دىققەت ھوزۇرىغا سۇنماقچى بولدۇم.

بۇ ئاجىز قەلەم كۆرىشىمنى ئىمان ھەم ۋىجداننى ساقلاپ قېلىش يولىدا، دۈشمەنگە قارشى جەڭ مەيدانىدا كۈرەش قىلغانلىق بىلەن باراۋەر دەپ قاراپ، جەمئىيىتىمىزدە ئومۇميۈزلۈك شەكىللىنىپ يامراپ كېتىۋاتقان ئەجەللىك نۇقسانلار، جۈملىدىن مىللىتىمىز ئۈچۈن غەيرى پاجىئەلىك ئىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كېتىش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مىللىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان سۆيۈملۈك مەردانە قېرىنداشلىرىم بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولۇپ، باشتىن-ئاخىر ساغلام ئىسلام ئەقىدىسىنى يادرو قىلىپ تاللىۋالدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن شەخسى يارىماس كۆز قاراشنى ئىدىيەمگە بويسۇندۇرۇپ خىزمەت قىلىشتىن قەتئىي ساقلىنىمەن!

شۇنداق بولسىمۇ مېنىڭ ئۇلۇغ خەلقىم ئەيىبىنى كۆرسەتسە ياقتۇرماي ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى، تەنقىدنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇ ئەقىدىنىڭ خۇشاللىقىدىن زەربىسىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىنتايىن ياخشى بىلىمەن!

بۇ ھەقتە ئالىملارمۇ «ھەقنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك، كۆككە يەتمەك»، «مىللىتىم، مىللىتىم دەيسەن، مىللىتىڭ ئاتقان ئوقتىن ئۆلىسەن»،

9- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا **ئۇيغۇر** دۆلىتى پۈتۈن ئاسىيا بويىچە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك قۇدرەتلىك، مەدەنىيەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئومۇمەن 500 يىل ھۆكۈم سۈردى. 5-8- ئەسىرگىچە دۆلىتىمىزنىڭ نامى «كۆكتۈرك» ئىمپېراتورلۇقى دەپ ئاتالدى. بۇ نام شۇ دەۋردە بارلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مىللىي نامى بولغاچقا بۇ «تۈرك خاقانلىقى» تۈرك تىللىق مىللەتلىرى بىرلەشكەن دۆلەت بولغان ئىدى.

745-840- يىللىرى قارا بالاساغۇننى مەركەز قىلغان «**ئۇيغۇر** خاقانلىقى» ۋە 870-1225- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن كەڭسۇ (گەنجۇ - تەھرىردىن) **ئۇيغۇر** دۆلىتى! 850-1275- يىلىغىچە ئوردۇ بالىقنى (جىمىسار) پايتەخت قىلىپ قۇمۇل ئۈرۈمچى، تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچار، ئاقسۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئىدىقۇت **ئۇيغۇر** دۆلىتى» ۋە باشقىلار ئۆز دۆلىتىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئاتاشنى ئۇنتۇپ قالمىغان ئىدى!

1227-1369- يىللىرى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى «چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتىدى.

ئەمىر تۆمۈر چاغاتايغا خاتىمە بەرگەندىن كېيىن ۋەتىنىمىزنىڭ نامى «**ئۇيغۇرىستان!!!**» دەپ ئاتالدى!

1514- يىلىغا كەلگەندە موغۇل ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئورنىغا «سەئىدىيە **ئۇيغۇر** دۆلىتى» يەنى ‹سەئىدىخان› دۆلىتى مەيدانغا چىقتى. ئۇ يەكەننى مەركەز قىلىپ ئىرتىش دەريا، يەتتەسۇ، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، پەرغانە ھەم كەشمىرگىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. «سەئىدىيە **ئۇيغۇر** دۆلىتى» 1675- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرۈپ، ئاپاق غوجا ئارقىلىق، جۇڭغار موڭغۇل خانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1863- يىلى پەرغانىلىق ئۆزبېك ياقۇپبەگ، بوزرۇكخان تۆرە، قەشقەرنى مەركەز قىلىپ خوتەن، يەكەن، كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان، ئۈرۈمچى، ئالتاي، چۆچەكلەرنى ئۆز ئاستىغا ئېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى «بەدەۋلەت قەشقەرىيە دۆلىتى»، «يەتتە شەھەر خانلىقى» دەپ ئاتاپ 1877- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈردى.

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئوغۇزخان، مۇقان قاغان، قۇتلۇق بىلگە

«ئۆز مىللىتىگە دۈشمەن بولۇشنى خالىساڭ، ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئېچىپ كۆرسەت». رۇسلارنىڭ ماقالىسىدا: «ھەق كۆزگە سانجىلىدىغان تىكەندۇر»، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ، ئوت بىلەن ئويناشماسلىققا چاقىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، ھەقنىڭ ۋىسالىغا يېتىش يولىدا رىيازەت چېكىش ئىمان، ۋىجدان ئۆلچىمى دەپ چۈشىنىپ، ئاددىي بىر ئادىمىلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىش يولىدا بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم!

چۈنكى مىللەتنىڭ خارابلىققا يۈزلىنىشىگە بىپەرۋالىق قىلىش خائىنلىقتىن نېمە پەرقى بولسۇن؟ دېگەن ئەلەملىك ھېسسىياتلار ئىچىدە قەلبىم تىلغىنىپ، مەۋجۇتلۇقۇمنى سىزەلمەي، پۇخانىغا تولۇپ تاشقان، ئازابلىنىۋاتقان جاراھەتلىك يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى «ئازابلىق يۈرەك ئاۋازى» دەپ ئاتىدىم.

بۇ مېنىڭ ھەققانى دادىل كۈرىشىمنىڭ يېزىلىپ تەييارلىنىپ كىتاب بولۇپ نەشردىن چىقىشىغا سەمىمىي ياردەمدە بولۇپ، قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ ھېسداشلىق بىلدۈرگەن، ھازىر شىۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان مېنىڭ ئالى مەكتەپتىكى بىر مەقسەتلىك ساۋاقدىشىم ئابدۇرەشىد ھاجى كېرىمگە چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرۈپ رەھمەت ئېيتىمەن!

## مىللىتىمىز ئۇيغۇر، ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستان!!!

## يۈرەك ئاۋازىم – **ئۇيغۇر** ساداسى!

بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ نامى «**ئۇيغۇر**» بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىخلىرىمىزدا دەۋر سۈرگەن دۆلەتلىرىمىزنىڭ نامىمۇ، مىللىتىمىزنىڭ نامىنى يوقاتماي، بەلكى ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈپ «**ئۇيغۇرىستان!**»، «مۆلۈكۆل ئۇيغۇرىيە!»، «**ئۇيغۇر** دۆلىتى!»، «**ئۇيغۇر** خاقانلىقى!»، «قاراخانىيلار **ئۇيغۇر** دۆلىتى!»، «ئىدىقۇت **ئۇيغۇر** دۆلىتى!»، «سەئىدىيە **ئۇيغۇر** دۆلىتى!» دەپ ئاتىلىپ، تارىخلىرىمىزدا مىللىتىمىزنىڭ «**ئۇيغۇر**» دېگەن ئۇلۇغ ھەم شانلىق نامىنى ئۆچمەس مەشئەل قىلىپ ياندۇرۇپ كەلگەن ئىدى!!!

تۈركىستان» دەپ ئاتالدى. «شەرقىي تۈركىستان» ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شىمالىي تەرىپى «ئىدىقۇت **ئۇيغۇر** دۆلىتى»نىڭ تەۋەلىكىگە قارايتتى.

1933-يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى سابىت داموللام رەھبەرلىكىدە قەشقەردە شۇ تارىخى شارائىت مەجبۇرىيىتىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، كۆپ مىللەت قوشۇنلىرىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان نام بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇزۇن ۋاقىت يوت تىرەپ تۇرالمىدى؟

بار يوقى ئۈچ-تۆت ئاي ياشىغان بۇ دۆلەتنى 1934- يىلى قىشتا ياۋۇز ستالىن، تانكا ۋە قاناتلىق ئايروپىلانلار بىلەن يوققا چىقىرىپ، شىڭ شىسەينى تەختكە ئولتۇرغۇزدى... بۇ پاجىئەلىك تارىخمۇ، ئۇنتۇلماس دەرس ساۋاقلارنىڭ بىرىدىن ئىبارەتتۇر!

كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، بۇ تارىخلىرىمىزدا تۈركىي تىللىقلار ئىچىدىكى مىللەتلەر ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن ئايرىم مىللەت سۈپىتىدە ئاتىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، قازانغان شۆھرەت خۇشاللىقىمىز ئۇچرىغان مەغلۇبىيەت مۇسىبەت كۈنلەر ئورتاق خاراكتېرلىك مەسىلە ھېسابلىناتتى. ئارىمىزدىن يېتىشىپ چىققان ئالەمشۇمۇل مۇتەپەككۇر **ئۇيغۇر** ئالىملىرىمىزمۇ، تۈركى تىللىقلارغا ئورتاق ۋەكىللىك قىلغان بولسىمۇ، مىللىتىدىن تېنىۋالمىغان ئىدى؟! شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر قېرىنداش مىللەتلەر، ئۇلارنى مېنىڭ قىلىۋالماقچى بولۇشىدۇ؟

1936- يىلى جاھانگىر ستالىن غەربىي تۈركىستاننى خەتەرلىك ساناپ بەشكە بولۇپ تاشلىدى، شۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستان دېگەن نام ئۆزىنىڭ نامىنى ئاتاپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىنى يوقىتىپ قويغان ئىدى؟

ھازىر «غەربىي تۈركىستان» بەش مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ دۇنياغا تونۇلدى! ئەمدى 44- يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» ھەم ستالىنىنىڭ پىلانلىق سۇيىقەستى بىلەن باشلىنىپ ئاخىرغىچە ئۇنىڭ غەرەزلىك نىيىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى بىلەن

قاغان، سۇتۇق بۇغراخانلار چىچىلىپ يۈرگەن تۈرك قەۋملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، دۇنياغا مەشھۇر دۆلەتلەرنى قۇرغان بولۇپ، ئۇ كەڭ زېمىنىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ۋەتىنىمىز «**ئۇيغۇرىستان**» قەدىمدىن تارتىپلا **ئۇيغۇر** خەلقىگە تەئەللۇق مۇقەددەس ئانا ماكان، زېمىن بولغان ئىدى.

بۇ بىپايان زېمىندا ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن بۈيۈك «ئوغۇز ئىمپېرىيىسى» بۈيۈك «كۆكتۈرك قاغانلىقى»، «**ئۇيغۇر** ئىدىقۇتلۇقى»، «ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسى»، «ئاق ھون ئىمپېرىيىسى»، «**ئۇيغۇر** قاراخانىيلار دۆلىتى»، «سالجۇقلار سۇلتانلىقى»، «سەئىدىيە خاندانلىقى»، بۇخارانى ئىشغال قىلغان قاراخانىيلارنىڭ «خارەزىم شاھلىرى دۆلىتى» ۋە باشقىلار **ئۇيغۇر** شاھلىرى، **ئۇيغۇر** خاقانلىرى، **ئۇيغۇر** دۆلەتلىرى بولۇپ، تارىختا ئۆچمەس شانلىق ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى.

گەرچە دۆلىتىمىزنىڭناملىرى تارىخ شارائىتلىرىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ ھەرخىل ئاتالغان بولسىمۇ، تۈركى تىللىقلار مەنپەئەتى ئورتاق سانىلىپ دەۋر سۈرگەن مەزگىل بولسىمۇ، ئۇ دۆلەتلەرنىڭ بارلىقى **ئۇيغۇر** دۆلىتى ئىكەنلىكىنى، **ئۇيغۇر** دېگەن نامنىڭ چاقناپ ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىپ تۇرغىنىنى ئوچۇق كۆرۈپ ئالالايمىز!

دېمەك، بىز تارىختىن بېرى **ئۇيغۇر** دېگەن نامىمىزدىن تېنىۋالماي ئۆزىمىزنى ئالەمگە تونۇتۇپ كەلگەن ئىدۇق!!!

1877- يىلى مانجۇ خىتاينىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئىشغالىيىتىدىن كېيىن، 1884- يىلى 11- ئاينىڭ 18- كۈنى مانجۇ خىتاي ئارمىيە قوماندانى زوزۇڭتاڭ ئارقىلىق ۋەتىنىمىزگە «شىنجاڭ» دېگەن ئات مەجبۇرى تېڭىلدى...

9-12- ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان «قاراخانىيلار **ئۇيغۇر** دۆلىتى»، «تۈركىستان» دەپ تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر بىرلەشكەن ئورتاق مىللەتلەر مەنپەئەت ھوقۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئاتالغان ئىدى.

1048- يىلىغا كەلگەندە ئۇزۇن ھۆكۈم سۈرەلمەي ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. غەربىتىكىسى «غەربي تۈركىستان» شەرقتىكىسى «شەرقي

قىلىش ئىدىغۇ؟ بولمىسا بىز ئۇلارنىڭ دۆلەت قانۇن-تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق قىلمىدۇق قارشى چىقمىدۇق. پەقەتلا ئۆزىمىزنىڭ كالتە پەم خىيالپەرەسلىك خاراكتېرىمىزدىن قۇتۇلالماي تېخىچىلا ئۇلارنى «ش تۇ» ۋەكىللىرى دەپ ساناپ قېرىنداشلىقىمىزنى بىلدۈرمەكچى بولغان بولساقمۇ، بۇگۈنكى زامان تەلىپى ئۇنىڭغا موھتاج ئەمەسلىكىنى دەلىللەپ قويىدى؟ بىز بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەمدىلا تەمتىلەپ مېڭىپ پۇتىدا مۇكەممەل تۇرالمايۋاتقان بالىلىق دەۋرىدە، ئۆزىنىڭ پۇتىدا مۇكەممەل تۇرۇۋېلىشى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىق چۈشىنىشكە تىرىشىمىز.

بۇ قېرىنداشلىق مەسىلە ئۈستىدە مېنى قاتتىق ئويلاندۇرۇپ ھەيرانلىق ئىلكىگە كۆمۈپ تاشلاپ كېلىۋاتقان ئەھۋال بولسا، تۇغۇلغاندىن بېرى ئاڭلاپ ئىخلاس قىلىپ كېلىۋاتقان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ باش پاناھى سانىلىپ كېلىۋاتقان تۈركىيە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنى ئاتا تۈرك دەپ ئاتاپ ھۆرمەتلەيدۇ دېگەنگە ئوخشاش ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپ ئىناۋىتىنى يوقىتىپ قويغان بۇ يېقىملىق سۆزلەر، بىزنىڭ قەلبىمىزدىن ئورۇن ئېلىپ ئىنتايىن ئىجابىي تەسىرلەرنى قالدۇرغان ئىدى؟ ئەگەر گەپنى ئاۋۇۋىتمىساق بۇ تۈتامى يوق ئەپقاچتى سۆزلەرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىگە ھەممىمىزگە ئايان بولسا كېرەك؟

تۈركىيە بىزنىڭ باش پانايىمىز، ئۇلار ئۈچۈن بىز ئاتا تۈرك تۇرۇپ، بىرمۇ **ئۇيغۇر** مەكتىپىنىڭ يوقلۇقى بەكمۇ چۈشىنىكسىز، ئىنتايىن ھەسرەتلىك!؟... ياكى بۇ مەسىلىنىمۇ خىتاينىڭ بېسىمى دەپ چۈشىنىشكە بولامدۇ؟ ھەيرانمەن! مەيلى شۇنداق بولسىمۇ، بىز تۈركى تىللىق قېرىنداشلاردىن قېرىنداشلىق رىشتىمىزنى ئۈزمەيمىز ھەم ئۇلاردىن رەنجىپ كېچىپ كەتمەيمىز، كەڭ قورساقلىق بىلەن توغرا ئاڭلىق چۈشىنىشكە ئىنتىلىپ كۆرىمىز؟ (ھەتتا 33ـ 44ـ يىللاردىكى مۇستەقىللىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ، قوللىمىغان بولسىمۇ) ھەرقانداق مىللەت ئۆز دۆلىتىنىڭ قۇدرەتلىك بولۇشى ئۈچۈن، مەنپەئەتنى ئۈستۈنلۈككە قويۇش يۈكسەك ئاملارنىڭ بىرى دەپ سانايدۇ. شۇنىڭ

تارىخىمىزدا يەنە پاجىئەلىك داغلارنى قالدۇرغانلىقى ھەممىگە ئاياندۇر! بىز يەنە ئالدانادۇق؟!

بۇ مەزگىلدىكى «ش تۈ» دۆلەت رەھبەرلىرى، ھەربىي قوماندانلار، مىللىي ئارمىيە تۈركىي تىللىق ھەم ۋەتەنداش مىللەتلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ نام ئەلۋەتتە باشقىچە ئەمەس «ش تۈ» دەپ ئاتىلىشى ئەڭ مۇۋاپىق ھەم شۇنداق ئاتىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت ھېسابلانغان ئىدى؟!

بۇ ئىككى قېتىملىق قىسقا مۇددەت ئىچىدە پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەر بىلەن يوققا چىقىرىلغان تارىخلىرىمىزدىن باشقا ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈم سۈرۈپ، دۇنياغا تونۇلغان پولاتتەك ئاساسلارغا ئىگە تارىخلىرىمىزغىمۇ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، نەزەر سېلىپ دىققەت-ئېتىبار بېرىشىمىز ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە ھەم ئەھمىيەتلىك ئىستىقبال يولى ئىدى.

دېمەكچىمەنكى، شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىزيەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ئادىل ھەم ساددا خىسلىتىمىزدىن ئايرىيالماي، تۈركىي تىللىق قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن موھتاج بولمىغان ھەم ئۇنىڭغا قارشىلىق پوزىتسىيىسىدە تۇرۇۋاتقان ئىككىنچى بىر دۆلەتنى يەنى ئورتاق مىللەتلەر دۆلىتى «ش تۈ» جۇمھۇرىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز دەپ، ئۆز زېمىنىمىزدا قۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ چىڭقىلىپ كېلىۋاتساقمۇ، ئەپسۇسكى، بۇ ئادىل ۋاپادار ساددا خىسلىتىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن چۈشىنىكسىز توسالغۇلۇق قارشىلىقلارغا دۇچار بولۇپ كېلىۋاتىمىز؟

بىزنىڭ چۈشەنچىمىز بويىچە، ۋەتەن ئىگىلىرى قېرىنداشلىرىمىز بولغان تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، تەشكىلاتلىرىمىزنىمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قۇرۇپ كۆرەش قىلىشىمىز زۆرۈر ئىدى؟! بىراق ئۇلار قوشۇلمىدى، ھېچبولمىغاندا قوللاپ قويۇشنىمۇ خالىمىدى؟

نېمە ئۈچۈن؟ كۆتۈلمىگەن بۇ تەساددىپى ھادىسىنى ئويلاپ كۆرەيلى!

ئۇلارنىڭ ئالدىدا گۇناھىمىز نېمە؟ ئۇلارنىڭمۇ مەنپەئەتى بولغان ئورتاق مىللەتلەر دۆلىتى «ش تۈ» ئۈچۈن بىرلىشىپ كۆرەش

ئۇچۇن قويىنىنى كەڭ ئاچقان، ئەڭ قەدىردان مېھرىبان ھەقىقى باش پانا قىرىندىشىمىز ئىكەنلىكى، دەلىلسىز پاكىت بولۇپ تۇرماقتا! ئەمدى بىزنىڭ تۇتقان پرىنسىپىمىز ئەمەلىيەتتىن خۇلاسە چىقىرىشتۇر!

يۇقىرىدا ئاساسلىق تېمىمىز «شەرقىي تۈركىستان» ھەققىدە توختىلىپ كەلگەن يەردىن داۋاملاشتۇرىمىز.

«شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ، شەرقتىكى تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئورتاق دۆلىتى دېگەن مەنانى بىلدۈرگەنلىكتىن، ھېچقاچان، ھېچيەردە بىر ئەلگە ياكى يالغۇز بىر مىللەتنىڭ نامىغا كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقىنى روشەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. بۇ نام «غەربىي تۈركىستان» مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە زامان تەلىپىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئۇلارنى قوللاپ قويۇلغان ئادىل نام بولغان ئىدى. غەربىي تۈركىستان ئاللىقاچان مەۋجۇت ئەمەس! ئۇنىڭ ئورنىغا بەش دۆلەت ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇپ، دۆلىتىنىڭ نامىنى ئۆز مىللىتىنىڭ نامى بىلەن ئاتاپ، مىللىتىنىمۇ غەربىي تۈركىستان دەپ ئاتىماي ئۆز نامىدىن تېنىپ ئالماي ئاتاپ ئالغا سۈرۈپ تەرەققىي ئېتىپ كەلمەكتە.

مۇندىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولغان چۈشەنچەم بويىچە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام قان-تومۇر ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كەتكەنلىكىدىن، ئۇنى ئاڭلىسام قەلبىم روھلۇق ھاياجانلىنىپ خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغماي قالاتتى.

مەن كۆپىنچە بۇ ئىنقىلابقا قاتناشقان ئوفىتسىرلەر بىلەن بولغان سۆھبەتتە، ئۇلارنىڭ بۇ تارىخ جەريانلىرىنى ئوخشاشلا بىر خىل كۆزقاراشتا، ھەسرەتكە تولغان پۇخان نادامەتلىرىنى قانلارنى يۇتۇپ پۇشايمان بىلەن سۆزلەپ بەرگەنلىرىنى ئىنتايىن دىققەت بىلەن قىزىقىپ ئاڭلاپ تۇراتتىم. شۇنىڭ ئۇچۇن خىياللار دېگىزىدىن چىقالماي قىيىنىلاتتىم.

بىزنىڭ بۈگۈنكى ۋەزىيەت شارائىت تەلىپى قەتئىي ئۆتكەن زامان تەلىپىگە مۇتلەق ئوخشىمايدۇ. سىياسىي ئېقىم ۋەزىيىتىنىڭ تەلەپ تەقەززاسى بىلەن ئۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بولۇپ يۈكلىنىۋاتقان تەشنالىق

ئۈچۈن ئۆزىگە سەلبىي تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋە مەنپەئەتدار بولمىغان ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە قېرىنداشلىقتىن يۈز ئۆرۈش ئەمەلىيەتكە ئايلاندى؟

بۇ دىنداش ھەم قېرىنداش دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىك مەنپەئەتىنى قوغداپ قېلىش بەدىلىگە، پانا ئىزدەپ چىققان قېرىنداشلىرىمىزنى قۇربان قىلغان بولسىمۇ، بىز توغرا چۈشىنىشكە تىرىشتۇق؟! بۇ ساۋاقلار بىزنى باشقىلاردىن تەمە قىلىش، مەدەت تىلەشكە ئوخشاش پارازىت خاراكتېرىمىزدىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە ئىنتايىن ياخشى تۈرتكە بولدى! بىز بۇ يەردە ئۇلارغا قارشى چىققانلىقىمىزنى ئىپادىلىمەكچى ئەمەسمىز، پەقەتلا ئىسلامنىڭ تەكلىپلىرىدىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرمەكچى بولىمىز! ئۇلاردىن ۋاپادارلىق كەلمىسىمۇ زىيانكەشلىك قىلمىسىلا بولدى ئەمەسمۇ؟

قىممەتلىك ۋەتەن ۋەكىللىرى قېرىنداشلىرىم! بۇ چەكسىز تارىخى جەريانلار بىزنى يېقىملىق تەشۋىقلارغا ئىشەنمەس ۋە ئالدامچىلىققا ئالدانماس ھەم يولدىن ئازمايدىغان قىلىپ چېنىقتۇرۇپ تەربىيلەپ قويدى!

ئۇنىڭ نەتىجىسى پەقەتلا ئۆزىمىزنىڭ يۈكسەك ئىرادىسىنى كۈچلەندۈرۈشتىن باشقا يولنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتىغۇ. ئەزىز جېنىم قېرىنداشلىرىم! قېنى ئەمسە، ئەمەلىيەتتىكى رېئاللىققا بىر ئاز نەزەر سېلىپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ باقايلىچۇ!

دۇنيادىكى 204 دۆلەتنىڭ ئىچىدە قايسى دۆلەت بىزگە يار-يۆلەك بولالىدى؟ ھەممىمىزگە ئايانكى، قازاقىستاندا 70 تىن ئارتۇق **ئۇيغۇر** مەكتەپلىرى، **ئۇيغۇر** تىياتىرى، ئۇيغۇرچە گېزىت مەتبۇئاتلىرى، ئاڭلىتىشلار، ئىنستىتۇتتىكى **ئۇيغۇر** فاكۇلتېتلىرى، قازاقىستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن ھەرخىل ساھەلەردىكى زىيالىي ئالىم ئەرباب ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قازاقىستاننى گۈللەندۈرۈشتە قوشقان تۆھپىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش **ئۇيغۇر** جامائەتچىلىكىدە مۇھىم بولغان پائالىيەتلەرگە يول قويۇلۇشى، بۇ بىر قۇرۇق چىرايلىق ياسالما سۆز بولماستىن، بەلكى ئەمەلىيەتتۇر! دېمەك، قازاق خەلقى **ئۇيغۇر** خەلقى

بىز نېمىدېگەن دانىشمەن خەلق ھە؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئاغزىمىزدا پو ئېتىپ تىلىمىز بىلەن ۋەتەن ئازاد قىلىپ كېلىۋاتقان بىلىمدانلىقىمىزغا ئەمدى توسالغۇلۇق قىلىش ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك!؟

بۇ ھەقتە ئەلىشىر ناۋايى: «بىلىمدىن لاپ ئۇرۇش ئەسلى نادانلىق-نادانلىقىڭنى بىلسەڭ شۇنىڭ ئۆزى بىلىمدانلىق» دەپ چۈشەندۈردۇ.

«شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇ بىر مىللەتنىڭ نامى ئەمەس ھەم بىر مىللەتكە كاپالەتلىك قىلالايدىغان نام بولماستىن، شۇ زامان شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇپ قويۇلغان جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولغانلىقتىن، باشقا مىللەتلەر ئۇ ئاتالغۇنى، ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئىشلىتىپ كەلمەكتە. مىسال:

يەنى «شەرقىي تۈركىستان»نى تۈركىيە «دوغۇ تۈركىستان» دېسە، ئەرەبلەر «تۈركىستان ئەششەرقىيە» دەپ ئاتايدۇ. گېرمانىيە «ئېرىستارىن تۈركىستان» دېسە، ئىنگلىز تىللىقلار «ئېستېرىن تۈركىستان» دەپ ئاتايدۇ. رۇسلار «ۋوىستوچنىي تۈركىستان» دېسە، خىتايلار «دوڭ تۈرچىستان» دەيدۇ. قازاقلار «چىغىس تۈركىستان» دەيدۇ. بىزدىن باشقا دۆلەتلەر نامىنى تەرجىمە قىلماي ئۆز پېتىچە قازاقىستان، پاكىستان، ئۆزبېكىستان، ياپونىيە، فرانسىيە، تۈركىيە دەپ ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتمەي ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئاتايدۇ.

ئەگەر سىزدىن «بۇ كىمنىڭ ئۆيى» دەپ سورىسا «ئەمەتنىڭ ئۆيى» دەپ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ جاۋاب بېرەمسىز ياكى مەھەللىنىڭ ياكى شەھەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ قەشقەرنىڭ، غۇلجىنىڭ ئۆيى دەپ جاۋاب بېرەمسىز؟ ياكى خىتاينىڭ غەربىي دىيارىنىڭ ئۆيى دەمسىز؟ مېنىڭچە ئۇيغۇرنىڭ زېمىنى دەپ ئىگىسىنى ئاتاپ جاۋاب بەرگىنىمىز ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلەمدىكىن دەپ ئويلايمەن. مۇمكىن قەدەر بۇ مەسىلىنى كەڭ قورساقلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ چۈشەنمىسەك ياخشى بولاتتى؟

ۋەتەن دېگەن ھەرگىزمۇ جۇغراپىيىلىك مەنىدىكى زېمىن بولماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخى كۆرۈنۈشكە ئىگە، بىر مىللەتكە

ۋەزىپىسى، مېنىمۇ مۇبارەك ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى ئۆز مىللىتىمىزنىڭ مۇقەددەس شانلىق نامى بىلەن «ئۇيغۇرىستان» دەپ ئاتاشقا قايىل قىلالىدى. زامانىنى چۈشەنمەي ياشاش يولدىن ئازغانلىق ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىپ ئالالىدىم!؟

ئەسلىدە ۋەزىيەت بىزنىڭ تەرسالىقىمىزغا ھېچقاچان بويسۇنمىغانلىقتىن، بىز زامانغا بويسۇنۇپ ئۆچمەس تارىخلارنى ياراتقان ئىكەنمىز، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ھەر بىر ئەقلى بار ئىنسان، ئۆز ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى ۋە ئۆز زامانىنى تولۇق ياخشى چۈشىنىشى لازىم!!!» دېگەن ئىدى.

بۇ يالقۇنلۇق ئۆچمەس سۆزگە 1400 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە قىلچىلىك ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان ھەم تا ئەبەدكە يوقاتمايدۇ. ئەگەر بۇنى مەشئەل قىلىپ، ماھىيىتىنى ھاياتىمىزغا سىڭدۈرۈپ كۆرگەن بولساق، بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىپ بارغان مەنىسىز ئۆمرىمىزنى ئەۋلادلارغا ئامانەت قالدۇرمىغان بولار ئىدۇق. بۇنىڭغا ئىقرار قىلىپ توغرا چۈشىنىپ ئالساقلا شۇنىڭ ئۆزى چوڭ غالىبىيەت ھېسابلىناتتى.

ئامال قانچە ھەممىمىز دانا. بەزىبىر غەيرى كۆزقاراشتىكى قېرىنداشلىرىم ھېچقانداق رامكىغا سىغمايدىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرۇپ قويماقتا. يەنى ئاللاھ بىزگە قويغان ئەھمىيەتلىك نامىمىز تۈرك، ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرلارنىڭلا زېمىنى ئەمەس، تارىختىن بىز بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئورتاق ۋەتىنى دەپ جۆيلۈيدىغانلار ئۇچراپلا قالماستىن، بەلكى مەتبۇئاتلاردا ئۇچۇق ئېلان قىلىپ مۇزىكىسىز ئۇسسۇل ئويناشلىرى قىزىق بولغاندىمۇ ئالامەت بىر قىزىق گەپ بولۇۋاتىدۇ؟؟؟

نېمە ئۈچۈن باشقا تۈرك تىللىقلار مىللىتىم تۈرك دېمەيدۇ؟ دۆلىتىنى غەربىي تۈركىستان دەپ ئاتىماي ئاللاھ قويغان نامى بىلەن قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تۈركمەن، تاتار دەپ ئاتايدۇ؟ بەلكىم ئۇلارنىڭمۇ ئەقىل-پاراستى بىز بىلەن باراۋەر سەۋىيىگە يەتكەندە مىللىتىنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ قىلماي، بىزگە ئوخشاش... ئاتاشنى ئۆگىنىۋالامدۇ؟

ئەمەلىيەتتە ئۆي سېلىشنىڭ ھازىرلىقىنى ئۆيىنى سالماي تۇرۇپ قىلىمىز، توينىڭ ھازىرلىقىمۇ شۇنداق، قىشنىڭ تەييارلىقىنى يازدا قىلىمىز، ناماز ئوقۇش ئۈچۈنمۇ تاھارەت ئېلىپ تەييارلىق كۆرۈپ ئاندىن ئوقۇيمىز.

ۋەتەن ئازادلىقى تەييارلىقىنىمۇ، ۋەتەن ئازاد بولماستا قىلىمىز. بىز ھازىر خۇددى بىر جەڭدە قان تۆكۈپ چولىمىز تەگمەيۋاتقاندەك، ئەڭ ئاساسلىق بىرىنچى پەلەمپەيگە دەسسىمەي تۇرۇپ، ئاخىرقى پەلەمپەيگە سەكرەيمەن دەپ جار سېلىشىمىزنىڭ ئاقىۋىتى نەتىجىسىز ئىنتىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن، بۈگۈنكى ھالىتىمىز ئۇنى دەلىللەپ كەلمەكتە. مانا بۇ ئەھۋال خىتاينىڭ خاتىرجەم يېلىنىز تارتىشى ئۈچۈن تېخىمۇ قۇلايلىق شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىپ كېلىۋاتقىنىغا قايىل بولۇش بىز ئۈچۈن مۇرەككەپ مەسىلىگە ئايلىنىپ كەلمەكتە؟

دۇنيا ئالىملىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى يۇكسەك پەللىگە يەتكەندە نېرى ماڭىدىغان يول توگەپ قېلىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانغا ئوخشاش، ھەرقانداق تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالىغان كىشى ئەقلىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن «ئۇيغۇرىستان» دەپ ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشى قانۇنىيەت ھەم ۋەزىيەت ئىسپاتلاپ كېلىۋاتقان ھەقىقەتتۇر. چۈنكى مەن ئۆزۈممۇ ئېيتىپ توگەتكۈسىز شۇنداقلا تەرسا قالاق ئىدىم.

بۇ ئەسەرنى **ئۇيغۇر** غۇرۇرىڭىز بىلەن چۈشىنىشنى خالىسىڭىز، سىزدە تۇغۇلغان ھەرقانداق پىكىرگە قىسقا مەزمۇنلۇق قىلىپ جاۋاب بېرىلدى. ئېرىنمەي ئوقۇپ چىقىڭ! ئەگەر سىزنىڭ تەبىئىتىڭىزگە ئۇمۇ توغرا كەلمىسە، ماۋ زېدۇڭنىڭ روھىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ھۇجۇمغا چىقىشقا ئالدىرىماي، ھېلىقى دوپپىڭىزنى ئالدىڭىزغا ئېلىپ قويۇپ، ئىسلامنى ئاساس قىلغان ھالدا چوڭقۇر ئويلىنىپ تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭ!؟

بىز تېخىچە ئۆزىنىڭ ماھىيىتىگە خاس مۇناسىپ نام قويالماي

تەئەللۇق مەنىۋى روھتۇر. ئەجەبا، بارلىق دۆلەتلەر تارىختىن كۆپ مىللەتلەر بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن بولسىمۇ، دۆلەتنىڭ نامىنى ئاتاشقا كەلگەندە كەڭ قورساقلىق قىلمايدىكەنغۇ؟ ياكى بۇ ئەھۋال مىللەتچىلىك ھەم ئەقىلسىزلىككە ياتامدۇ؟ ئەلۋەتتە ياق. بۇ مەسىلە ۋەتەن دەۋاسىنى قىلىۋاتقانلارنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ئۆلچەپ باھا بېرىدىغان تارازادۇر دەپ قارايمىز!!!

زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئەسىرلەر بويى ۋىجدانىنى غاجىلاپ كېلىۋاتقان ئالدانغان ئازابلارنى ئاز دەپ **ئۇيغۇر** دېگەن سەلتەنەتلىك نامىمىزغا ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىمىزنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، تاجاۋۇزچىنىڭ رولىنى ئوينايمىز، سەۋەبى نېمە؟ مەلۇمكى، ھەر ئىككى شانلىق تارىخىمىز ئالدانغان داغلىق گۆدەك ئاساسقا ئىگە بولۇشى بىلەن ئۆز ۋاقتىدىمۇ ھېچقايسى دۆلەت قوللىمىغان ھەم ئېتىراپ قىلمىغان ئىدى؟! ئەپسۇسكى، تارىخلىرىمىزدا خانلىقلارنى قۇرۇپ ئالەمگە شەۋكىتى تارىلىپ دۇنيا ئېتىراپ قىلىپ تونۇلغان پولاتتەك ئاساسلارغا ئىگە ئەجدادلار مىراسلىرى بىزنىڭ ئەمەسمىدى؟ ئۇ تارىخلارنى ئۇزاق تارىخ سۇپىتىدە يادلىۋېلىپ ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئېتىبار بەرمىسەك... بۇ ئەقىل قانداق رامكىغا سىغىشى مۇمكىن؟ ئەگەر بۇ ئەمەلىيەتتىكى رېئاللىققا قوشۇلۇشنى خالىمىسىڭىز، «شەرقىي تۈركىستان» ھەققىدە ئىلمى يوسۇندا بىرەر تەتقىقات چۈشەنچە بولسىمۇ بېرىپ باقامسىز؟!

ئۇنىڭ ئۈچۈن تىل-ئەدەبىيات ماھىرلىقىڭىزنى ئىشقا سېلىپ چىڭقىلىپ باقسىڭىزمۇ، ئۇ بىھۇدە ئەمگەك نەتىجىسى تارىخنىڭ ماھىيىتىنى پەدەزلەپ كۆرسىتىشكە ئورۇنغانلىق ھەم تەرسالىققا دەلىل كېلىۋاتقىنى، بىز ئوقۇپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ئەمەلىيەتتۇر.

بىز كېچىكتۈرۈپ قويۇشقا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم باسقۇچ بىرلىكنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنۇمسىز مەسىلىلەر ئۈستىدە تىپىرلاپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ قالدۇق. بۇ پىلانسىز ئەمگەك پارلاق يولىمىزنى توسۇپ كېلىۋاتسا، مىللەتنىڭ ئاددىي بىر ۋەكىللىك سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىنمۇ؟

ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن! ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا دىلى بىلەن قارشى تۇرسۇن! دىلى بىلەن قارشى تۇرۇش ئىمانىنىڭ ئەڭ ئاجىزى» دەپ تەرىپلەيدۇ.

كۆپ مىللەتلەر تەرەققىيات ئىلغارلىق جەھەتتىن بىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، لېكىن **ئۇيغۇر** بولۇپ تۇغۇلغىنىمغا ئاللاھقا چەكسىز رازىمەنچىلىكىمنى بىلدۈرۈپ كېلىۋاتىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قاقشاپ زارلىنىۋاتىمەن.

ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى «ئەل-ۋەتەن يولىدا بەدىنىڭگە ئوق تەگسە ئۇ ئوقنى دۆلەت باغچىسىدىن ئۈچۈپ كەلگەن بەخت قۇشى دەپ بىلگىن» دېگەن ئەمەسمۇ؟

مەن جاندىن ئەزىز كۆرۈدىغان مىللىتىمنى ئۆز نامىغا خاس گۈزەل ئەخلاق ئىللەتلىرى بىلەن ئىناق، ساغلام روھلۇق، ئىبرەتلىك، ماختىنىشقا ئەرزىيدىغان خىسلەتلىرى بىلەن كۆرۈشكە تەشنا بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىپچىنىشلىق قايغۇ ھېسسىياتىدا قىلىنغان ئەجرىم مىللەتنى ئەيىبلىگەنگە ياتمىسا كېرەك. چۈنكى ئالىملار ھېكمەتلىرىدە «كەمچىلىكنى تونىمىغانلىق، خۇدانى تونىمىغانلىق، كەمچىلىكنى تونۇپ ئۇنى تۈزەشكە ئىنتىلىش دانالارغا خاس ئىللەت، ئۇنى يوشۇرۇش نادانلارغا خاس ئىللەت» دەپ ئېيتىلغان سۆزلەرنىمۇ ھاياتىمىزغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ دېمەكچىمەن!؟

يېقىنقى بىر سايلامدا «شەرقىي تۈركىستان» ئىگىلىرى سانىلىپ كېلىۋاتقان قېرىنداش مىللەتلەر ئۆزئارا داھىيلىق تالىشىپ خېلى چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى. قاياقتىندۇر ھىمىشەم «شەرقىي تۈركىستان» دەپ جار سېلىپ كېلىۋاتقان لىدىر ئەپەندىمىنىڭ ئۇيغۇر قېنى ئۇيناپ كېتىپ قالغان چېغى «ئۇيغۇردىن باشقا مىللەت چىقىپ كېتىڭلار!» دەپ تىلى چىقىپ قالغىنىغا ئاجايىپ بىر تەۋرىنىش، تەساددىپى بىر ئىش يۈز بەرگەندەك بىلىنىپ كەتكەن ئىدى.

بۇ مىللىي غۇرۇر ۋىجدان بىلەن ئېيتىلغان سۆزنى «شەرقىي تۈركىستان» دېگۈچىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتماقچى بولساق، بۇ

كېلىۋاتقان ئورتاق مىللەتلەر دۆلىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىزكەنۇ، ئۇ شېرىكلەر بىزنى ئېتىراپ قىلامسىمۇ «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالمىسىنى ۋەتەن دەپ ئاتاشنىڭ ئەھمىيىتى بولارمۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇستەقىللىق دەۋاسىنى قىلىمىز؟ ئەلۋەتتە ئۇزاق ئۆتمۈشتىن **ئۇيغۇر** مىللىتىگە خاس بولۇپ كەلگەن «ئۇيغۇرىستان» دۆلىتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟!

مەلۇمكى، بۇ ئاتالما شېرىكچىلىك قىلغان دەۋردىكى مەجبۇرىيەت سانالغان ئىدى. ھازىر ئۇ شېرىك ئوقەت قىلغان دوستلار دۇكان ئايرىپ چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار موھتاج بولمىغان تەشكىلاتلىرىمىزدا ئۇ زېمىن ئىگىلىرىدىن بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيدىغانلىقى قىزىق ئىش ھە؟ تەپەككۇر قىلىپ كۆرۈڭ!

ئادەم بالىسى ئازىدۇ، خاتالىشىدۇ، بىراق مىللىتىنىڭ نامىدىن تېنىپ ئېلىشقا قايسى يۈز، قايسى ئىنسانچىلىق قانداقمۇ چىدايدۇ، ھە؟ ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش بەكمۇ مۇرەككەپ ھەم ئېچىنىشلىقتۇر. ئەسلى پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە تومۇرىمىزدا جۇش ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان ئۇيغۇر قېنى يېڭىپ چىقىپ، بۇ قاقشاتقۇچ ئاقىۋەتلەرنى ئەلەملىك ھېس قىلالىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئەل-ۋەتەن نامىنى ئۆز نامىڭ بىلەن ئاتاپ ئادەتلىنىشنىڭ ھىدايەت تاپقانلىق ئەمەسمىدى؟!

دەرھەقىقەت، بۇ مەسىلە بىر گۇرۇپپا شەخسى قەھرىمانلارنىڭ ئۆز بېشى بىلەن كەتكەن بولسا، بۇنچىلىك باش قاتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يامان ئاتاقنى ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

ئەپسۇسكى، بۇ ھالاكەت بىر پۈتۈن ئۇلۇغ مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، جاندىن كېچىپ جەڭگە ئاتلىنىشقا توغرا كېلىپ قالدى. بۇ ھەقتە نۇرەلى قابۇل: «ئىنسان بىرەر قانۇننى بىلمىسە ئۇ ئەيىب ئەمەستۇر، ئەمما مىللىتىنىڭ دەردىنى بىلمىسە ئۇ ۋىجدانسىزلىقتۇر» دەپ ئېيتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس شېرىپلىرىدا: «كىمكى سىلەردىن بىر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن! ئەگەر

تەرك ئەيلىدۇق؟ ئۇ يەردە يەنى ئەجدادلار تەۋەررۇك قالدۇرغان زېمىندا، باسقۇنچىلار يانجىپ بۇلغاۋاتقان ئەجدادلارنىڭ مۇقەددەس مازارلىرى بار، ئەۋلادلارنىڭ گۈللىنىش ھاياتىنىڭ رىزقى بار. ۋەتەن دېگەن جان، ئىمان، ۋىجدان. ئۇ بىزنى باغرىغا بېسىپ ئۆستۈردى، ئۆلگەندىمۇ ئۆز قوينىغا ئالىدىغان مۇقەددەس تۇپراق بولۇشى بىلەن مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئانا ئىدىغۇ! سەن بولساڭ جەڭگىۋار جاسارەتلىك خانلار ئەۋلادى ئىدىڭ. نېمە ئۈچۈن بەختسىزلىككە دۇچار بولدۇڭ؟ ساڭا ئاپىرىدە بولغان نامرات ئىللەتلەرنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ داۋالاشقا جۈرئەت قىلالامسەن؟ نېمە ئۈچۈن ئۆتكەنكى ساناقسىز ھەقسىزلىك سۈيقەستلىرى ساۋاق بولۇپ قەتئىيلىكنى ئۆگىتىپ قويمايدۇ؟؟؟

ياق! سەن ھەرقانچە تەرسا بولساڭمۇ روھىمىز نادانلىقتىن دەپنە قىلىنىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتا ھەققىڭ يوق! چۈنكى ۋەتەن ئانا ئۆلمىدى ئۇ قۇشخانىدىكى مالدەك قىرىلىۋاتىدۇ. سەن ۋىجدان ئازابىدىن نومۇس قىلىشىڭ ئورنىغا، ھەرقانداق مەسىلىلەرنى ئۆزۈڭنىڭ سىياسىي كورلۇق مېيىپ كۆزقارىشىڭغا بويسۇندۇرىمەن دەپ نېمانچىلا جاھىللىق قىلىسەن ھە؟ قېنى سەندىكى ئەجدادلار خىسلىتى قەتئىيلىك ھەم ئەقىل-پاراستى؟؟؟

سەن بىر قول تۇرۇپ باشقىلار قىلغاننى دورايمەن دەپ ئۇلار بىلەن ئۆزۈڭنى قانداقمۇ تەڭ قىلالايسەن؟ جېنىم قېرىندىشىم! بۇنىڭ ئەشەددىي نادانلىق ئىكەنلىكىگە گۇمان تۇغۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟؟؟

ئۇيلىما، ۋەتەن يولىدا كۈرەش قىلىش كەم ئۇچرايدىغان ئالاھىدە بىر قەھرىمانلىق پەزىلىتى دەپ، ئۇ پەقەتلا ئىنسانلار يارالغاندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاددىيلا بىر ئادىمىلىكنىڭلار ئىپادىسىدۇر! چۈنكى ھايۋاناتلارمۇ ئۆز تېررىتورىيىسىنى قوغداپ باشقىلارنى كىرگۈزمەيدۇ ئەمەسمۇ؟؟؟

ھەربىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ ئەل-ۋەتەن يولىدا خىزمەت قىلغۇسى كېلىدۇ. لازىم بولسا جېنىنى قۇربان قىلىدۇ، لېكىن بۇ جان پىداكارلىق ئۈچۈن پايدىلىق بولغان توغرا يول بېجىرىم ساغلام ئەقىل ئەقىدىسى

ئەھۋال مىللەتچىلىك، بۆلگۈنچىلىك دەپ بايان قىلىنىپ كەلمەكتە. كۆردىڭىزمۇ خىتاينىڭ سىياسىي تەسىرى قانچىلىك كۈچلۈك ھە؟

ئەي ئۇيغۇر دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە ئىنسان! سەن ئۆز زېمىنىڭغا مىراسخورلۇق ھوقۇقىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن مىللەتچىلىك قىلمىساڭ، مىللىتىڭ ئۈچۈن قانداقمۇ خىزمەت قىلالايسەن، ھە!

خىتاي بۇ زېمىن ئۇيغۇرنىڭ دېگىنىمىز ئۈچۈنلا مىللەتچى، بۆلگۈنچى، تېررورچى دەپ جازالىسا، «شەرقىي تۈركىستان» دېگۈچىلەرمۇ ۋەتىنىمىزنى «ئۇيغۇرىستان» دەپ ئاتىغىنىمىز ئۈچۈن، بۇ مىللەتچىلىك بۆلگۈنچىلىك قىلغانلىق بولىدۇ دەپ دانالىق قىلىشى خىتاينىڭ ئەيىبلىشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقىۋاتقىنىنى قانداق چۈشەنسەك بولىدۇ!

بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تازا ۋىجدان ئىگىسى دېگىنىمىز بىلەن زارلىنىپ پەرياد ئۇرۇۋاتقان ئانىنىڭ مىللىتى «شەرقىي تۈركىستان» ئەمەس، 17 مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخ سەھىپىلىرىدە ئىز قالدۇرۇپ **ئۇيغۇر** ئاتىلىپ كەلگەن ئىدىغۇ! دېمەكچىمەنكى، ھەربىر غۇرۇر ئىگىسىنىڭ **ئۇيغۇر**، «ئۇيغۇرىستان» دېگۈچىلىك ئەقىل-پاراسەت بىلەن تىلى چىقسىلا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلاتتى. مىڭ ئەپسۇس، ئەي ئالىي نەسەب ئەۋلاد! جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىما! يەرگە قاراشتىن باشقا چارە ئەقىلسىزلىكنى يەنە دەلىللىگەن بولۇپ قالىدۇ!

«جانغا پاتتى قالاقلىق زۇلمەت، ياكى باستىمۇ بىزنى غەپلەت»، بۇ نادانلىق بولماي نېمە؟ ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىق كۆرۈنۈشى جىسمىدا ئەمەس، ئىنسانچىلىق ئەقىل ھەم غۇرۇرى بىلەن باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىنىدۇ. ھايۋانلارمۇ بىرەر خاتا ئىش قىلىپ قويسا، ھەرىكىتى بىلەن بولسىمۇ تۈزىتىش بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ھەققە باش ئەگمەسلىك نادانلارنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟

بىز ئۆزىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇماي تۇرۇپ، ياخشى ئىنكاس بەرمىگەن دۇنياغا ئۆزىمىزنىڭ چېچىلاڭغۇلىقىنى قايتا تونۇتماقچى بولۇۋاتىمىز، قىزىق ئىش... نېمە ئۈچۈن ۋەتەننى

ئايەت ھەم ھېكمەتلىك سۆزلەردىن كېيىن ماقالىنىڭ ئاخىرىنى يېزىشنىڭمۇ ھاجىتى بولمىسا كېرەك! كەچۈرسىلەر، سۆزىمىز ۋەتەن نامىنىڭ ئاتىلىشى توغرىسىدا كېتىپ باراتتى.

بىز كەلگۈسىدە بىرلەشكەن قۇدرەتلىك «تۈركىستان» دۆلىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە چوقۇم ئىشىنىمىز. ئۇنىڭ ئۈچۈن باسقۇچ جەريانلار تەلەپ قىلىنىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»نى باغدات خەلىپىسىگە تەقدىم قىلىپ، كەلگۈسىدە تۈركلەرنىڭ دۇنياغا خوجا بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشىنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى، دېگەندەك ئارىدىن 4-3 ئەسىر ئۆتۈپ، ئوسمانلى تۈركلىرى ياۋروپا، ئاسيا، ئافرىقا ۋە پۈتۈن ئەرەبلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىدى.

بۇ تارىخنىڭ قايتىلاپ كېلىشىنى پۈتۈن دۇنيا ئالىملىرى بىردەكلا پەرەز قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدرەتلىك دۆلەتلەر، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۈرلۈك رەڭۋازلىق سىياسىي يوللار بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى خەتەرلىك دەپ ساناپ، قەد كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى باستۇرۇپ يول قويماسلىقانلىقى كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقتىن ھەر بىرىمىز بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىنتايىن چوڭقۇر ئويلىنىپ تەھلىل قىلىشىمىز لازىم؟!

مۇبادا، كەلگۈسىدە ھەقىقى بىرلەشكەن بۈيۈك «تۈركىستان» دۆلىتى ۋۇجۇدقا كېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا قېرىنداش دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتى بىلەن قوشۇلغانغا ئوخشاش، ئەلۋەتتە بىزمۇ زامان تەلىپىگە بويسۇنۇپ ئۆزىمىزنىڭ «ئۇيغۇرىستان» دۆلىتى بىلەن شۈبھىسىز ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرىمىز ئەمەسمۇ؟

بەزىلەر «ئۇيغۇرىستان» دەپ ئاتاش بىز بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان مىللەتلەر دوستلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتا ياخشى تەسىر قالدۇرمايدۇ، دېگەن خىيالى، ئەمەلىيەتكە قەتئىي ئۇيغۇن كەلمەيدىغان پىكىرنى قويماقچى بولۇشىدۇ.

بىغەشلىنىشى لازىم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز ئەڭ چوڭ پىداكارلىق ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەرنىڭ جان پىداكارلىق بىلەن قىلغان ھەرىكىتى مەنپەئەت ئورنىغا تۇگىمەس زىيانلاردىن باشقا ھېچقانداق بىر نەرسە كۆرستەلمىسمۇ، ۋەتەن دەۋاسى قىلماي يېتىۋېلىش كېرەكمۇ دەپ پەرۋانە ئۆزىنىڭ تەلۋىلىكىدىن ئوتقا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۆلگەندەك، بىھوش قىلىنىۋاتقان بىھۇدە ئەمگەك زىيانكەشلىك رولىنى ئويناپ كەلمەكتە!؟

بۇ ھەقتە خوجا ئەھمەد يەسەۋى: «بىھوش بىھۇدە نە دەرسەن، ئۆزۈڭنى ئالداپ ئەخمەق ئېتۇرسەن» پاھ بۇ سۆز بىز ئۈچۈن نېمدېگەن شىپالىق دورا ئىكەن ھە؟ ئەلىشىر ناۋايى: «نادان دۈشمەندە پايدىنىڭ ئىمكانىيىتى بار، نادان دوستتا زىيان ئىمكانىيىتى كۆپرەك» دەپ چۈشەندۈرگەن بولسا، ئاللاھ مۇنداق ئېيتىدۇ:

«بىلىمسىز ئادەم كىشلەرنى بىلىمسىزلىكى بىلەن ئازدۇرىدۇ. يامان ئەمەلى بىلەن ھالاك قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى كىشلەر ئارىسىدا يايىدۇ. بىلىمسىز ئادەم كىشلەرگە ياخشىلىق قىلدىم دەپ يامانلىق قىلىدۇ، مەنپەئەت يەتكۈزىمەن دەپ زىيان كەلتۈرىدۇ».[1]

«ئۇلار گېپىڭنى ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار چۈشەنمەسلىكتە پەقەت چاھار پايلارغا ئوخشاشتۇر! بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر».[2]

يەنە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد ئېيتقىنكى بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ».[3]

بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «كىشى غەپلەتتە قالغان بولسا ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن! دۈشمەن قىلمىغاننى ئۆزىنىڭ خۇي پەيلى قىلىدۇ. ئۇ دۈشمەنىنىڭ بۇ دۈشمەندىن نېمە پەرقى بولسۇن!؟» بۇ

[1] سۈرە ئەنئام 54 ـ ئايەت.
[2] سۈرە فۇرقان 44 ـ ئايەت.
[3] سۈرە زۇمەر 5 ـ ئايەت.

مۇنداق تەتۈرلۈك ھەم ساددىلىق دۇنيا يۈزىدە ھېچقانداق دۆلەتتە مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ئەھۋاللارنى دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەردىن، شۇنداقلا ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىن مىسال ئېلىپ ئەمەلىيەتتىن ئوچۇق كۆرۈۋالايمىز.

ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاددىي بىر نورمال ئەقىلگە ئىگە كىشىگە، مۇنچىلىك چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىنمايدۇ ھەم بۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئايدىڭ مەسىلىگە يۈكسەك ئەقىل-پاراسەتمۇ كەتمىسە كېرەك.

بىزمۇ خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش، زېمىنىنىڭ ئىگىسى «**ئۇيغۇرلار**» دېگەن مەنىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، ئەجدادلارنىڭ دۆلەت باشقۇرغان ھوقۇقىنى ئۆز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى دەپسەندە قىلماي، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم. ۋەتەن دېگەن ئۇ ئانا.

ئۇنىڭ نامىنى ئورتاق شېرىك قىلىپ ئالىدىغان تىجارەت ۋاستىسى ئەمەستە!

دېمەك، «ئۇيغۇرىستان» دەپ ئاتاش، ھېچقاچان ھەم ھېچقانداق قانۇندا، بىللە ياشاپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى ئېتىبارغا ئالمىغانلىق ياكى يەكلىگەنگە ياتمايدۇ. مىسال: قازاقىستاننى كۆپ مىللەتلىك قازاقىستان دۆلىتى دەپ ئاتايدۇ، ھېچقاچان پەقەتلا قازاق مىللىتىنىڭ دۆلىتى دەپ ھەرگىزمۇ ئېيتمايدۇ.

ئەمدى، ئۆزىمىزنىڭ كۆن چىققانىنى كۆرۈدىغان ئەزايىمىز چاتاق تۇرۇپ، كۈن چىقمىدى دەپ تالاش-تارتىش قىلىپ، زادى مېنىڭ راست دەپ تەرسالىقىمىزنى يېڭەلمەي، پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىپ قويۇپ زىددىيەتنى ئۇلغايتىۋەرسەك، بۇ مەسىلە ئاددىي بىر ئويىنىشىدىغان ئويۇن بولمىغانلىقتىن، بەلكى ئەل-ۋەتەنىنىڭ تەقدىر ئىستىقبالىغا باغلىق، مۇھىم ۋەزىپە بولغانلىقتىن ئۇنىڭ خۇلاسىسى ئاخىرقى ھېسابتا، مىللىي غۇرۇرىمىزغا بېرىپ تاقىشىپ قالىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىۋېلىشىمىز زۆرۈردۇر!

ئەگەر يەنىلا «ئۇيغۇرىستان» ياكى «ئۇيغۇرىيە» دېگەن نامنى ئەقىلسىزلىك دەپ سانىساق، ئۇ ۋاقتا، «شەرقىي تۈركىستان»

بىز ئەزەلدىن قېرىنداش ۋەتەنداش مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى مۇكەممەل ساقلاپ قېلىشنى ئاساس قىلىپ كەلگەن ئىدۇق، ئۇ بولسا بىزنىڭ ئايرىلماس تارىخى پرىنسىپلىرىمىزدۇر!

دېمەك، مۇستەقىل «ئۇيغۇرىستان»دا ۋەتەنداش مىللەتلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئوبلوسلىرى بىلەن خىتاي قولىدىكى «ش ئۇ ئا ر» تەركىبىدە ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل ئورتاق مەنپەئەتلىك «ئۇيغۇرىستان» تەركىبىدە تەڭ ھوقۇقلۇق ئەركىن ھايات كاپالىتىگە ئېرىشىپ ياشايدۇ ئەمەسمۇ!؟

كۆپلىگەن دۆلەتلەر مىللىتىنىڭ نامىنىڭ ئاخىرىغا «ستان» يەنى «زېمىن» سۆزىنى قوشۇپ ئىشلىتىدۇ. قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، ئۇيغۇرىستان دېگەنگە ئوخشاش ياكى بولمىسا «يە» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ ئىشلىتىدۇ، ياپونىيە، تۈركىيە دېگەنگە ئوخشاش. ھەر ئىككى قوشۇمچە ئارقىلىق ئۇ زېمىننىڭ ئىگىلىرى شۇ مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق ئاتاش ئىنتايىن مۇھىم ھەم ئادالەتلىك زۆرۈرىيەت بولغاچقا، شۇ دۆلەتتە بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان ۋەتەنداش مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ھېچقاچان، ھېچقانداق يەردە قەتئىي قارشى كەلمەيدۇ. ئۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن بىزگە ئوخشاشلا كۆپ مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىللە ياشاپ، ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن بىللە كۈرەش قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ھېچقايسى دۆلەت ۋەتەنداش مىللەتلەرنى ئاساس قىلىپ، بىزگە ئوخشاش باشقىچە ئاتىمىغان ھەم ھېچقاچان ئاتىمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھۆرمەت ھەم قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان تەتۈر خۇلاسە چىققىنى يوق! ئەكسىچە ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ تەڭ ھوقۇقلۇق ئەركىن ھاياتىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ كەلمەكتە. دېمەك، ھەربىر زېمىن ئىگىسى دۆلىتىنى پەقەتلا ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئاتاش، مىللىتىنى سۆيگەنلىكىنىڭ تەڭ ئالىيجاناب يۈكسەك ئىپادىسى بولىدۇ، خالاس.

«ئۇيغۇرىستان» دەپ ئاتاشتىن، يالغۇزلا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى، بىز بىلەن بىللە ياشاپ بىللە كۈرەش قىلغان باشقا مىللەت ئېتىراپ قىلىنمايدۇ، دېگەن تەتۈر ھەم ساددا مەنا چىقمايدۇ؟!

ئويلان ئۇيغۇر ۋىجدانىم! دانىشمەن قېرىنداشلىرىم! قېنى ئەمسە، بۇ مۇھىم مەسىلىلەر ھەققىدە، ئاڭلىق تۇردە مىللىي غۇرۇرىمىز بىلەن ساغلام چوڭقۇر ئويلىنىشىپ بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئانالىز قىلىپ كۆرەيلىچۇ. مەرھەمەت! بۇ بىر شەخسى كۆزقاراشنى تەشەببۇس قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى پۈتۈن بىر ئۇلۇغ خەلقنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ قايغۇرۇش ھېسسىياتى بىلەن، ئومۇميۈزلۈك بىر خىل ئىدىيىۋى كۆزقاراشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، زامان ھەم ئىسلام تەلىپىنى كۆزدە تۇتقاندىلا مۇستەقىل دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىق بولاتتى دېمەكچىمەن!؟

شوئارىمىز: مىللىتىمىز «**ئۇيغۇر**!!!» ۋەتىنىمىز «ئۇيغۇرىستان!!!»

ئەمدى «ئۇيغۇرىستان» توغرىسىدا دۇنيا ئۇيغۇرشۇناس ئالىملارنىڭ پىكىر ئىنكاسلىرىنىڭ بىر قىسمىغا مۇراجىئەت قىلىپ كۆرىمىز.

ئاتاقلىق پاكىستان تارىخچىسى مۇھەممەد ئىبنى ۋەلىنىڭ ئالتە توملۇق كىتابىنىڭ ئالتىنچى تومىنىڭ 227-بېتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى «ئۇيغۇرىستان!!!» دەپ تەكىتلەيدۇ. بايان قىلىنغان ماتېرىياللارغا نەزەر سالساق «ئۇيغۇرىستان!!!» دېگەن ئۇلۇغ نامنىڭ 1300 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. ئاتاقلىق ياۋروپالىق ئالىم فرانك تۈركىستاندا پەقەتلا «**ئۇيغۇر** خانلىرى» بولغان دېسە، ئاۋستراليىلىك ئالىم ئېدوئارد زاخار «قاراخانىيلار **ئۇيغۇر** دۆلىتى» دەپ تەكىتلەيدۇ.

رۇس ئالىملىرى: گىرىگورىيۋ، رادلوۋ ۋە مىللېرلارمۇ «قاراخانىيلار ۋەكىللىرى ساپ **ئۇيغۇرلار**» دەپ بىردەكلا تەكىتلەيدۇ.

ئامېرىكا ئۇيغۇرشۇناس ئالىمى شون روبېر تىس ۋەتىنىمىزگە قىلغان ئۈچ قېتىملىق سەپىرىدىن ئالغان تەسىرات ئىنكاسلىرىنى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنى ھەيران قالدۇرغان نەرسە، 70 يىل ھۆكۈم سۈرگەن س س س ر دا دىنى ئېتىقاد ئانچە كۈچلۈك بولمىغان 200 يىلدىن ئارتۇق خىتاي مۇستەملىكىسىدە بولغان **ئۇيغۇر** دىيارىدا، بولۇپمۇ خوتەن، قەشقەرلەردە ئىسلامغا بولغان ئېتىقادنىڭ ناھايىتى كۈچلۈكلۈكى بىردىنلا كۆزگە چېلىقىدۇ.» بۇ

دېگەنلەردىن باشقا پۈتۈن دۇنيا ئەقىلسىز دېگەن مەنا چىقىپ قالىدۇ. بۇ يەردە ئازراق بولسىمۇ، ھەقىقەتكە بويسۇنۇپ توغرا چۈشىنىشكە تىرىشىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەزىز ھەم قىممەتلىك قېرىنداشلىرىم!

ئەپسۇسكى، ئاڭسىزلىق كۆزقاراشلار تۈپەيلىدىن، تەرەپبازلىق كېسىلى قوزغىلىپ كېتىپ، ھازىرغىچە ئىدىيىۋى جەھەتتىن ھەقىقى بىرلىك بارلىققا كېلەلمەيۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەن قانۇنلۇق بىر تەشكىلاتمۇ تەشكىللىنىپ چىقالمايۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بىرلىك دۈشمەنگە ئوق ئاتقانلىق بولاتتى ئەمەسمۇ؟

خەلقىمىزنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلاپ چىقىش ھەم خەلقئارا تەسىرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بىر مەركەزنىڭ باشقۇرۇشى بىلەن ئورتاق ئۇلۇغ نىشانىمىز ئاستىدا، بىرلىكنى بەرپا قىلىش ئەڭ مۇھىم شەرتىمىز بولۇپ قالماقتا.

بىزتېخى، گۇناھنى ئارتىپ قويىدىغان جاي ئىزدەپ تاپالماي، ھەربىر تارىخنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يەر ئاستىغا كىرىپ كەتكەن ئەجدادلارنى ھەمجىم ياتقۇزماي، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىدىكى سەۋەبلەرنى خىيالى تۈردە توقۇپ چىقىپ ئەيىبلەپ ھەم رەنجىپ زادى زېرىكمىدۇق. ئۇلارنى ساغلام ئاڭلىق چۈشىنىشنى خالىمىدۇق. ئاڭسىزلىقىمىزدىن بوگۈنكى لىدرلەرنىمۇ كۆزگە ئىلماي قارىلاپ كېلىۋاتىمىز. ئۆزىمىزگە كەلگەندە مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلالماي، بىرەر مۆجىزە ياكى پايدىلىق بىر يېڭىلىق ياكى ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ۋە قىلغان ئىشىنىڭ بىر تامچىسىنى قىلالماي تۇرۇپ، نادانلىقىمىزدىن بىلەرمەنلىك قىلىدىغان چۈشىنىكسىز ئاجايىپ ماختانچاق بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالدۇق.

روھى دۇنيايىمىزدىكى نادانلىقتىن كېلىپ چىققان بىلەرمەنلىك، قالاقلىق كېسەللىرى بىلەن زەئىپلىشىپ كەتكەن نەپسانىيەتچىلىك قانائەتچانلىققا ئوخشاش كېسەللەر، چېچىلاڭغۇلۇقتىن كېلىپ چىققان ئېچىنارلىق ھالىتىمىز بىرلىشىپ، كۆتۈرەلمىسەكمۇ ساقايغىلىتۋال دېگەندەك، دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلۇپ، مۇكەممەل بىر خىل خاراكتېرلىك پسىخىكا قوماندانلىق رولىنى ئويناپ ھۆكۈم سۈرمەكتە.

خالىمايدىكەنمىز، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوچۇق ئايدىڭ ئەمەلىيەتكە كۆز يۇمۇپ ئالىدىكەنمىز، ئۇ دىنىي ھېسسىيات مىللىي غۇرۇرنى يوقاتقانلىق بولۇپلا قالماستىن، ئادىمىيلىك بۇرچىمىزنىمۇ يوقىتىپ قويغان بولۇپ قالىمىز؟

توغرا سۆز شۇنداق قوپال ئاچچىق بولىدۇ. ھەقىقەتكە خاپا بولۇشقا ئالدىراپ كەتمەي، ئاڭلىق ساغلام تۇردە خۇلاسە چىقىرىۋېلىشىڭىزغا ئاللاھ يار-يۆلەك بولسۇن ئەي ئۇلۇغ **ئۇيغۇر** پەرزەنتى!

ئېچىنارلىق يېرى شۇكى، بىز دۇنيا سورىغان ئىنسانىيەتنىڭ ئەجدادى بولغان مىللەت دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ئەلۋەتتە توغرا! تارىخنى ئۆگەنمەسلىك، ئۇنى تونۇماسلىق ئادىمىلىككىمۇ توغرا كەلمەيدۇ. بىراق بىزنىڭ ھازىرقى ئۇياتلىق تارىخىمىز چۇ؟ ئاغرىقنى يوشۇرساق ئۆلۈم ئاشكارا بولۇپ قېلىۋاتىدىغۇ. مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالساقمۇ، يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنماي، ئۆزىمىزنى ماختاپ، تېخى باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۆزىمىزنى تەڭ ساناپ، ئۇلار بىلەن بەسلىشىپ، جاھالەت، نادانلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغىنىمىز بىلەن كارىمىز بولماستىن، ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىش يولىنى ئىزدەشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىمىزنى ئالداپ كېلىۋاتىمىز؟!

ئەسلى بىزنىڭ نىشان ھەم غايىمىز تولىمۇ قىزىقارلىق، ئۇلۇغ ھەم مەنىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتى شەرەپلىك خۇشاللىق نەتىجىگە ئىگە بولۇش كېرەك ئىدى. ئويلان جەڭگىۋار قەيسەر خەلق ئەۋلادى! بىز مۇنداق بىر ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىمىزنى ئاز دەپ، قۇدرەتلىك ئىستىقبال قورالىمىز بولغان «**ئۇيغۇر**» دېگەن نامىمىزنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇنىڭدىن تېنىۋېلىپ، مىللىتىم تۈرك، ۋەتىنىم «شەرقىي تۈركىستان» دېيىشكە قانداق پېتىنىپ ئۇنىڭغا تىلىمىز كېلىدۇ؟؟؟

ئەگەر نەچچە مىڭ يىللىق تارىختا ئىگە شۇ نام بىلەن دۇنيادا شۆھرەت قازانغان «**ئۇيغۇر**» دېگەن نامىمىزنى يوققا چىقىرىپ كۆزگە ئىلماي ياراتمىساق، ئاللاھ رازى بولارمۇ؟ ياكى **ئۇيغۇر** دېگەن نام بىلەن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئەجدادلار بىزنى كەچۈرەرمۇ ھە؟ ياكى بولمىسا ئەۋلادلارنى مىللىتىڭ **ئۇيغۇر** ئەمەس ۋەتەنىمۇ سېنىڭ

ئالىمنىڭ ھەربىر سۆزىگە دىققەت قىلسىڭىز، ۋەتىنىمىزنى پۈتۈنلەي ھەممە يەردە قاملاشمىغان نامۇۋاپىق قانۇنسىز ناملار بىلەن ئاتىمايدۇ. پەقەتلا «ئۇيغۇر دىيارى»، «ئۇيغۇرىستان!!!» دېگەن ھەقىقى ئۆز ئېتىمىز بىلەن ئاتاپ ئىپادىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ چۈشۈرگەن ھۆججەتلىك فىلىمنىمۇ «ئۇيغۇرىستاننى كۆتۈۋاتىمىز» دېگەن جاراڭلىق ھەم شانلىق نام بىلەن ئاتىغان. ھەرقانداق چوڭ-كىچىك پائالىيەتلىرىدىمۇ، باشقىلارنىڭ غەيرى ناملار بىلەن ئاتىغىنىنى ئاڭلاپ كۆرۈپ تۇرۇپ، باشقىچە ئاتاشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇيغۇرلار توغرىسىدا يېزىپ چىققان كىتابىنىڭ نامىنى «ئۇيغۇرىستاننى كۆتۈۋاتىمىز» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. **ئۇيغۇرلار** توغرىسىدا يازغان بىرنەچچىلىگەن چوڭ ماقاللىرىنىمۇ «ئۇيغۇرىستاننى كۆتۈۋاتىمىز» دېگەن ماۋزۇدا يېزىپ چىققان.

ئۇيغۇرشۇناس ۋېنگىر ئالىمى «قەدىمى **ئۇيغۇرلار** بىلەن، ھازىرقى **ئۇيغۇرلار**، ئىنتايىن يىراقلىشىپ كەتكەن» دەپ قىسقا مەزمۇنلۇق خۇلاسە چىقىرىپ قويغان. ئۇيغۇرشۇناس رۇس ئالىمى «ئۇيغۇرلاردىكى ئىتتىپاقسىزلىق، باشقا مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئالاھىدە ئېغىر ئىكەن. ئەگەر بۇرۇنقى ئۇيۇشقاقلىق روھى بىلەن ئۆزىنى تەشكىللىيەلىسە روھىدىكى بۇ كېسەللەرنى چوقۇم داۋالاپ، پارلاق كېلەچەككە ماڭغان بولاتتى» دەپ ئەپسۇسلانغان. قەدىردان ئەزىز قېرىنداشلىرىم!

بۇ دەردكە تولۇپ-تاشقان يالقۇنلۇق سۆزلىرىمنى، ئالدىراپ ئوقۇپلا ئۆتۈپ قالماي، ھەربىر سۆزنىڭ ئاستىدىكى مەنىنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، پىكىر يۈرگۈزۈشلىرىڭلارنى ئۆتۈنۈپ ئىلتىماس قىلىمەن؟!

قېنى ئەمسە ئېرىنمەي ئەل-ۋەتەن قايغۇسى ئۈچۈن تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ كۆرەيلى. ئەگەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ۋە بۇ ئالىملارنىڭ ئەقلى يېتەرلىك ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادىن مەن ئەقىللىق دەپ مايلىشىپ يىرتىلىپ كەتكەن كونا مالخايىنى جاھىللىق قىلىپ تاشلىمىساق، ئۇ چاغدا «شەرقىي تۈركىستان» دەپ چىڭ ئېسىلىۋالساق بولىدۇ...

ئەگەر بىز بۈگۈنكى مەھكۇملۇق ھاياتىمىزدىن ۋاز كېچىشنى

خىجىل بولمايدىغان دانىشمەن ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەرلەرمۇ ئۇچرايدىكەن؟

توغرا، بىز خىتايغا ھېچقايسى دۆلەت ئېتىراپ قىلمىغانلىقتىن پۈت تىرەپ تۇرالمىغان، «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىنى ئەمەس، ئۇزاق تارىخلاردىن **ئۇيغۇر** مىللىتىگە تەئەللۇق تەۋەررۈك بولۇپ كېلىۋاتقان «ئۇيغۇرىستان!!!» زېمىنىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىمىزنى تارتقۇزۇپ قويغان ئىدۇق. قېنى ئەمسە بۇ رېئاللىقنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى؟؟؟

«شەرقىي تۈركىستان» ئاتالمىلىق دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ چىققىنىغا، بىز ئۈمىد قىلىۋاتقان قايسى بىر دېموكراتىك دۆلەتنىڭ قوللىشى ھەم ئېتىراپ قىلىشى مۇمكىنمىدۇ؟ ئۇنىڭغا قايسى دانىشمەن داھىچاقلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراستى كاپالەتلىك قىلالايدىغاندۇ؟ بۇ كۆز قاراشنى تەپەككۇر دېگەن نېمە؟ ھەم سىياسەت توغرىسىدا يېزىلغان تېمىدىكى جاۋابلار قانائەتلەندۈرەلمىسە، ۋۇجۇدىڭىزدا جۇش ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان قانىنىڭ ھەقىقى تازا ئۇيغۇر قېنى ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنسىڭىز، ئاللاھ كۆپنىڭ قاتارىدا ئۇ قانغا ھەم ئۇيغۇنىش نېمىتىنى ئاتا قىلغاي ئامىن!!!

قېرىنداشلار! بارلىق پائالىيەتلىرىمىزدە چىرايلىق سۆزلەرگە ئالدىنىپ، كەڭ قورساقلىق قىلىپ قاچان بۇرنىمىزغا يەيمىز؟

نېمە ئۈچۈن خىتايغا «**ئۇيغۇر**» دېگەن سۆز بىلە ئۆزى مەجبۇرى تاڭغان «شىنجاڭ» دېگەن سۆز يارىماي قالدى؟ **ئۇيغۇر** دېگەن سۆزلەر جاۋاب يېزىلدى ھەم يېزىلىدۇ.

«شىنجاڭ» دېگەن سۆزچۇ؟ چۈنكى ئۇنىڭ مەنىسىدىن «خىتاينىڭ يېڭى بېسىۋالغان زېمىنى» دېگەن مەنا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقتىن، يەنى لۇغەت تەرجىمىسى «يېڭى تېررىتورىيە»، «يېڭى زېمىن» دېگەنلىكتىن، بۇ سۆز ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچى ھەم باسقۇنچى ئەپتى بەشىرىسىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، تارىخلارنى بۇرمىلاپ ياساپ چىقىرىشقا چوڭ توسالغۇلۇق قىلماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى

ئەمەس، ئۇنىڭ ئىگىلىرى كۆپ مىللەتلىك «شەرقىي تۈركىستان» مىللەتلىرى دېگەن ئەقىدىنى سىڭدۈرۈپ تەربىيىلەش كېرەكمۇ؟ بۇ كەڭ قورساقلىق خىتايغا ساداقەتلىك قىلغان بولۇپ قالامدۇ؟ خىتاينىڭ دەل مەقستى ئەنە شۇ ئىدى. بۇ باسقۇنچى ئۆز زېمىنىمىزغا ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقىمىزنى يوققا چىقىرىش نىيىتىدە «ش ئۇ ئا ر» دېگەن نامدىن ۋاز كېچىشكە زورلۇق قىلماقتا. يەنى «**ئۇيغۇر**» دېگەن نامنى كۆزدىن يوقىتىپ «غەربىي دىيار» دەپ ئاتاشنى تەرغىب قىلىۋاتقان بۇ پەيتتە، بىزمۇ ئۇنىڭغا هېسداشلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ هەمكارلىشىپ، مىللەت نامىنى يوقىتىشقا هەسسىمىزنى قوشساق، قانداق ئاقىۋەتلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى؟

ئەي ۋەتەن ئىگىلىرى! خىتاينىڭ بۇ غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنىڭ قولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈردى. بۇ كادىر زىيالىيلىرىمىز «ش ئۇ ئا ر» دېگەن ئاتالما بەكمۇ ئۇزۇن، ئۇنى قىسقارتىپ «غەربىي دىيار»، «ئاپتونوم رايون»، «مىللىي رايون» دېسەكمۇ بولىۋېرىدۇ، ۋەهاكازا.

ئەگەر **ئۇيغۇر** دېگەن نام قوشۇلغان «ش ئۇ ئا ر» دېسەك بىز بىلەن تارىختىن بىللە ياشاپ كېلىۋاتقان مىللەتلەرنى ئېتىبارغا ئالمىغانلىق بولىدۇ، دەپ هاماقەتنىڭ كۆتۈرمىچىلىك گېپىنى ئاشكارا ۋەز ئېيتىشقا مەجبۇرلانماقتا؟

بىز بىلدۇقكى **ئۇيغۇر** دېگەن نام ئىپادىلەنمىگەن هەرقانداق بىمەنە ئاتالمىلار ئەهمىيەتسىز بولغاچقا، **ئۇيغۇر** مىللىتىگە كاپالەتلىك قىلالمايدىغان «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالمىدىن هېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ، خالاس!!!

بەزىلەر، بىز خىتايغا «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالمىلىق دۆلەتنى تارتقۇزۇپ قويغان ئىدۇق، شۇ تارتقۇزۇپ قويغان نەرسىنى تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن دەۋا قىلىشىمىز كېرەك. ئەمەتنى يوتتۇروپ قويۇپ سەمەتنى ئىزدىسەك هاماقەتلىك بولۇپ قالىدۇ... دەپ ئۆزىنى تولىمۇ ئاۋارە قىلىپ، بۇ نارسىدە باللارنىڭ ئەقىلگە قىلچىلىكمۇ سىغمايدىغان تار دائىرىلىق پىكىر كۆزقاراشلىرىنى، ئۇچۇقتىن ئوچۇق ئېلان قىلىشقا

ئىسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن ئەپەندىم ئۆزىنىڭ كىتابىدا «مەن ۋەتەن دەۋاسىنى قىلىپ يۈرگەن 40 يىل ئىچىدە، نۇرغۇنلىغان دۆلەت ئەربابلىرىنى ئۇچرىتىپ سۆھبەتلەشتىم، ئەپسۇسكى شۇ ئەربابلارنىڭ ھېچقايسىسى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن دۆلەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەن» دەپ يېزىپتۇ. مەلۇمكى «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام خەلقئارا مۇنبەرگە يېتىپ بارالمىدى. ئىسا ئەپەندىم ئۆزىنىڭ يازغان ماقالىلىرىدە ھەم نۇتۇقلىرىدا ئىرقىمىز تۈرك، تىلىمىز تۈركچە دەپ يازغان بولسىمۇ، مىللىتىم تۈرك دەپ ئېيتمىغان. تىلىمىز ئەلۋەتتە تۈرك تىللىق ئىرقلارنىڭكىگە ياتىدۇ بۇ ئەمەلىيەتتۇر!

ئوغلى ئەركىن ئالىپتېكىن بولسا، ئارىمىزدىن ئوقۇپ يېتىشىپ تونۇلغان بىلىم قابىلىيەتلىك ۋەتەن مىللەتپەرۋەر خىسلىتى بىلەن، دادىسىنىڭ ئامانەت، ۋەسىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئاتا ئىزىنى يوقاتماي، ئەل- ۋەتەن يولىدا بارلىق دۇچار كېلىۋاتقان قارشىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، دادىسى بىلەن بولغان 50 يىلدىن ئارتۇق ھاياتىدا، چېكىنمەي كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان ئالىيجاناب پەزىلەتلىك ئوغلانلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. مۇنداق مىللىي غۇرۇرى كۈچلۈك ئىنسانلىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ، قوللاپ مەدەت بېرىپ ئالقىشلايمىز. ئۇ ئەقىل-پاراسەت، دىپلومات خىسلەتلىرى بىلەن باھالىنىپ خەلقىمىزگە تونۇلۇپ ۋاكالەتلىك قىلالىدى. ئۇنى كەمچىلىكى بىلەن ئەمەس، سالاھىيىتى بىلەن قەدىرلەپ پەخىرلىنىمىز!

ۋەھالەنكى، يۇقىرىدا قىسقا مىسال كەلتۈرۈلگەن پاك ۋىجدان ئىگىلىرى بولغان مەغرۇرلىرىمىزغىمۇ قارشى ھەر تۈرلۈك ئەقىلگە سىغمايدىغان بوھتانلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى غاجىلاپ زىرىكمەيدىغان قېرىنداشلىرىمىز ئاز ئەمەسلىكى مەلۇم بولۇپ قالماقتا.

مانا بۇ بىزنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىمىزدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇ غەيرى نىيەتلىك دىلى مەينەت، ئىچى قوتۇرلارنىڭ تىلىنى چايناشلىرى ئىتتىپاقلىقنى بۇلغاپ كەلمەكتە. بۇ ھەقتە قازاق خەلقىدە بىر ماقال بار: «بولىدىغان خەلق بىر-بىرىنى باتۇر دەيدۇ،

سۆز ئالدى بىلەن چوقۇم يوقىتىشقا تېگىشلىك ئاساسلىق ۋەزىپىسى بولۇپ قالماقتا. بىز نېمە قىلىۋاتىمىز...؟

ئەجدادلىرىمىز «شىنجاڭ» دېگەن نامنى ئۆزگەرتىپ «ش ئۇ ئا ر» دېگەن **ئۇيغۇر** دېگەن نام قوشۇلغان ئاپتونوم رايون قىلىش ئۈچۈن، شېھىت بولغان قەھرىمانلىرىمىزنىڭ تۆكۈلگەن قان بەدىلىگە ئىگە بولغان ئىدى.

بۇ نام زېمىنىنىڭ ئىگىلىرى **ئۇيغۇرلار** ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ نامنى ھىمايە قىلىپ قەدىرلەپ قوللاپ، شۇ نام ئاستىدا غەرەزلىك مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز. چۈنكى **ئۇيغۇر** دېگەن ئۇلۇغ ھەم شانلىق نامىمىز، بىزنىڭ ھېچقاچان يېڭىلمەس ئەڭ قۇدرەتلىك كۈرەش بايرىقىمىزدۇر!!!

كۆپىنچە قېرىنداشلىرىمىز بۈگۈنكى كۈنگە قېلىۋاتقىنىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئەجدادلارغا ئارتىپ قويۇپ ئەيىبلەشكە تىرىشىدۇ. 44_46_ يىللاردىكى رەھبەرلىرىمىزمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئەيىبلىنىۋاتىدۇ.

يەنە بىر تىلغا ئېلىپ ئەسلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان ئىنسان، بۈيۈك مۇجاھىد، ۋەتەنپەرۋەر مەرھۇم ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن (ياتقان يېرى جەننەت بولغاي!) ئەل-ۋەتەن يولىدا هارماي-تالماي جېنىنى ھەم پۈتۈن دۇنياسىنى ئايىماي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئاخىرقى تىنىقىغىچە ھاياتىنى ۋەتەنگە بېغىشلاپ ئۇ يولدا چەكسىز تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئارمانغا يېتەلمەي ھەسرەت بىلەن كۆزى ئوچۇق كەتكەن سۆيۈملۈك ئەرباب ئىدى. ئۇ ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن، شۇ زامان شارائىت تەلىپىگە قاراپ، بولۇپمۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھېسداشلىق قوللىشىنى كۆزدە تۇتۇپ «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىغان ئىدى. ئۇ مەزگىلدە پۈتۈنلەي ھەممىمىز شۇ نامنى قوللىغان ئىدۇق. ئەپسۇسكى تۈركىيە بىزنى قوللىمىدى ھەم ئېتىبارمۇ قىلماي كېلىۋاتىدۇ. قېرىنداش مىللەتلەر مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. زامان ئۆزگەردى. ۋەزىيەت شارائىت تەقەززاسى بىزنىمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى، ئۇلارغا ئوخشاش ئۆز مىللىتىمىزنىڭ نامى بىلەن «ئۇيغۇرىستان!!!» دەپ ئاتاشقا يول ئېچىپ بەردى!؟

زوقلىنىپ، ۋەتەن نامىنىمۇ ۋە باشقا مەسىلىلەرنى ۋەتەن ئازاد بولغاندا هەل قىلىپ ئالىمىز، تۆرەلمىگەن بالىنىڭ ئىتىنى قويىمىز دەپ تالاش-تارتىش قىلىشنىڭ هاجىتى يوق. هازىرچە قانداق بولسا ئاتاپ تۇرايلى دېگەنگە ئوخشاش نورمال ئادەملەر قىلمايدىغان، خىيالپەرەس تۇتامى يوق قايغۇلۇق سۆزلەرنى گېپىم بار دەپ قىلىدىغانلارمۇ ئۇچرايدىكەن. بۇ كىچىك باللار ئويناپ تاشلىنىپ كەتكەن كونا پلاستىنكا ئۆز ۋاقتىدا مۇنازىرىدىن ئۆتۈپ بولغان ئەمەسمۇ؟ بىز ئۇنىڭغا هەرگىز قۇلاق سالمايمىز. چۈنكى كىچىك ئىدۇق چوڭ بولدۇق، نادان ئىدۇق ئادەم بولدۇق.

ۋەتىنىمىزنىڭ نامى قەدىمى زامانلاردىن تارتىپ **ئۇيغۇر** خەلقىگە تەئەللۇق بولۇپ كەلگەن. يەنە تەكرارلايمەن، ئەنگۋشتەر ئاساسىمىزنى چىڭ تۇتۇپ، بىر نىشان، بىر ئىدىيە بىرلىكى بىلەن، كۆپ مىللەتلەرنىڭ ئورتاق دۆلىتى «شەرقىي تۈركىستان» ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ۋەتەنداش مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان تەڭ هوقۇقلۇق «ئۇيغۇرىستان» دۆلىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز!!!

بەزىبىر كالتە پەم كەم پاراسەتلىك قېرىنداشلىرىمىز ۋەتىنىمىزنى ۋە خەلقىمىزنى، تېخى هېچقاچان دۇنياغا تۆرۈلۈپ مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان، قورساقتىكى بالىغا ئوخشىتىپ، ئۇنىڭ ئىتىنى تۇغۇلغاندىن كېيىن قويىمىز ۋە باشقا مۇهىم مەسىلىلەرنىمۇ شۇ ۋاقىتتا هەل قىلىمىز (هازىر ئەڭ مۇهىمى بىر-بىرىمىزنى تالاپ يۇرىۋېرىمىز) دېگەنگە ئوخشاش هېچقانداق رامكىغا سىغمايدىغان خىيالى سۆزلەرنى قىلىپ، بىر پۈتۈن ئۇلۇغ خەلقنى ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى شەخسى كىچىك بىر مەسىلىسىگە ئوخشىتىپ، تولىمۇ تار بولغان كۆزقارىشى بىلەن جاهالەت يولىغا مېڭىشقا باشلاپ تەكرار تەشۋىق قىلىپ كەلمەكتە؟

بۇ ئەهۋال ساغلام خەلقىمىزنى غەزەپلەندۈرۈپ ئەندىشىگە سېلىپ قويماقتا. چۈنكى بۇ شەخسى ساددا كۆزقاراش پۈتۈن ئەلگە ۋاكالەتلىك قىلىشقا بولمايدىغان غەرەزدۇر. مېنىڭچە، ئىزچىللىق بىلەن كەڭ كۆلەملىك، ئۆز ئىرادىمىز بىلەن، ئىدىيىۋى بىرلىك تەييارلىقنى كۈچەيتىپ، گويابىر جەڭ ئالدىدا تۇرغان هەربىيلەردەك، ياراملىق

بولمايدىغان خەلق بىر-بىرىنى خوتۇن دەيدۇ» بۇ دانا ماقالغا ئەلۋەتتە باش ئېگىپ ئىقرار قىلىمىز. بۇ قاشىشاقلىققا قانداقمۇ ۋىجدان چىدايدۇ؟ قانداقمۇ چىدىغانسىز؟ دېمەك، شۇ جاھالەت پاتقىقىدىن چىقالماي ئاھ ئۇرۇۋاتقان نادان **ئۇيغۇر** شۇ بىز ئەمەسمۇ؟ نادانلىق خائىنلىقنىڭ بىر تۈرى ئەمەسمۇ؟ تۈزۈم-ئىنتىزامسىز ئارمىيە مەۋجۇتلۇققا چىقالمايدۇ، چېچىلاڭغۇلۇقتىن بالايىئاپەت چىقىدۇ، نادانلىقتىن مەغلۇبىيەت ئەمەسمۇ؟؟؟

بۇ توغرىدا مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى «ئۆزىنى دانا، بىلىملىك دەپ ھېسابلايدىغان نادان كىشىلەردىن يىراق بولغىن» دېگەن بولسا، مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى «نادانىنىڭ سۆھبىتىدىن زىندانىنىڭ ئازابى ياخشىراق» دېگەن ئىدى. لېكىن بىلىمسىزلىك ئۇ بىر ئاپەت بولماستىن، ئىدراكلىق ئادەملەر قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلەيدىغان نادانلىق كېسىلىدۇر!

بىز نادانلىقىمىزدىن كىشىلەرنىڭ ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىگە، ئېيتقان سۆزىنىڭ ياكى يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىلىقىغا قاراپ مۇلاھىزە قىلىپ بېقىپ ئاندىن باھا بەرمەستىن، كىملىكىگە قاراپ مەررەزلىك بىلەن باھا بېرىمىز، ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن پايدىلىق ھېچنەرسە كەلمىسىمۇ، باشقىلارغا يول قويماسلىققا ئوخشاش كۆرەلمەسلىك ئادەتلىرى تۈزەلمەس كېسەل بولۇپ شەكىللىنىپ چىقتى. شۇنىڭ سەۋەبىدىن بىرمۇ لىدىر ياخشى ئاتاققا ئىگە بولۇپ سايلىنىپ چىقالمايۋاتىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە دەرد-ئەلەم، قايغۇ-ھەسرەتلىرىمىز يېتىپ ئېشىۋاتقان مۇرەككەپ مەزگىلىمىزدە، ئاساسلىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئاددىي بىر باش قاتۇرۇش تالاش-تارتىش قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆز-ئارا زىددىيەت ھەم بۆلگۈنچىلىك ئەھۋاللىرىنى زېرىكمەي مەشق قىلىدىغان بىر ئويۇنغا ئايلاندۇرۇپ ئالدۇق. يەنى قىش كەتسە ئەتىياز كېلىدۇ دېگەنگە ئوخشاش قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇۋاتىمىز. مۇنداق بىر غەيرى غەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقانلار ھازىرقى تەشكىلات ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۈستىدە بىرىدىن بىرى شۆھرەتلىك ئاتالغۇلارغا

مىللىي غۇرۇرغا ئىگە ئۇيغۇرنىڭ مۇقەددەس قەرزى ھەم پەرزىدۇر!!!
مەلۇمكى، بۈگۈنگىچە شەرقىي تۈركىستان دەپ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان بولساقمۇ، خەلقئارا سەھنىسىگە يېتىپ بارالمىدى ھەم خەلقئارا ئۇقۇم دەرىجىسىگىمۇ كۆتۈرۈلمىدى. ئۇيغۇرىستانىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىراق بۇ نام ئۆزىمىزنىڭ نامى بولغاچقا، دۇنياغا ئۆزىمىزنى تونۇتۇشتا ئەڭ قۇلايلىق ئەڭ ئاددىي، ئەڭ پايدىلىق نامدۇر. بۇ نام تەقدىرىمىزنى ھەل قىلىشتا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان، تارىخىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ دەلىللەيدىغان، ھەققىي ئادالەتلىك، ئېسىل شانلىق نامدۇر. بۇ نام نېمىدېگەن جانغا راھەت، يېقىملىق ھەم قاملاشقان، مىللىتىمىز **ئۇيغۇر**!!! ۋەتىنىمىز «ئۇيغۇرىستان!!!» ئىسمىمىز، جىسمىمىزغا ھەجەپ ياراشقان! باشقا ھەرقانداق يات ئاتالمىلار، يەنىلا ئۇزۇن مۇددەت قايغۇ-ھەسرەت چېكىپ، زىندىيەت تورىغا ئۆرۈلۈپ قېلىشىمىزغا يول ئېچىپ بېرىدۇ، خالاس!!!
ئەي ئالىي نەسەبلىك **ئۇيغۇر** پەرزەنتلىرى!
مۇقەددەس ۋەتىنىمىز «ئۇيغۇرىستان!!!» نىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، پەقەتلا بىرلىكنى مەشئەل قىلغان، ساغلام ھالدىكى ئاڭلىق ھاياتىمىزنى بېغىشلاپ كۈرەش قىلايلى! ئۇنىڭ قۇتلۇق نامىنى قەلبىمىزگە سىڭدۈرۈپ، ئۆچمەس نۇرىنى ئالەمگە چاچايلى!!!
ۋەتەن ئىگىلىرى ئەزىز قېرىنداشلىرىم! ئەسەردىكى ھەربىر سۆزنى چوڭقۇر ئانالىز قىلىپ، تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ئاڭلىق خۇلاسە چىقىرىۋېلىشىمىزغا، ئاللاھ ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغاي، ئامىن! دۇنياغا يەنە بىر نەزەر سېلىڭ!

## تەشكىلات ۋە مىللەت نامىمىز ئۈستىدە توختىلىمىز

بارلىقىمىز ئانا ئۇلۇغ ھەم مېھرىبان دەپ قەدىرلەپ، ئۇنىڭ بەرگەن سۈتىنىڭ ئەجرىنى ئاقلاپ چىقىشقا تىرىشىمىز ھەم ئۇنى مۇقەددەس قەرزىمىز دەپ سانايمىز! ئۇنى ئاقلاپ چىقالمىغان بالىغا قاراپ،

هالەتتە تەييار تۇرۇشىمىز، باشتا ئۆزىمىز توسۇپ قويغان ۋەتەن ئازادلىق يولىنى ئاچقانلىق دېمەكتۇر! بۇ يەردە ئەركىن ئالىپتېكىن نۇتقىدا «چوماق ئېلىپ چىقىپ قىرىلىپ كېتىشنى، قول مەن دەپ يېتىپ ئېلىشنى خالىمايمەن!» دېگەن يالقۇنلۇق سۆزلىرىنى ئەسلەشكە توغرا كېلىدۇ.

مەلۇمكى، خىتاي بىزنىڭ تارىخلىرىمىزنى ۋە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاتالغۇنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ. بىراق، ئامالسىز «ش ئۇ ئا ر» دېگەن ئاتالمىنى ھەم شۇ زېمىندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرنىڭ 3/1 قىسمىنى يەنى 8 مىليون دەپ بولسىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ.

بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بەزى دىپلوماتىك خادىملىرى خىتاي ۋەكىللىرى بىلەن سۆزلەشكەندە خىتايلار «بىزدە شەرقىي تۈركىستان دېگەن زېمىن يوق. جۇڭگو خەرىتىسىگە قاراپ كۆرۈڭلار» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن.

بۈرۈن قازاقىستانىمۇ ۋە باشقىلارنىمۇ دۇنيا تونۇمايتتى. مانا ئەمدى توندى، چۈنكى دۇنيا خەرىتىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر بىزمۇ «ئۇيغۇرىستان!!!» دېگەن شانلىق نامىمىز بىلەن مەۋجۇت بولالىساق، بىزنىمۇ پۈتۈن دۇنيا چوقۇم تونۇيدۇ. «ئۇيغۇرىستان!!!» دېگەن نام ئەمەلىيەتكە ئىنتايىن ئۇيغۇن، زامانىمىزغا مۇۋاپىق، مىللىتىمىزگە ماسلاشقان غۇرۇرىمىزغا ياراشقان ئۇلۇغ نامدۇر!

ئەگەر بۇ ھەقنىمۇ ئېتىراپ قىلىشقا تەبىئىتىڭىز يول قويمىسا پىكىر بېرىپ كۆرۈڭ. ھەرگىزمۇ ئالدىراپ خۇلاسە چىقىرىپ قويۇپ خاپا بولۇپ كەتمەي، مىللىي غۇرۇرىڭىزنى ئىشقا سېلىپ بېقىڭ. بەلكىم ئەل-ۋەتەنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن، ئېرىنمەي قايتا پىكىر يۈرگۈزۈپ تەپەككۇر قىلىپ باقسىڭىز ئارتۇق كەلمىسە كېرەك؟

بىز ئەمدى، زامان تەلىپىگە بويسۇنۇپ، تارىخلىرىمىزدىن ساۋاق ئېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ غەم-قايغۇسىنى پەقەتلا ئۆزىمىز قىلىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن، كېرەكلىك مۇھىم بولغان باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆزىمىزگە تەئەللۇق بولغان مۇقەددەس زېمىننى، ئۆز نامىمىز بىلەن ئاتاپ ئادەتلىنىشىمىز، ھەربىر

تەشكىللاتلىرىمىزنىڭ نامۇۋاپىق ئاتلىرى بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزدىن چىقىپ كېتىشكە ھەم زامان تەلىپىگە ماسلىشالماي كېلىۋاتىدۇ؟

90-يىللاردىن باشلاپ ۋەتىنىمىزگە بۇرۇنقى سوۋېت رېسپوبلىكىلىرىدىن سودا-سېتىق مۇناسىۋىتى بىلەن ھەر مىللەت ۋەكىللىرى كېلىپ قويۇق مۇناسىۋەت قىلىش ئارقىلىق، ئۇلاردا بۇ زېمىن توغرىلىق ئىجابىي چۈشەنچىلەر ھاسىل بولۇشقا باشلىدى.

بۇرۇن باشقىلار بۇياقتا تۇرسۇن، تۈركى تىللىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆپچىلىكى **ئۇيغۇرلار** توغرىلۇق ئاددىي بىر چۈشەنچىگىمۇ ئىگە ئەمەس ئىدى.

بولۇپمۇ بىزنى تونۇشقا ئاساسلىق سەۋەبچى بولغان نەرسە، «ش ئۇ ئا ر» دېگەن نامدىكى **ئۇيغۇر** دېگەن نام ئارقىلىق، ئەسلى بۇ زېمىننىڭ ئىگىلىرى **ئۇيغۇر** مىللىتى ئىكەن دېگەن ساغلام چۈشەنچە ھەم قىزىقىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

دېمەك، **ئۇيغۇر** دېگەن بىر ئېغىز سۆز بىزنى باشقا مىللەتلەرنىڭ تونۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ رول ئويناپ كەلمەكتە.

شۇنىڭ بىلەن بۇ مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى تەقدىرى ۋە ھازىرقى ھاياتى توغرىسىدا ئىجابىي پىكىر گەپ-سۆزلەر ھەم ھېسداشلىق بىلدۈرۈشكە ئوخشاش دىيانەتلىك خاراكتېر ئومۇمىيۈزلۈك پىكىر قىلىش تېمىسىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ خۇشاللىق غەلىبىنى، **ئۇيغۇر** دېگەن نامىمىزنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغانلىقىنىڭ خاسىيىتى دەپ قارايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي بۇ **ئۇيغۇر** دېگەن نامىمىزنى دۇنيا يۈزىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، پۈتۈن رەڭۋازلىق سىياسىتىنى قوللىنىپ زورلۇق قىلماقتا.

سايۇز ۋاقتىدا قازاقىستاندا چىقىدىغان ئۇيغۇرچە گېزىتىمىزنىڭ نامى «كوممۇنىزم تۇغى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ نام شۇ دەۋرىمىزنىڭ شارائىتىغا مۇۋاپىق ماسلاشقان ھەم شۇ زامان تەلىپىگە لايىق نام بولغان ئىدى. ئۇ يەردە ئۇيغۇر دېگەن نام بولمىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار بۇ گېزىت كىمگە خاس ئىكەنلىكىنى دەررۇ بىلىپ كېتەلمەيتتى. پەقەتلا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرلا بىلەتتى. خۇداغا شۈكرى، بۇ رېسپوبلىكىلار

نەپرەت ھەم لەنەت ئوقۇغىنىمىز كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئانىمۇ، ئاللاھمۇ رازى بولمايدۇ!

ۋەتەن بولسا ئانا! ئانىنىڭ مىللىتى بولسا **ئۇيغۇر**، دادىمىزنىڭمۇ مىللىتى **ئۇيغۇر**، دېمەك مىللىتىمىز **ئۇيغۇر**، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستاننى چىڭ تۇتۇپ، بارلىق پائالىيەتلىرىمىزدە ئۇنىڭدىن قەتئىي ئايرىلىپ قالماسلىقنى نىشان قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ خۇددى قىلىدىغان باشقا بىر ئىشىمىز يوقتەك، كەلگۈسى ۋەتەن نامى ئۈستىدە ھەم ھازىرقى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ نامى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، تالاش-تارتىش قىلىشىپ، ئارىمىزغا تېخىمۇ مۇرەككەپ زىددىيەت بىلەن سوغۇقچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خەلقىمىزنى قايمۇقتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. شۇ سەۋەبتىن سايلاملارمۇ بىر-بىرىمىزگە بولغان قارشىلىق، ئۆچمەنلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتتىمۇ، ئۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، ئۇنىڭ داۋامى زىددىيەت تورىغا ئوراپ ئېلىپ، مۇرەككەپلەشكەن چىگىش بىر ھالەتكە ئەكىلىپ قويماقتا. بۇ ئېچىنارلىق قايغۇلۇق ئەھۋال كېلىۋاتقان پاجىئەنىڭ مۇقەددىمىسى بولسا كېرەك؟

قېرىنداشلار! ھەممىمىزنىڭ نىشانى مەقستى بىر، يەنى ۋەتەن ئازادلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىم ھەقىقى دۈشمەن، كىم دوست، غايىمىز قانداق؟ ئۇنى ساغلام چۈشىنىپ ئاڭلىق تۈردە خۇلاسە چىقىرىۋېلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەگەر ئاڭسىزلىق ئەھۋاللىرى تەكرار يۈز بېرىشتىن ساقلانمىساق ئاغزىمىزدىكى ۋەتەنپەرۋەر سۆزلىرىمىزگە، قىلمىشىمىز كاپالەتلىك قىلالماي كېلىۋاتىدۇ. بىز بىر-بىرىمىزنى چىرايلىق قىلغان سۆزىمىزگە ئەمەس، بەلكى ئەمەلي ئىشىمىزنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ باھا بېرىشىمىز لازىم!

بىزنىڭ ھازىرقى شارائىت ۋە ۋەزىيىتىمىزنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى باھالاش، ئۇ بولسا خەلقىمىزنى ئىدىيىۋى جەھەتتىن بىرلىككە ئىگە قىلىش، ۋەتەن ئازادلىقى يولىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىمىز بولسىمۇ، ئۇ نەزەرىيە بىلەن چەكلىنىپ كەلمەكتە.

ئەمدى سۆزىمىزگە كەلسەك: ھەربىر دۆلەتلەردىكى

مەڭگۈلۈك قىلىپ ئۇرۇلغان رۇسلارنىڭ تامغىسى ئۇۋ ۋىچلارغا قاراپ، سىلەر رۇس مىللىتىگە نىسلەرغۇ دەپ بەكمۇ قىيلىنايتتى. بۇ قىينىلىشلارنىڭ مەنبەسىنى تاپالماي ئويلاپ قارىساق بىزنى ھېچكىم قىينىماپتۇ، پەقەتلا ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قىيناپ يۈرۈپتىمىز. مۇشۇ ئەمەلىي ھاياتتىكى كىچىك بىر مىسالدىن، بىزنىڭ ئەزەلدىن ھەممە ئىشىمىزدا **ئۇيغۇر** دېگەن نامىمىزنى قوللانمىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى بولۇپ قالماقتا؟

بەزىبىر تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ نامىدىمۇ **ئۇيغۇر** دېگەن نام گەۋدىلىنىپ تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار ئۇ نام كىمگە خاس ئىكەنلىكىنى دەررۇ چۈشىنىپ ئالالمىغانلىقىدىن، ئۇزاق چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلىنىدىكەن.

ئەقلىم يەتمەيدۇ، **ئۇيغۇر** دېگەن مىللىتىمىزنىڭ نامىنى نېمە ئۈچۈن يوشۇرىمىز؟ ئەكسىچە پۈتۈنلەي ھەممە يەردە قوللىنىپ، دۇنياغا تونۇتۇپ ئۇنىڭدىن مەغرۇرلانمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزگە قىينچىلىق تۇغدۇرۇپ ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى، تەشكىلاتلارنىڭ نامىنى مىللىتىمىزنىڭ نامى بىلەن ئاتىمايمىز؟ ئۇنىڭغا كىم توسالغۇلۇق قىلىۋاتىدۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ تەبىئىتىمۇ؟ ياكى خىتاينىڭ كۆرسەتمىسىمۇ؟ ئەجەبا، باشقا مىللەتلەر مىللىتىنىڭ ئىتىنى ئېيتمىسىمۇ، دۆلەتنىڭ ئېتى بىلەنلا ئاۋارە بولۇپ كەتمەي، مىللىتىنى دەررۇ چۈشىنىپ ئالغىلى

بولىدىكەنغۇ؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئىلغارلىقنى ئىبرەت قىلماي، يامانلىقنى دورايمىز؟

بەزىبىر كىشىلەر، بىزنىڭ باشقىلاردىن نېمىمىز كەم، ئۇلاردىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك دېگەن كۆزقاراش بىلەن كېتىپ بارىدۇ. ئەپسۇسكى، بىز ئۆزىمىزنى باشقىلار بىلەن باراۋەر دەپ سېلىشتۇرساق، ئۇ ئىلغارلىقتا ئىنتىلگەنلىك بولماستىن، دورامچىلىقتا ئىنتىلگەنلىك بولۇپ قالىدۇ. دورامچىلىق بىلەن قىلغان ئىشلىرىمىز چوقۇم ئۇنۇمسىز نەتىجىلەرگە باشلاپ بارىدۇ!

كىشىنىڭ ئەقلى بىلەن باي بولغىچە، ئۆز ئەقلىڭ بىلەن گاداي

مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندىن كېيىن، گېزىتىمىزنىڭ نامىنى مەقسەتلىك نامىمىز بىلەن، زامان تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ «**ئۇيغۇر** ئاۋازى» دەپ ئاتاشقا مۇيەسسەر بولدۇق. شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىمىدۇق. بۇ نام ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا، مىللىتىمىزنىڭ نامىغا كاپالەتلىك قىلىشتا چوڭ بىر تەشۋىق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ ئۇلۇغ نامىمىز بىلەن خەلقىمىزنى بىرلىككە چاقىرىپ، بىر بايراق ئاستىغا يىغىپ، نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلمەكتىمىز. بۇ غالىبىيەت ھەم ئىلغارلىق بولسا، ئەلۋەتتە گېزىتىمىزنىڭ باش رەھبىرى يولداش ئەزىمەتۇفنىڭ غۇرۇرلۇق ئەمگەك تۆھپىسىنىڭ مېۋىسى بولغاچقا ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىگە، خەلق ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئەقىدىلىرىگە، چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئاپىرىن ئېيتىشقا ئەرزىيدۇ!

كاناداغا يېڭى كەلگەن ۋاقتىمىزدا، جۈمە نامىزىغا لىۋانلىقلارنىڭ مەسچىتىگە باراتتۇق. جامائەت ھەم ئىمامى بىزنىڭ قايسى مىللەت ئىكەنلىكىمىزنى بىلەلمەي، نامازدىن كېيىن ئالدىمىزغا كېلىپ، سىلەر قايسى مىللەت، ئەرەبمۇ؟ دەپ سورايتتى. تىل بىلمىسەكمۇ بىر نېمىلەرنى دەپ قازاقىستان دېسەك، ھە سىلەر قازاقمۇ؟ دەيتتى، ياق بىز خىتاينىڭ شىنجاڭ دېگەن يەرنىڭ ئىگىلىرى ئۇيغۇر مىللىتى دېسەك، بۇ **ئۇيغۇر** دېگەن سۆزنى ھېچقايسىسى ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن دەپ، ھەيران قېلىپ بىر-بىرى بىلەن سۆزلىشىپ كېتەتتى. ئاخىر «شەرقىي تۈركىستان» دەپ باقتۇق ئۇنىمۇ چۈشەنمىدى، قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ توختا قەدىمى شەھەر قەشقەر دەپ باقايلى دەپ ئېيتساق ھە قەشقەرىيە دەپ چۈشەنگەندەك قىلغان ئىدى؟ بۇ ئەھۋال يالغۇزلا مەسچىتلەردە ئەمەس، ئىمىگراتسىيە ۋە دوختۇرخانا باشقا جايلاردىمۇ بىزنىڭ چىرايىمىزغا قاراپ، سىلەر ئىسپانىيەلىكمۇ، ئىتالىيەلىكمۇ دەپ قىزىقىپ سوراشلىرى تەكرارلىنىپ تۇراتتى. بىز ئۇيغۇر، **ئۇيغۇر** دەپ قايتىلاپ ئېيتىپ كۆرسەكمۇ، شەرقىي تۈركىستان دېسەكمۇ چۈشەنمەيتتى. بولدى بەك قىيىن ئىكەن (تىرىك دىفىسىل) دەپ ئاخىرىنى سوراپ ئاۋارە بولماي پاسپورتقا قارايتتى. پاسپورتتىكى فامىلىمىزنىڭ ئاخىرىغا قېتىلغان ماڭلىيىمىزغا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا

رىبات»، «كوچار رىبات» ۋە باشقىلار. بۇ ئاتالمىلار ئارقىلىق يۇرتلىرىنى ئەسلەپ پەخىرلەنسە، غۇلجىلىقلارمۇ يۇرتىنىڭ ياكى مىللىتىنىڭ نامىنى قوشۇپ ئاۋارە بولماي، ئىسمىغا تارانچى دېگەن سۆزنى قېتىپ ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇلارنىڭمۇ ھېچقايسىسىدا **ئۇيغۇر** دېگەن نامىمىز يوق. ھەيرانمەن. نېمە ئۈچۈن ھەممە يەردە مىللىتىمىزنىڭ نامىنى قوشۇپ ئېيتىشقا بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى قوشۇپ ئاتاپ ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلەنمەيمىز؟ يۈزمىڭ تووۋا دېسىڭىزمۇ ئازلىق قىلىدۇ، قارىمامسىز؟ ھەممە يەردە ھېلىقى بىزگە يېپىشىپ ئالغان «نادانلىق» ئارىلىشىۋېلىپ، ئۇنىڭغا يول قويماي، كاشىلا قىلىۋاتقىنىنى، ھە...؟

ياكى بولمىسا بىزنى، ئۆزىمىزنىڭ ئىسمى **ئۇيغۇر**نى ئاتاشقا نومۇس قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئاغزىمىز بارمايدىغان، بەزىلەر ئېيتقاندەك ھەقىقى ھاماقەت ئەبگار **ئۇيغۇر** دەپ ئېيتقىنى راستمۇ؟

بىزنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىمىزدە، پاناھسىز يېتىم قالغان بىر مىللەت قاتارىغا كىرىپ قالغىنىمىزنى ئاز دەپ، بىز ئۈچۈن ئەڭ كۈچلۈك غەلىبە قورالىمىز بولغان «**ئۇيغۇر**» دېگەن نامىمىزنى، بارلىق چوڭ-كىچىك ئىش-پائالىيەتلىرىمىزدە، ئۇنى تۇتقا قىلىپ، مەقسەتلىك كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، پىداكارلىق ھەم ھوشيارلىق بىلەن جەڭ قىلىپ، تاجاۋۇزچى ياۋۇز خىتاينىڭ كۆزىنى كور قىلىدىغان تىكەن ھەم ئۇنىڭغا ئاتىدىغان ئەجەللىك قاقشاتقۇچ ئوق قىلالمىساق، ئۇيغۇرنى دۇنيا يۈزىدىن يوقىتىش پىلانىنىڭ دەسلەپكى كۆرۈنۈشىنكى ئىختىيارى ھېسداشلىق ھەم ساداقەتلىك بىلدۈرگەنلىك بولۇپ قېلىۋاتسىمۇ، بىز تېخىچە ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ سەسكەنمەيۋاتىمىز. يەنە تووۋا تووۋا...

چوڭقۇر پىكىر قىل! تەپەككۇر يۈرگۈز! ئەي جەڭگىۋار ئوغۇزخان، بۇغراخان، سەئىدىخان ئەۋلادى! بۇ **ئۇيغۇر** دېگەن سۆزنى قايتا-قايتا قايتۇرۇپ تەكرارلاپ ئېيتقانغا ئىچىڭىز پۇشۇپ زېرىكىپ قالماڭ. بۇ سۆزنى قايتا-قايتا ئېيتىۋېرىمىز، چۈنكى بىز دۇنياغا **ئۇيغۇر** بولۇپ كەلگەن ئىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر تىنىقىمىزدا، ھەربىر

بول دېدۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بىز مۇستەقىل بىر دۆلەت بولۇپ قالغان بولساق ئىدۇق، بىر نەچچە پارتىيىلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەر قانۇن ئىدى. بىز تېخىچىلا ئۆز زامانىمىزنى تولۇق ياخشى چۈشىنەلمەي، كۆرگەن ئاڭلىغانىنىڭ ھەممىسىنى ئىلغارلىق تەرەققىيات، مەدەنىيەت دەپ چۈشىنىپ، دورامچىلىق قىلىش بىر مودىغا ئايلىنىپ قالدى. ئاق-قارىنىڭ ھەممىسىنى مودا دەپ قوغلىشىپ ئۆگىنىۋېلىپ دورايدىغان، بىز بىر مايمۇن ئەمەسقۇ؟ ئۆزىمىز بىر قاراڭغۇ خالتا كوچىغا كىرىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن چىقالماي تۇرۇپ، ۋەتىنىمىز ئاسارەتتە خەلقىمىز جاھالەتتە ياتسا، پەرۋايىم پەلەك دەپ ھاجىلىقنى مودا قىلىۋالغىنىمىزمۇ بىزگە يېتىپ تۇرۇپتىغۇ (بۇ مودېللار توغرىسىدا ئايرىم توختىلىمىز). پەيغەمبىرىمىزنىڭ باشتا يېزىلغان سۆزىنى ھەممە ئىشىمىزدا ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز لازىم!

بىز پۈتۈنلەي بارلىق پائالىيەتلىرىمىزدە ئىش خىزمەت ئورنىمىزدا، ئۆيىمىزدە **«ئۇيغۇر»** دېگەن غەلىبە بايرىقىمىزدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىپ قوللانماسلىق، خەلققە خىيانەت قىلغانلىق بىلەن باراۋەردۇر.

مىللىتىنىڭ نېمە دېسە، بەزىلەر **ئۇيغۇر** دېيىشكە ئويولامدىكىن، مىللىتىم تۈرك، تارانچى ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمان دەيدىغانلارمۇ ئۇچرايدىكەن. بۇنىڭغا توۋا دېيىشتىن باشقا ئامال يوق! قەيەردىن كەلدىڭ دۆلىتىڭنىڭ ئېتى قانداق؟ دەپ سورىسا ھەقىقى قىينىلىپ ھەربىرىمىز ھەرخىل جاۋاب بېرىپ كېلىۋاتىمىز. يەنى قازاقىستان، قىرغىزىستان، شىنجاڭ، شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇرىستان، بەزىلەر خىتاي دەپلا قۇتۇلىدۇ! بۇنىڭ ھەممىسىنى ھەرخىل ئاتاشتىن كېلىپ چىققان چۈشىنىكسىز ئاقىۋەت دەپ قارايمىز. ۋەتەن سىرتىدىكى قېرىنداشلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ كارخانا، مېھمانخانا ۋە ھەر تۈرلۈك چوڭ-كىچىك فېرمىلىرىنى، ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلىرىنى ئەسلەپ، ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتاش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان. مەسىلەن: «قەشقەر رىبات»، «خوتەن رىبات»، «ئاتۇش

تەشكىلات، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇۋېلىپ، ئۆزىمىزنى نامسىز قەھرىمان دەپ ئاتىۋالغۇچە، بارچىمىز بىر خىل نام بىلەن كېلەچىكىمىزگە گور قېزىش تەشكىلاتى دەپ ئاتىۋالغان بولساق، ئەڭ مۇۋاپىق ھەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولىدىكەنغۇ» دەپ ئاچچىقلايدۇ...

دەر ھەقىقەت، ئەجدادلىرىمىز قان تۆكۈپ تەۋرىرۈك قالدۇرغان مۇقەددەس ئانا ماكانىمىز ئۇيغۇرىستاننى، ئۆز نامىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈپ ئاتىغاننى بۆلگۈنچىلىك، مىللەتچىلىك، شەخسىيەتچىلىك دەپ چۈشەنسەك، ئۇ چاغدا ۋەتەن دەۋاسىنى قىلغىنىمىز ئۈچۈنلا، خىتاينىڭ بۆلگۈنچى، تېررورىست دەپ ئەيىبلەۋاتقان تۆھمەتلىرىگە قوشۇلغان بولۇپ قالامدۇق؟

ئەگەر ھەقىقى چىن مۇددىئايىمىزنى قىسقارتىپ ئۇچۇق ئېيتماقچى بولساق، چۈشىنىكسىز بىر قىسما ئاتىلىپ كېلىۋاتقان تەشكىلات ئاتالغۇلىرى، بىزنىڭ ھالىتىمىزنى ئايدىڭ ئىپادىلەپ، ئالدىمىزغا قويغان تەلەپلىرىمىزنى قانائەتلەندۈرۈشتە ئىنتايىن ئاجىزلىق قىلىدۇ. بۇ ئاتالمىلار مۇستەقىل دۆلەتلىرى بار مىللەتلەرنىڭ باشقا دۆلەتلەردىكى تەشكىلات مەركەز ناملىرىغا ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلمەكتە؟!

دېمەك، ۋەتەن ئازادلىقى يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ نامى ۋەتىنىمىز «ئۇيغۇرىستان» شانلىق نامىمىزغا ماسلاشتۇرۇپ، مىللەت نامى بىلەن، مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان تەشكىلات ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ ئۇچۇق ئىپادىلەپ تۇرالايدىغان ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەھمىيەتلىك، ئەڭ سەلتەنەتلىك قۇدرەتكە ئىگە نام «ئۇيغۇرىستاننى ئازاد قىلىش تەشكىلاتى» (ئۇ ئات) دەپ ئومۇمىيۈزلۈك ئاتىلىشنى زامان تەلىپىنىڭ مەجبۇرىيىتى ھەم **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ شان-شۆھرىتى دەپ سانايمىز!!! ئەگەر يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن ئەقىدىلەر بەزىبىر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆزقارىشىنى قايىل قىلالمىسا، بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئۆمرىڭىزگە كېچىكىپ ئازابلىنىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ، ۋاقتىلىق بولسىمۇ، پەسكە چۈشۈپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ كۆرۈپ بېقىڭ مەرھەمەت!

چامدامدا، ھەتتاكى جان چىقىش ئالدىدىمۇ **ئۇيغۇر** دەپ ئۆلۈپ كېتىشىمىز لازىم. ھەممە جايدا **ئۇيغۇر** دېگەن شانلىق نامىمىزنى گەۋدىلەندۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغ نام ئاستىغا بىرلىشىپ ئىستىقبالىمىزغا نۇر چېچىپ تۇرغان بۇ مەشئەل نامىمىز بىلەن تا ئەبەدكە بىر تامچە قېنىمىز قالغىچە جەڭ قىلىپ، شۈبھىسىز ئىستىقبالغا يېتەلەيمىز. ئۇ بولسا بىزنىڭ، چېچىلاڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئۇيغۇر دېگەن نامىمىز ئارقىلىق بىرلىكنى نىشان قىلىشىمىز، زامان تەلىپىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇ دەپ قايتا زارلىنىمەن!؟

بەزىلەر ھەرقانداق نامنى ئاتاشتا ئىسلامنى ئاساس قىلىمىز دېسە، باشقىلار ئۇنىڭغا قوشۇلمايدۇ. ئەمدى ئىسلامنى ئېتىراپ قىلمايمىز، ھەممىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقان ئىسلام، گۇناھ بىزدە ئەمەس، ئىسلامدا دېگەنلەرگە قىسقارتىپ مۇنداق جاۋاب بېرەيلى: مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئەقىدە سىڭدۇرۇلگەن ئىسلامنى بىردىنلا ھەيدەپ چىقىرىۋېتىش ئۇچۇن، يەنە شۇنچىلىك ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ خىيال ئەمەلگە ئاشمايدىغان مۇمكىن ئەمەس خام خىيالدۇر، تامام!

ئەگەر «خەلقئارا ئىسلام بىرلىكى» مۇسۇلمانلار ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىشتا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىيەلەيدىغان كۈچكە ئىگە بولغان بولسا، ياكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئىسلامنى ئاساس قىلىشنى، سابىت داموللام ۋاقتىدىكىدەك تەشەببۇس قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە بىزمۇ قوشۇلغان بولاتتۇق... قىسقىسى، ھوشيارلىق سەزگۈرلۈك بىلەن، سىياسىي ئېقىم مەنبەسىنى كۆزىتىپ، ئۇنى ئايدىڭ ھەم ئارقا كۆرۈنۈشنى ئەينى ھالدا چۈشىنىپ ئالالمىساق، ئالدانغىنىمىز ئالدانغان، ئەھۋال ئېغىر ھەم بەكمۇ مۇرەككەپ، ئويغان ئۇيغۇرۇم!

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى: «ئەقىللىق قۇش تۇزاقتىكى داننى يېمەيدۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىدى. ھاماقەت قىلتاققا چۈشۈشكە باشلىغاندا، قىلتاقچى يەنە دان چېچىپ قويىدۇ دەپمۇ ئېيتىدۇ.

بىزنىڭ بەزى قەيسەرلىرىمىز، ئالدىنىش ھەم ھاماقەتلىك سەۋەبلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي «ھەربىرىمىز ئۆز ئالدىمىزغا ئايرىم

## تەپەككۇر دېگەن نېمە؟ ئەقىل ھەم كۆزقاراش دېگەنچۇ؟

ئەسەرنىڭ بارلىق تارماقلىرىدا تەپەككۇر قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ سۆز ئىچكى دۇنيايىمىزنى يورۇتۇپ، كەڭ دائىرىلىك ساغلام ئەقىل ھاسىل قىلىش ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرىدىغان نۇر بولغاچقا، پەيتونلەي ئالىملار سۆزلىرىدە، بولۇپمۇ، دىنى كىتابلاردا قايتا-قايتا پىكىر يۈرگۈزۈپ تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

ئىنسانلار قانچە كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپ تەپەككۇر قىلسا، شۇنچە كۆپ يېڭى ئەقىل بايلىقى ئۈستى-ئۈستىگە قوشۇلۇپ ئەقلىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنى يورۇق، لىللا بىر دۇنياغا چىقىرىپ قويۇش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى دىلىمىزنى ئىمان يورۇتۇپ، ئادىمىيلىك پەزىلەتكە خاس گۈزەل ئەخلاق، ئالىي خىسلەتلەر بىلەن ياشاش ئۈچۈن يول ھازىرلاپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، زامانىۋى ئىلىم-پەن تېخنىكا دۇنياسىنى ئىگىلەپ ۋە سىياسىي ئېقىم مەسىلىلىرىنىڭ ئەينى ماھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭ چۈشىنىۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئەقىل، تەپەككۇر قىلغانلىقىنىڭ خاسىيىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇ ساغلام ئەقىلگە ئېرىشىش ئۈچۈن سىڭدۈرۈلگەن مۇشكۈل، جاپالىق ئەمگەك تەپەككۇر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسلام تەپەككۇرنى ئەڭ چوڭ ساۋابلىق ئىشلارنىڭ قاتارىغا قويۇپ، ئىنسانلارنىڭ باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىنىشى ئۈچۈن تەپەككۇرنى ۋەزىپە قىلىپ يۈكلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەتتە «ئاللاھنىڭ كامالى ۋە قۇدرەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئىبادەتنىڭ جەۋھىرىدۇر» دەپ ئەڭ ئۈستۈن باھا بىلەن تەرىپلەيدۇ. مۇتەپەككۇر ئالىم ئەلىشىر ناۋايى:

«كىشى ھەرقانداق ئىشقا ئاتلانسا، ئۇنىڭ يولىنى تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق بىلەلەيدۇ» دەپ شۇنداق يۈكسەك ئورۇنغا قويىدۇ.

ئاللاھ، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش سېزىمى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئەقىل-زېھنى مەنبە بايلىقىنى ھەممىگە بىردەك يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پاراۋان باياشات تۇرمۇشتا ياشاش

بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئاۋارە شائىرى رەسۇل ھەمزاتوۋ: «مىللىتىم دەيسەن، مىللىتىم دەيسەن، لېكىن مىللىتىڭ ئاتقان ئوقتىن ئۆلىسەن! خەلق ۋەتەن ئۈچۈن راھەت تۇرمۇشتىن ۋاز كەچسەڭمۇ، خەلق ئۇنى ياخشى كۆرمەي، تۆھمەت ئوقلىرى بىلەن ئاتىدۇ» دەپ بىزنىڭ ھاياتىمىزغا قارىتىپ ئېيتقان بولسا كېرەك.

ئاخىرىدا ۋەتەن ئىگىلىرى قېرىنداشلىرىمغا ئېيتماقچى بولغىنىم: ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنى، تەرەت ئېلىش دەپ پەرەز قىلساق، ۋەتەننى ئازاد قىلىش كۆرۈشىنى، ناماز ئوقۇش دېسەك تەرەت ئالماي تۇرۇپ ناماز ئوقۇشقا بولمىغاندەك، ئىدىيىنى ئازاد قىلماي تۇرۇپ، ۋەتەن ئازاد قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن دېگەنلىك، تەرەت ئالماي ناماز ئوقۇپ خۇدانى ھەم ئۆزىنى ئالدىغانغا ئوخشاش، دېمەكچى بولىمەن. تەپەككۇر، تەپەككۇر، تەپەككۇر رەھمەت.

«مىللىتىم **ئۇيغۇر**، ۋەتىنىم ئۇيغۇرىستان» ناملىق ماقالەمنى ۋەتىنىمگە بېغىشلىغان بىر كۇپلېت شېئىرىم بىلەن تاماملايمەن.

سۆيى مەرۋايىت مول بايلىق غەزنەم،
گۆھەر زېمىندۇر مېنىڭ ۋەتىنىم.
باغرىڭدا ئۆستەردىك گۈلىستانىم،
پاسىبانىم سەن «ئۇيغۇرىستانىم!!!

2006 ـ يىلى مارت.

## تەپەككۇر

تىڭىرقىمايمەن دوستلار تىلەيمەن ئالى تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن كۈرەشكە دەپ تۈرگەن بۇ بىلەكلەرنى.
نېمىشقا يازمايمەن تىلەك ئارىلاش مۇڭلۇق لىرىكلارنى،
سۆيگۈ ئىشقى ئۆرتەپ كۆيدۈرسە بۇ يۈرەكلەرنى.

ل. مۇتەللىپ

تەنھەرىكەتچىلەر چىدام غەيرەت تىرىشچانلىقى بىلەن، تىنىماي مەشىق قىلىش ئارقىلىق، ئەمگەك سىڭدۈرۈپ چېنىقىپ ساغلام ياراملىق بولۇپ چىققانغا ئوخشاش، ھەقىقى يارامىلىق ئەقىلنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈنمۇ، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا جاپالىق ئەمگەك تەلەپ قىلىنىدۇ. يەر ئاستى بايلىقلىرىمۇ، قانچىلىك كۆپ مۇرەككەپ جاپالىق ئەمگەك بىلەن قولغا كەلسە، ئورگانىزمدا، گويا يەر ئاستى بايلىقىغا ئوخشاش، ئۇخلاپ زاپاس ياتقان ئەقىل بايلىقىنى چىقىرىپ ئىشلىتىش ئۈچۈنمۇ، شۇنداق ئوخشاي بولمىغان جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ.

بۇ ھەقتە موللا ئەلەم شەھيار: «جاپا، ۋاپا قۇلۇپىنىڭ ئاچقۇچىدۇر» دەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئوخايلا بىر ئىش بولغان بولسا، بارچە ئالەم ئەقىللىق بولۇپ كېتىپ، بۈگۈنكى ھالەت شەكىللىنىپ چىقمىغان بولار ئىدى. دېمەك، ئادەتتىكى باش قاتۇرۇش بىلەن تەپەككۇرنىڭ پەرقى ئىنتايىن چوڭدۇر. ساغلام ئەقىل ھاسىل قىلغانلار ھاياتنىڭ غايىلىك، مەنىلىك ۋە خىسلەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا بۈيۈك تەلەپلەرنى قويۇپ، ئۇنى رېئالىزاتسىيە قىلىش پرىنسىپ يولى بىلەن ياشىسا، ئەكسىدىكىلەر، ئۆز ئالدىغا تولىمۇ كالتە پەم ئاجىز ئۇقۇم پرىنسىپلىرى بىلەن كېلىشۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ رېئاللىققا قارشى خام ئەقىل، تەقدىرىمىزنى ھەل قىلىشتىكى ھەرىكەتلىرىمىزگە توسالغۇلۇق رولىنى ئويناپ مۇھىتنى بۇلغاپ كەلمەكتە.

مەلۇمكى، ئاللاھ بىزگە ئەقىلنى «دوپپىنىڭ ئاستىدا ھىمايە قىلىپ چىلىڭ ساقلاڭلار، ئۇنى ئىشلەتسەڭلار سوغۇق تەگكۈزۈپ قويىسىلەر» دەپ بەرمەپتۇ. ئۇنى كولاپ چىقىرىپ پايدىلىنىپ، ئەركىن ھاياتتا ياشاڭلار، دەپ بېرىپتۇ ئەمەسمۇ؟؟؟

بىر سىنىپتا ئوقۇۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى ئەلا ئوقۇيدۇ، بەزىلىرى ناچار ئوقۇيدۇ نېمە ئۈچۈن؟ بىرسىنىڭ ئەقلى كۆپ، بىرسىنىڭ ئەقلى كەممۇ؟ ئەلۋەتتە ياق. ئەقىل ھەر ئىككىسىدە ئوخشاشلا، سەۋەبى

ئۇچۇن مۇھىم ھېسابلىنىدىغان ئەزا-ئورگانلارنى، پۈتۈن ھەممىگە قادىر بولالايدىغان، ھەرقانداق ھاياتقا بەرداشلىق بېرىپ ئۆگىنىپ كېتەلەيدىغان، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئەھمىيەتلىك ئېلېمېنتلارنىمۇ ئورگانىزىمغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. ئۇندىن تاشقىرى تۈرلۈك كېسەللەرنىمۇ ئورگانىزم ئۆز دورىسىنى چىقىرىپ سىستېمىلىق ھالدا ئۆز لايىقىدا داۋالايدىغان قىلىپ يارىتىپ بەردى.

دېمەك، ئاللاھ ئىنسانلارغا شۇنچە كۆپ ئەزا ئورگانلارنى ھەم چەكسىز ئەقىل-پاراسەت بايلىقىنى زاپاس ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىپ، ئىلىم-پەن تەرەققىيات كائىنات ۋە بارلىق شەيئىلەر سىرلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئىنسانلار پايدىسىغا بويسۇندۇرۇپ، پاراۋان ھاياتتا ياشاش ئۈچۈن قادىر بولالايدىغان تۈگىمەس قۇدرەت ئەقىل-پاراسەت بېرىپ يارىتىپتۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن كىشىلىرىمىز ئاللاھ يارىتىپ بەرگەن نېمەتلەردىن پايدىلىنىپ ياشاش ئۈچۈن «يارىلىش ئۆزۈمگە باغلىق ئىكەن» دېگەن شەرئەت پرىنسىپى بىلەن، ئۆز كەسپىدە كۆزلىگەن نىشانلىرىغا يېتىپ تونۇلۇپ ئىنسانچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەلمەكتە.

بەزىلەر قولىدىن كېلىدىغان پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدۇ، بەزىلەر بولۇپمۇ ئەۋلادلارنىڭ ئەلگە يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن، شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىپ، لازىم بولسا بۇ يۈكسەك ساۋابلىق ئىش ئۈچۈن ئۆز ئۆمرىنى بېغىشلاپ كەلمەكتە.

ئىسلام شائىر يازغۇچىلارنىڭ ئۇخلىماي تەپەككۇر قىلغان ئەمگىكى توغرىسىدا:

«بىر سائەتلىك پىكىر يۈرگۈزۈپ تەپەككۇر قىلىش، بىر يىل ئىبادەت قىلغانلىقتۇر» دەپ ئىنتايىن يۈكسەك باھالايدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزكى، تەرەققىي ئەتكەن قۇدرەتلىك دۆلەتلەرمۇ، تەدبىركارلارنىڭ ساغلام تەپەككۇر قىلىش ئەقىل-پاراستىنىڭ خاسىيىتى بىلەن كامال تېپىپ دۇنياغا تونۇلماقتا. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلارنىڭ ئاقىۋىتى خارابلىق ئىكەنلىكى پەلسەپە بولمىسا كېرەك.

تېگىشلىك، كۆزقاراش دېگەن ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە توغرا بولىدۇ. ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈشكە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق» دېگەن ئىنتايىن تار ھەم ناتوغرا چۈشەنچە بىلەن ھايات كەچۈرۈپ كېلىۋاتىمىز.

ئەسلى كۆزقاراش دېگەن ھەركىمنىڭ ھەرخىل ئۆلچەم دەرىجىسىدىكى ئەقىل دائىرىسىنى ئايدىڭ روشەنلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ دالالەت بېرىپ تۇرىدىغان ۋاستە بولغانلىقتىن، ئۇ ھەرخىل ئەقىل ئۆلچىمىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئوخشىمىغان رەڭگارەڭ چۈشەنچىلەرنى ئۆزىگە توغرا دەپ ئېيتىش ھەم شۇ ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلىش، بەكمۇ چوڭقۇر نادانلىق ھەم تەتۈر چۈشەنچە ھېسابلىنىدۇ.

ئالللاھ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى ھەم بىلىمسىزلىكتىن شەكىللىنىپ چىقىۋاتقان بۇ ھەرخىل ئېزىتقۇ كۆزقاراشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەقىقى بېجىرىم ساغلام ئەقىلگە كېپىللىك قىلالايدىغان، ئازماس بىر خىل كۆزقاراش قانۇن-نىزامنى چۈشۈرۈپ بېرىپ، قانداق كۆزقاراش يولى بىلەن ياشاشنى كۆرستىپ بەرگەن ئىدى.

ئۇ كۆزقاراش قانۇن-نىزامنىڭ ئىسمى ـ ئىسلامدۇر!!!

دېمەك، ھەربىرىمىزنىڭ ئەقىل ئۆلچەم ھەجىم دەرىجىسىنى گويا بىر ئەينەك قىلىپ كۆرستىپ بېرىۋاتقان ھەرخىل كۆزقاراش دېگەن كۆلكىلىك سۆزىمىز، ئەقىلنى ئۆلچەپ ئېنىقلاپ بېرىۋاتقان تارازا بولغانلىقتىن، ئىسلام ئۇنى كونترول قىلىدىغان ئادىل سۇدىيە دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا ھەقلىقمىز!!!

ئەقىل باشقا، كۆزقاراش باشقا دەپ قاراپ، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ ئوخشىمىغان مەنىدە قوللىنىش، تېخىچە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالماي، ساغلام ئەقىل دۇنياسىغا پۇتلىكاشاڭلىق قىلىپ، ئۆمۈرنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا بۈگۈنكى ھاياتىمىز پاكىت بولۇپ كەلمەكتە؟

ئېيتماقچى بولغان مۇددىئايىمىز بىز ياشاۋاتقان بۇ كەڭ دۇنيا

بىرسى ئاللاھ ئىنئام قىلغان ئەقىلنى ئىشقا سېلىشنى خالىدى، يەنە بىرى ئۇنى خالىمىدى.

كىم بالا-چاقىسىنى ياخشى تەربىيەلەشنى خالىمايدۇ؟ ئۇنىڭ سىرىنى ياخشى بىلسەكمۇ، بالىغا بولغان كور مۇھەببەت ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ.

باللار تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ گېنى تەبىئىيتىدە ئاتا-ئانا ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ، شۇنداقلا قايسىدۇر بىر يىراق ئەجدادلىرىنىڭ مىجەز-خۇلقى، تالانتى خاراكتېرى بىلەن تۇغۇلىدۇ.

ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ياكى ئاجىزلاشتۇرۇش ئاتا-ئانىنىڭ يارىتىپ بەرگەن شارائىتىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز، ئادەتتە باللارنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ ئاياپ، پەپىلەپ زوقلىنىشلار ئانچە ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن شارائىتقا پاراللېل قىلىپ جىسمانىي ئەمگەك، ھۈنەر، تەنھەرىكەت ئويۇنلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز، ھەقىقى تەگدىشى يوق ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك، يارامىلىق بولۇپ چىقىشىغا يول ئېچىپ بەرگەنلىك بولۇپ، بۇ جىھادنىڭ بىر تۈرى بولغان پەرزلەرنىڭ ئەڭ چوڭ ساۋابلىقىنى ئورۇنلىغانلىق بولىدۇ، دىمەكچىمەن.

چۈنكى ھەربىر قىلمىشىمىزنىڭ ۋىجدان ئالدىدا ھەم قىيامەتتە سورىقى بار ئەمەسمۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قىيامەتتە ئەڭ قاتتىق ئازاب چېكىدىغان ئادەم، ئۆزى كۆپ ئەمەل قىلغان بولسىمۇ، ئەھلى ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلىمەي بىلىمسىز قويغان كىشىدۇر» دەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «بىلىم ياكى ھۈنەر پەزىلەتنى كىشىلەر ئۆگىنىپ چىقىدۇ، ئەمما ئىدراك ئەسلى تەبىئىيدىن بولىدۇ» دەپ چۈشەندۇرىدۇ.

## كۆز قاراش دىگەن نىمە؟

بىز، «ھەر كىمنىڭ كۆزقارىشى ئۆز ئالدىغا ھەرخىل بولۇشقا

كۆزقارىشى ھەرخىل بولۇشى تەبىئىدۇر. ئەمما چوڭ مەسىلىلەردە يەنى دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى، سىياسىي ئېقىم مەسىلىلىرى، ئىنسانلارنىڭ تەقدىرى، دىنى ئېتىقادقا ئوخشاش مەسىلىلەردە، ھەقىقى چىن ساغلام تازا ئەقىل يولباشچىلىق قىلغان بىر خىل كۆزقاراش قوماندانلىق قىلىشى لازىم. ئۇ كۆزقاراش يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن ئىسلامدۇر!!!

دېمەكچىمەنكى، ھەر كىشىنىڭ كۆزقارىشى ئۆزىگە توغرا، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە توغرا دەيدىغان ئاڭسىز زەئىپ ئەقىل ئۇقۇمى ئاللاھقا ھاقارەت قىلغانلىقتۇر!

ئەگەر ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇنى مۆلچەرلەپ، ھەجىم دائىرىسى، كۆلىمىنىڭ چەكلىنىش چېگرىسى قەيەردىن-قەيەرگىچە، قايسى جەھەتلەردىن كۈچلۈك، قايسى جەھەتتىن ئاجىزلىقىغا باھا بېرىش، بىر مۇرەككەپ ئىش بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ كېتىشمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ.

بەزىبىر كىشىلەرنىڭ مىجەز خۇلقى خاراكتېرىنى، ئۇ كىشىنىڭ تاماق يېيىشى كۆرسىتىپ بەرگەنگە ئوخشاش، ھەر كىشىنىڭ ئەقىل ئۆلچەم دائىرىسىنى ئۆزىنىڭ كۆزقارىشى شۇنچىلىك ئوچۇق ئېچىپ بېرىدۇكى، ھەتتا ئۇ كىشى بىلەن بولغان بەش مىنۇتلۇق سۆھبەتتە ياكى يازغان ئەسەر ۋە ئاڭلىتىشلىرىدىكى كۆزقارىشىدىن، ئەقىل ھەجىمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئېنىق دىئاگنوزنى ئەينى بويىچە خاتالاشماي قويالايسىز. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاساسلىق دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يېرى، سۆز مەزمۇنى ئىلمى رېئاللىققا يېقىنمۇ؟ ياكى ئەدەبىي تىل ماھىرلىقىغا تايىنىپ تەسۋىر تەخمىنلەرگە ئاساسلانغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىنقى سۆزى بىلەن كېيىنكى سۆز مەنىسى بىز ئوقۇپ ھەم ئاڭلاپ كېلىۋاتقان دانىشمەنلەرنىڭكىدەك بىر-بىرىگە قارشىمۇ؟

بەلكىم ئۇ كىشى ئاڭلاپلا ئالغان (ياكى ئوقۇپ ئالغان) ساختا سىياسىي تەشۋىقاتلارغا مەھلىيا بولۇپ كەتكەنلىكىدىن، چۈشەنچە رامكىسى تاشقى كۆرۈنۈشى رەڭۋازلىقتىن چىقالماي كېلىۋاتقىنىنى،

تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ھەم جىھاد قىلىشنى مەشىق قىلىش جەڭ مەيدانىدۇر.

ئىسلامدىن غەيرى ھەرقانداق قانۇن كۆزقاراشلارغا چىن دىلىدىن ئىتائەت قىلىش يولدىن ئازغانلىق بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ئاقىۋىتى پاجىئە ھەم خورلۇق بولۇپ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

بەزىبىر چالا موللىلار تەسىرىدىن جىھاد دېسە قان تۆكۈلىدىغان ئىشكەن دەپ چۆچۈپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ.

ئىسلامدا مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ساقلايدىغان بەش نەرسىسى بار ئىكەن، ئۇ بولسا «جىنى، دىنى، مال-دۇنياسى، ئائىلىسى، ئانا ۋەتىنى» بۇ ئىمانىنى قوغداپ، ۋەتىنىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىھاد توغرىسىدا: «ئاللاھنىڭ ئالدىدا جىھاد قىلىش، پەقەت دىنىنى، ۋەتەنىنى موداپىئە قىلىش ئۈچۈن، قورال كۆتۈرۈپ چىقىشلا ئەمەس، بەلكى شەرىئەتكە مۇۋاپىق غايىسى شەرەپلىك ھەرقانداق ئەمەل، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغانلىق بولىدۇ» دەپ ئېيتقان ئىدى. يەنە:

شۇنداقلا يالغۇز بەش پەرزنىلا مۇسۇلمانچىلىق دەپ چەكلەپ قويماي، ئوغۇل-قىز دېمەي بارلىق ئۈممەتلىرىنى بىلىم ئېلىشقا بۇيرۇپ، دىنى ئىلىمنى بىلىش ھەممىمىزگە پەرز بولغىنىدەك، ۋەتىنىنى، مىللىتىنى ساقلاپ قېلىشتا، زامانىۋى ئىلىم-پەننى بىلىشمۇ پەرز ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدى. تەپەككۇر قىلىڭ، ئەزىز قېرىنداشلىرىم!

ھەرقانداق ماددا ياكى شەيئىلەرنىڭ ئەھمىيەتلىك بەلگىلەنگەن ئۆزىگە خاس ئورنى بولغىنىغا ئوخشاش ھەربىر سۆزىمىزنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەھمىيەتلىك جايى بولىدۇ. شۇنىڭ قاتارىدا كۆزقاراش دېگەن چىرايلىق پەدەزلەپ ئالغان سۆزىمىزنىڭمۇ، ئۆز ئەھمىيىتىگە خاس ئورنىغا قويۇپ ماھىيىتى بىلەن ئىشلەتكەندىلا، ئۆز جايىنى تېپىپ قوللانغانلىق بولىدۇ.

مەسىلەن: ئائىلە تۇرمۇش ئۇششاق مەسىلىلەرگە ھەر كىشىنىڭ

ئەقىلنىڭ چىرىغىنى ئۇنىڭ بىھۇدە ئەپسانە شامىلى بىلەن ئۆچۈرمە» دەيدۇ.
يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «ئەقىل قەدىرىنى ئەقىللىقلار بىلىدۇ. ئەگەر ئالىملار ئەقىل ساتقان بولسا، ئۇنى بىلىملىكلەر ئالاتتى» دەيدۇ.
موللا ئەلەم شەھيارى: «نادانلار بىلەن ھەرگىز سۆھبەتتە بولما! ئۇلارنىڭ سۆھبىتى پىتنە قوزغاتقۇچى قاتىلدۇر» دەيدۇ. تەپەككۇر يەنە تەپەككۇر مەرھەمەت!
ئالىملارنىڭ ھېكمەتلىك دانا سۆزلىرىنى ئويلاپ مىسال قىلغانغا ئەجەبلەنمەڭ. چۈنكى مەن بىر ئاددىي پۇقرا بولغانلىق سۈپىتىم بىلەن ئالىملارنىڭ ئۆچمەس سۆزلىرىنىڭ تەسىرى ئۇنۇملۇك بولۇشىنى كۆزدە تۇتىمەن.
مەلۇمكى، بىزنى يولدىن ئازدۇرۇپ، بەختسىزلىك قاراڭغۇ زۇلمەت دۇنياسىغا پاتۇرۇپ قويغان قەدىناس دوستىمىز بولسا، بارلىق رەزىل ئىللەتلەرنىڭ خۇداسى سانىلىپ كېلىۋاتقان نادانلىق ئىكەن!؟
تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىمىزنىڭ زەئىپلىشىپ كېتىپ تەمەخور بولۇپ قېلىشىمىزغا زەھەرلەش رولىنى ئويناۋاتقانمۇ، ئەنە شۇ نادانلىق دوستىمىزدىن ۋاز كېچەلمەي كېلىۋاتقىنىمىزنىڭ كاساپىتى بولسا كېرەك.
يەھۇدىيلەر ئىلىم-پەن قابىلىيەت قەيەرگە بارسا، كۆتۈرمەي ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگىلى بولىدىغان، ئەڭ چوڭ تۆگىمەس بايلىق دەپ ساناپ قەيەرگە بارسا ئۇ بايلىقىدىن ئايرىلماي ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەنگە ئوخشاش، بىزمۇ بۇ دورايدىغان ئىشكەن دەپ، ئەجەللىك بايلىقىمىز نادانلىقنى، قەيەرگە بارساق ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، يەر شارىنىڭ ھەممە يېرىگە ئۇنۇملۇك ھوسۇل بېرىدىغان قىلىپ تېرىپ قويدۇق... تەپەككۇر قىل ئۇيغۇر ۋىجدانى!
يەنە بىر تەپەككۇر قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە: بىز ۋەتەندە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان مەقسەتلەرنى سىرتلارغا چىقىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مەجبۇرلانغان ئىدۇق. لېكىن بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، «ئەركىن دۇنياغا چىقتىم»، «يەر شارىنىڭ ھەممە يېرى بىز ئۈچۈن

شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق چوڭ-كىچىك مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىگە زەررىچە بولسىمۇ نەزەر سالالماي، ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ تەرجىمىھالىغىچە يۈز بەرگەن مەسىلىنىڭ پەقەتلا يىل، ئاي، كۈن سائەتلىرىغىچە ياد ئېلىۋېلىشنى دەسمى قىلىۋالغان نادان كۆزقاراش ئىگەنلىكىنى، بولۇپمۇ يېڭى-يېڭى ئىلغارلىق ئۇسۇللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تاجاۋۇزچىلىقلارغا بولغان ئېتىقادى چېكىدىن ئاشقان ئەخمەقلىقمۇ ياكى دانالىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆز ئاغزىدىن چىقىۋاتقان كۆزقاراش دېگەن ساتقىن كىسپۇرۇش، ئەقلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ كۆرستىپ چاۋىنى چىتقا يايغاندەك ئاغرىقنى يوشۇرغىلى قويماي، سىياسىي كورلۇق ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىسىمۇ، ھېچ خىجىل بولماي كۆرەڭلەپ يۈرۈۋېرىدىكەن؟!

بۇ ھەقتە: ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرى «ئاڭلىغاننى تەتقىق ھەم تەپەككۇر قىلىپ كۆرمەستىن، سۆزلەۋېرىش يالغانچىلىققا دەلىلدۇر» دېگەن بولسا، ئەلىشىر نەۋائى: «كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل خەزىنىسىدە گۆھەر ياكى ئۇششاق سەۋەب بارلىقى سۆزىدىن (كۆزقارىشىدىن) بىلىنىدۇ» دەپ ئېپادىلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «نادانىنىڭ سۆزىدە يالغان مۇقەررەردۇر، دۈشمەنىنىڭكىدە ئالداش تەسەۋۋۇر قىلىنغان، بىرىنچىسىگە سەل قارىما، ئىككىنچىسىگە ئالدانما!» دېگەن ئىستىقبالىمىزغا نۇر بولغان بۇ سۆزلەرنىمۇ چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىڭ!

دۇنياغا تەپەككۇر كۆزىڭىز بىلەن نەزەر سالسىڭىز، ئەقەللىي كىشىلەر بىلىم ئۈستىگە بىلىم ئېلىپ تەشنالىقىنى قاندۇرالماي دۇنيادىن ئۆتىدىكەن. ئۇلار بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ قالسىڭىز ياكى ئۇلارنىڭ ئەسەر نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىسىڭىز، ئەسەرلىرىنى ئوقۇسىڭىز ھارمايسىز ھەم تويمايسىز تېخى ئۇ كىشىگە ئامراق بولۇپ قالىسىز...

ئەكسىچە، نادانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسىڭىز ئۆزىڭىزگە جاي تاپالماي ھەسرەت قايناملىرىغا غەرق بولۇپ كېتىسىز.

بۇ ھەقتە ئەلىشىر ناۋايى: «نادان دوستنى دوست قاتارىغا كىرگۈزمە،

ئەجىرىمنى ئەھمىيەتلىك دەپ سانىغىنىم بىلەن، ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئوقۇغان زىيالىي دەپ ئېيتىشقا تىلىم كۆيىدۇ» دەپ نەق گەپنى ئېيتتىم. ئۇ دەيدۇ: «ئەگەر مەن ۋەتەن ئازادلىقى يولىدىكى ئۇلۇغ كۈرەشكە بىر كىشىلىك پايدىلىق ھەسسەمنى قوشالمىسام، ۋىجدانىم ئالدىدا لەنەت ئوقۇغان بولاتتىم» باتۇرلۇق بىلەكتە ياكى تىلدا بولمايدۇ، يۈرەكتە بولىدۇ. سىزنى سىناش ئۈچۈن قويغان سوئالىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەي: «بىز ھازىرغىچە بىر ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنى ئوقۇغان، زىيالىي دەپ كېلىۋاتىمىز، مۇنداق ئاددىي ئۆلچەم بىلەن باھالاش تولىمۇ كونا جەمئىيەت سېزىم دەرىجىسىگە خاس يەنى بىز ئېشەك ھارۋىسى بىلەن دۇغاپچىلىقنى كەشىپ قىلغان زامان سەۋىيە تەلىپىگە توغرا كېلەتتى؟

ئەپسۇسكى، بۈگۈن تەرەققىيات سۈرئىتى قوغلاپ يەتكىلى بولمايدىغان ھالەتتە ئىلگىرىلەپ كوسمۇستا ئەركىن ئۇچۇپ تەتقىق يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە، بىز تېخىچە كونا زامان ئەقىل كۆزقارىشى بىلەن ئۆمىلىگەن پېتىمىزنى بۇزماي ماڭاي دېمىسەك، تەلەپنى زامانغا ئەگىشىپ ئۆزگەرتىشنى بىلمىسەك، بىز ماختىنىپ، ئوقۇغان زىيالىي ئالىم دېگەنلەرنى، ھازىرقى زامان تەلىپىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتماقچى بولساق، ئەمدىلا ساۋاتى چىققانلارنى ئالىم سانىغانلىق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ؟

مۇنداق كۆزقاراش ئۇقۇمى، بىزنى كەينىگە چېكىندۈرۈپ قويماقتا. ئەمدى بىرنەچچە مىللەتلەر ھاياتىدىن مىسال كەلتۈرۈپ كۆرۈمىز. قىسقىچە:

1. قارا تەنلىكلەر: ئامېرىكا قارا تەنلىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئىنتىلىشى ھەم پىداكارلىق، كۈچلۈك ئىرادىسى بىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقانداق چوڭ ئورگان ساھەلىرىدە ئىشلىيەلەيدىغان، ھەتتا پرېزدېنت نامزاتى بولالايدىغان دەرىجىلەرگە ئېرىشەلىدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاتاقلىق ئالىم زىيالىيلار، چوڭ ھەربىي قوماندانلار، دۇنياغا تونۇلغان تەنھەرىكەتچىلەر، سەنئەتكارلار ۋە بارلىق ساھەلەردە تونۇلغان ئەربابلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۆز تۆھپىلىرىنى

ۋەتەن بولۇپ قالدى» دېگەن ئۇقۇم، ئاك سەۋىيە سېزىم بىلەن، نېمە ئۈچۈن چىققانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئەركىن دۇنيانىڭ ئىگىسى كىم ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەردە بىز ھامان كىم ئىكەنلىكىمىزنى، ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى قانداق بولۇشىنى، ئانىنى باسقۇنچىنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويغان، نامەردلىكنى تەپەككۇر قىلالمىغانلىقتۇر؟؟؟!!!

مۇنداق بەكمۇ ناچار چۈشەنچە تەقدىرى، ئاتىلىشتا مۇسۇلمان، قىلمىشى غەلىتە مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ، مەنىۋى جەھەتتىن خارابلىققا يۈزلىنىش قاتارىغا قوشۇپ قويىدۇ، خالاس!

ئىمام غەزالى «پەرۋانە كۈندۈزنىڭ يورۇقىنى ئىزدەپ، چىراغنى يوچۇق دەپ قاراپ قاراڭغۇدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۆيۈپ ئۆلگۈچە چىراغقا ئۆزىنى ئۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نادانلىقى ئەقىلسىزلىقىدىن شۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىشىڭىز مۇمكىن. ئىنسانىنىڭ نادانلىقى پەرۋانىنىڭ نادانلىقىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ نادانلىققا بېرىلىپ كېتىشى ۋە شۇ يولدا ھالاك بولۇشى، پەرۋانىنىڭ نادانلىقىدىنمۇ، چوڭ نادانلىق ھېسابلىنىدۇ» دەپ ئېيتىپ، ئەزىيەت چېكىشنىڭ مەنبەسى نادانلىق دەپ تەرىپلەيدۇ.

ئالىملار بۇ ھەقتە: «نادانغا سۆزلەش بىكار، كۆپ سۆزلەش تېخىمۇ يامان، ئازراق سۆزلىسە نەسىھەتمۇ بولۇپ قالار، لېكىن سۆزلىمىگەن ياخشىراقتۇر» دەپ كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن دېگەنلەرنىڭ ئەمگەك ئەقىدىسى بىھۇدە ئىنتىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئابدۇلقادىر ئەزىزى: «ئەقىلسىز بىلەن كورنى ھاقارەتلىمە، كوردىن نېمىنى ئۈمىد قىلماقچىسەن؟ ئۇنىڭ كۆرۈش ئەزاسى خاراب تۇرسا» دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئىدى.

مەيلى شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ھەقتە مېنىڭ كۆپرەك ئۈمىد قىلىدىغان چۈشەنچەم، بىلىمسىزلىك بىر تۇغما ئاپەت بولماستىن، ئادىمىيلىك پەزىلەت بىلەن ياشاشنى خالىغان ئىدرەكلىك ئىنسانلار، ئۇنى داۋالاپ قۇتۇلۇپ كەتكىلى بولىدىغان «نادانلىق» كېسىلى دەپ قارايمەن.

بىر كۈنى جامائەتچىلىككە تونۇلغان بىر كىشى سىز قەيەردە ئوقۇغان دەپ سوراپ قالدى. «مەن، خەلقىم ئۈچۈن قىلىۋاتقان

دۇنيادىن يوق قىلىپ تاشلاش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلمەكتە. بىراق ئىنىدىنئانلار ئۆز زېمىنىنى تارتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆز زېمىنىدا مۇساپىر بولۇپ قالغىنى بىزنىڭ تەقدىرىمىزگە ئوخشاپ كېتەمدىكىن...؟

قېنى ئەمسە بۇ ئەمەلىيەتنىمۇ چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ كۆرەيلىچۇ؟

3. چېچەن خەلقى: چېچەن خەلقى ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە قەتئىيلىك، قەيسەر ھەم ئىگىلمەس خاراكتېرلىك ئىرادىسى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھېچكىمگە بوزەك بولمايدىغان، بويسۇنمايدىغان ئۆم ئىناق خىسلەتلىرى بىلەن ھەممە مىللەتلەرنى قايىل قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارغا چېچەننىڭ ھەممىسى بىر تۇغقان قېرىنداش دېگەن تەربىيە سىڭدۈرۈلۈپ چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىدىغانلارنى ھەرگىزمۇ كەچۈرمەيدۇ ھەم رەھىم قىلمايدۇ.

بۇلاردىكى بۇ پاك ۋىجدانلىق خىسلەت مەجبۇرىيىتى، ئىمانىنىڭ ئىپادىسى بولغاچقا دۈشمەنگە باش ئەگمەي كۈرەش قىلىشقا مەدەت بېرىپ كەلمەكتە.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە قۇدرەتلىك تاجاۋۇزچى 200 مىڭدىن ئوشۇق رۇس ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنى نۇرغۇن چىقىملارغا ئۇچرىتىپ، ئۆز جاسارىتىنى دۇنياغا تونۇتالىدى. ھەتتا ياش غۇنچە قىزلىرى بىلىگە بومبا باغلاپ رۇس تانكىلىرىنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى تاشلاپ شېھىد بولۇشتىن قايتمىدى. چېچەن خەلقىنىڭ ۋەتەن-مىللەت ئۈچۈن جاسارەت كۆرسىتىپ ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى شەرەپلىك دەپ سانىشى، ئىسلامغا بولغان ئېتىقادى تەڭدىشى يوق قۇدرەت بولغانلىقتىن، قىرىلىپ تۈگەپ كېتىشۋاتسىمۇ ئىرادىسىدىن قايتماي، ئىسلام دۆلىتى قۇرىمىز دېگەن شوئار ئاستىدا كۈرەش قىلىپ كەلمەكتە.

چېچەنلەرنىڭ مىجەز خۇلقى توغرىسىدا بىر يۇمۇر بار: «بىر چېچەن كىشى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان جىنايىتى ئۈچۈن، سوت بولۇۋاتقاندا، سوراقچى ئۇنىڭدىن ‹ئېيتقىنا مۇھەممەد زادى نېمە ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈردۈڭ؟› دەپ سورىسا ئۇ ئىككىلەنمەيلا ‹ئۇ ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارى›

دۇنيا تەرەققىياتىغا قوشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جاسارىتىنى تونۇتۇپ قايىل قىلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ بىلەن يۈز يىلنىڭ ئالدىدا قول بازارلىرىدا مالنىڭ ئورنىدا سېتىلىپ، هايۋاننىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن قۇللۇق هالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئۇنتۇلماس تارىخ سۈپىتىدە قالدۇرۇپ قويۇشقا ئېرىشەلىدى. بۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەمەلىيەت، هېچبىر ئاسماندىن چۈشكەن ياكى بولمىسا غايىبتىن كېلىپ قالغان ئامەت بولماستىن، بەلكى دۇنيا خەلقىنى قايىل قىلىپ كېلىۋاتقان جەڭگىۋارلىق خاراكتېرىنىڭ غالىبىيەت نەمۇنىسىدۇر. مانا بۇ جانلىق كۆرۈنۈش، بىز ئۈچۈن ئۆلگە قىلىپ ئېلىشقا تېگىشلىك هايات پاكىتلىرىنىڭ بىرىدۇر.

2. ئىندىئانلار: ئىندىئانلارمۇ بىزگە ئوخشاش قەدىمى تارىخ مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان قەهرىمان خەلق بولغان ئىدى. (ئۇلارنى قەدىمى ئۇيغۇرلار دەپمۇ ئاتايدىكەن) ئۇلار، تېخى كولومبىيە ئامېرىكا قىتئەسىنى بايقاشتىن بۇرۇن، بۇ بىپايان كەڭ زېمىننىڭ خوجايىنلىرى بولۇپ ياشاپ كەلگەن ئىدى...

نېمە ئۈچۈن؟ بۈگۈنكى كۈندە تارىخى خىسلىتىنى يوقىتىپ، ئۆز زېمىنىنىڭ گادايلىرىغا ئايلىنىپ قالدى.

نېمە ئۈچۈن كۆچۈپ كەلگەن ئىمىگرانتلاردىن ياردەم سورايدىغان هالەتكە چۈشۈپ قالدى؟ ئۇنىڭ سەۋەبى بىرلا: ئۇلار زامان تەرەققىيات تەلىپىگە ئېتىبار بەرمەي، ئەسلىدىكى كونا كۆز قاراش قالاقلىقىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىمىدى. بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنىڭ هەممىسىگە تەقدىر دەپ باش ئېگىپ، قورساق تويغانغا، كېچىلىرى ئۇخلىماي گۈلخاننى چۆرگىلەپ ناخشا ئېيتىپ ئويناپ كۈلگەنگە رازى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈنگە ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇپتىلا بولدى.

بۇ ئەهۋالمۇ بىز ئۈچۈن ئىبرەت قىلىشقا تېگىشلىك تىرىك پاكىتلارنىڭ بىرىدۇر. شۇنداق بولسىمۇ هۆكۈمەت بۇلارنى يەر ئىگىلىرى دەپ ئېتىبار بېرىپ، هۆرمەتلەپ ئالاهىدە كەڭچىلىك قىلىپ، هېچقانداق بېسىم ئىشلەتمەيدىكەن. خىتايچۇ؟ ئۇنىڭ ئەكسىچە يەر ئىگىلىرى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن خوجايىنلىق قىلىپ بېسىم ئىشلىتىپ،

ھېلىقى بىز ئاڭلاپ كېلىۋاتقان، ئەرەبلەر ئاللاھنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئۇلۇغ مىللەت دېگەن ئەپقاچتى سۆزلەر؟ ئەمەلىيەتتە كورئانمەيدىغان پەقەتلا ئىسلامنى بۇرمىلاپ كېلىۋاتقان سوپىچاقلارنىڭ تىلىدا داستان ئوخشىمامدۇ؟؟؟

قىسقىسى، مەھمۇد قەشقىرى: «ھەقىقى دوست بېشىڭغا غەم كەلپەت چۈشكەندە مەلۇم بولىدۇ» دەپ ئېيتقىنى بوگۈنكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولسا كېرەك.

ئەگەر بىز ۋەزىيەت رېئاللىقىنىڭ تەلپىنى چۈشىنىشنى خالىغان بولساق، ئۇلاردىن ئۈمىد قىلىپ رەنجىمەستىن، ئۆزىمىزدىن رەنجىپ ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشىمىز زۆرۈر ئىكەن!

زادى ئۇلار بىزنى ئوچۇقتىن ئوچۇق يەكلەپ ئەيىبلىمىسىلا، شۇنىڭغا رازى بولۇشتىن باشقا چارە يەنىلا بىلىمسىزلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ؟

بۇ دېگەنلىك ئۇلاردىن ۋاز كېچىپ كېتىش دېگەن مەنا چىقمايدۇ. بىز ئۇلارنى ئاڭلىق چۈشىنىشكە تىرىشىپ قېرىنداشلىق رىشتىمىزنى ئۈزمەيمىز.

بىر پۈتۈن مىللەتنى يوققا چىقىرىپ قارىلاشتىن ساقلىنىمىز. ھەربىر مىللەتتە ياخشى-يامان ئىللەتلەر مەۋجۇت بولىدۇ. بىراق بىرلىرىدە ئىلغارلىق كۆپ پىرسەنتنى تەشكىل قىلسا، بىرلىرىدە كەم پىرسەنتنى ئىگەللەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق مىللەتنى ئۆزىگە خاس مىجەز ھەم ئەخلاقنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك شەكىللىنىپ چىققان پىرسەنتنىڭ ئالاھىدە كۆپلۈكى بىلەن باھالاپ كېلىۋاتىمىز.

دۈشمەن مىللەتنىڭمۇ بىزگە قارىتا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياستى دۈشمەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەقنى قوللاپ كېلىۋاتقان ئادىل پۇقرالىرىنىمۇ سىياسەتكە قوشۇپ دۈشمەن دەپ ئەيىبلەشتىن ساقلىنىمىز.

تىبەت توغرىسىدا: تىبەتنىڭ بىزگە ئوخشايدىغان يېرى يالغۇزلا شۇكى ئۇمۇ خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدا ئىكەنلىكى بولسا، ئوخشىمايدىغان يېرى، نېمە ئۈچۈن تىبەتنى پۈتۈن دۇنيا پۇخرالىرىغىچە

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. سوراقچى يەنە: ‹ئۇنداق بولسا ساڭا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىمىز› دەپ، ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن سەۋەب كۆرسىتەمدىكىن دەپ ئويلاپ پۇرسەت بەرگەن بولسىمۇ، مۇھەممەد: ‹ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى› دەپ يۈرەكلىك ھالدا قىسقىلا جاۋاب بەرگەن...» (مۇبادا ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا مىللەت بولغان بولسا يالۋۇرۇپ كەچۈرۈم سورايتتى بەلكىم...) بۇ يۇمۇر چېچەن خەلقىنىڭ تەبىئىتىنىڭ ھەقىقى باش ئەگمەس، قورقماس قەتئىيلىكىنى تەستىقلاپ تۇرغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەلىسەك، ئەڭ پايدىلىق نەتىجە بېرىدىغان ئىبرەتنامە بولاتتى دېمەكچىمەن.

ئەرەب مىللىتى توغرىسىدا: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتى ئەرەب بولغانلىق شۆھرىتى بىلەن ئۇ مىللەتنى ئەزىز كۆرۈپ، ھۆرمەتلەپ ئىسلامغا ئۆرنەك قىلىپ كېلىۋاتىمىز. ئەگەر ئەرەبلەر ئىسلامغا ئىتائەت قىلىشتا ئۈلگىلىك بولغان بولسا، بىز ئۇلارنى ھەقىقى ئۈلگە قىلىپ ئالغان بولساق ئىنتايىن ياخشى بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئەمەلىيەت ئۇنى كۆرسەتمىدى! ئەرەبلەر ئەزەلدىن جاھىل ھەم رەھىمسىز بولغاچقا (پۈتۈن مىللەت دېگەن مەنا ئەمەس، ئورتاق شەكىللىنىپ چىققان مىجەز خاراكتېرى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن ئازاب-ئوقۇبەت، جاپا-مۇشەققەتلەرنى تارتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم بولسا كېرەك.

ئەرەبلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتىگە ۋاكالەتلىك قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىپمۇ قويمايدىكەن. ئاتىلىشتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈلگىسى سانالغىنى بىلەن، ئۆز مەنپەئىتىنى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىپ، پاناھسىز قالغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا، شۇنداقلا قېرىنداشلىق مېھرىگە موھتاج بولۇۋاتقان پەلەستىن ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، مۇسۇلمانچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش خىيالىغىمۇ كىرمەيدىكەن؟

بۇ رېئاللىق، ھەتتا ئىنسانچىلىققىمۇ توغرا كەلمەيدىغان بىر ئەھۋال تۇرسا بىز يەنە نېمىدەپ ئۇلارنى ئۇلۇغ مىللەت ساناپ ئېتىقاد قىلىشىمىز كېرەك؟ قايسى كىتابتا يېزىلىپتۇ ئەرەبلەر ئۇلۇغ مىللەت دەپ؟ قېنى

بەرگەن ھە؟ ئاپىرىن، سىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراسىتىڭىزگە! سۆيۈملۈك ئوغلان ئەھمەد ئىگەمبەردى ئەپەندىم!

ئەگەر ئەھمەدجانغا ئوخشاش رېئاللىقنى ئۇيغۇن كۆزىتىپ ئوچۇق باھا بېرەلەيدىغان پەرزەنتلىرىمىز كۆپلەپ يېتىشىپ چىققان بولسا تۈيۈق يوللارغا كىرىپ قالمايتتۇق. قېرىنداشلار! بۇ مەسىلىلەرگە ھەسرەت چېكىشتىن باشقا ئامال بارمىدۇ...

بەزىبىر ماتېرىياللارغا قارىسىڭىز، شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىبەت مەسىلىسىدىن بۇرۇن ھەل بولىدۇ دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ئادەمنى ئالداپ خۇشال قىلىدىغانلارمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىغاندەك قىلىدۇ؟

كىم ۋەتەننىڭ ئەركىنلىكىنى ئارزۇ قىلمايدۇ؟ ئاغزىمىزدىن نېمە سۆز چىقسا ئۇ ئەمەلگە ئاشىدىغان بولسا كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي شۇ ئارزۇنى ئېيتاتتۇق. بىراق ئەمەلىيەتكە خىيالپەرەسلىك ئەمەس، ئەمەل لازىم بولۇۋاتامدۇ؟

مېنىڭچە، خەلقىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئالداپ ھەم قايمۇقتۇرۇپ، پەدەزلەنگەن يېقىملىق نادان سۆزدىن، ئاچچىق بولسىمۇ ئەھمەدجان ئېيتقان سۆزدەك ئوچۇق ئېيتىلغان ھەقىقەت بىزنى توغرا يولغا باشلاپ چىقىپ كېتەلەيدۇ دېمەكچىمەن.

دالاي لاما ئۆزىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتى پۈتۈنلۈكى، قانۇنلۇق دىنى داھىيلىق سۈپىتى بىلەن  ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىكى ئابرۇيىنىڭ يېتەرلىكلىكىدىن، پۈتۈن بۇددىزم دۇنياسىنىڭ غايەت كۈچلۈك قوللىشىغا ھەم ئامېرىكا ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ تىبەت دەۋاسى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشىگە ئېرىشتى. مەرھەمەت چوڭقۇر ساغلام تەپەككۇر! قايتا چوڭقۇر چۈشىنىپ تەپەككۇر قىلىڭ!

دالاي لامانىڭ نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى پۈتۈن دۇنيانىڭ قوللىغانلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي تىبەت ئۈچۈن مۇختارىيەت بېرىشتىن باشقا چارە قالمىغانلىقىنى بىلىپ، يەرلەشتۈرگەن كۆچمەنلەرنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇرلىنىپ جان تالاشماقتا!

دوختۇرلارمۇ كېسەلنىڭ كېلىپ-چىقىش مەنبەسىگە ئېنىق

تونۇيدۇ؟ بىزنى تونۇمايدۇ؟ بۇ سوئالغا ھەممىمىز بىردەكلا: «بىزمۇ دۇنياغا ئۆزىمىزنى تونۇتۇشىمىز كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىمىز. بەلكىم بەزىلەر: «بىزنىمۇ ھازىر تونۇشقا باشلىدى» دەپ جاۋاب بېرىشى ئېھتىمال.

بۇ يۆزەكى كۆزقاراش پىكرىگە قارىتا چۈشەنچە بېرىپ يورۇتۇپ بېرىش ئۈنچىلا كۆپ پاكىت تەلەپ قىلىپ كەتكىدەك مۇرەككەپ مەسىلە بولمىغانلىقتىن، ۋەدىمىز بويىچە قىسقا ئىخچام قىلىپ بىرنەچچە مىسال ئېلىپ كۆرەيلى:

1997ـ يىلى 24 ئاپرېل كلىنتون دالاينى قوبۇل قىلىپ ئۇنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى... شۇ يىلىدىن باشلاپ تىبەت مەسىلىسى ئامېرىكىدا رەسمى كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى... ئىيۇن ئايدا، ئامېرىكا تىبەتكە پەۋقۇلئاددە ھوقۇقلۇق باش ئەلچى تەيىنلىدى... ھەتتا ئاۋستراليىدىمۇ تىبەتنىڭ ۋاكالەتخانىسى بار.

1997ـ يىلى 27ـ مارت خىتاي رەھبىرى لى دىڭ خۇي تۇنجى قېتىم دالاي بىلەن كۆرۈشۈپ تىبەتنىڭ مۇستەقىللىقى مەنپەئىتى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى...

يەنە ئامېرىكىنىڭ بېسىم كۈچى بىلەن خىتاي تىبەت ۋەكىللىرى مەخپىي ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشتى. خىتاي، تىبەت مەسىلىسىنى ئېتىراپ قىلماسلىققا ئامالسىز قېلىپ، تىبەت مەسىلىسى شىنجاڭغا ئوخشىمايدۇ، شىنجاڭنىڭ تىبەتكە ئوخشاش ئاساسى يوق دېگەنگە ئوخشاش ئۇيدۇرمىلارنى چىقىرىپ، يىلتىز تارتىش ئىگىدارچىلىق قىلىش سىياسىتىنى ئۇچۇقتىن-ئوچۇق كۈچەيتىپ كەلمەكتە...

تىبەت توغرىسىدا خەلقىمىز ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن قابىلىيەتلىك ئەرباب ئەھمەد ئىگەمبەردى مۇنداق يېزىپتۇ: «تىبەتلىكلەر ئالدىدا، چەت ئەلدىكى بارچىمىزنىڭ ۋەتەن دەۋاسى بويىچە قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىز بىر تامچىدەك سىزىلىدۇ» قىسقىسى، تىبەتلىكلەرگە ئوخشاش بىرلىكىمىز، يېگانە لىدىرىمىزنىڭ يوقلۇقى» دەپ نېمىدېگەن ئاڭلىق تۈردە ئۆزىنى ئالداشنى دەسمى قىلىۋالماي، مەسىلىنىڭ ئەينى ماھىيىتىنى بىر جۈملە سۆز دانالىقى بىلەن ساغلام خۇلاسە چىقىرىپ

ئاڭلىغان ھەر تۈرلۈك خىيالى، تەخمىن، تەسەۋۋۇرلارنى ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈپ تەربىيىلەشكە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن قارشى تۇرۇپ جەڭ قىلىشقا ئاتلانغانلىقىم ئۈچۈن، ئەقىل كۆرسەتكۈچى مەنبە بولاقلىرىدىن سۇغۇرۇلغان، ئىسلام دەستۇرى بىلەن ئۇنىڭ پەرمانلىرىنى تەسۋىر ئەتكەن، مۇتەپەككۇر ئالىملارنىڭ ئۆچمەس ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى يادرو قىلىپ ئالدىم. چۈنكى شەخسى كۆزقاراش ياكى پەرەز قىلىشلارنى ئىپادىلەش، بىلىملىك ساغلام ئەقىل كىشىلەر ئالدىدا ئۇياتلىق ھەم ئېتىبارسىز دەپ قارايمەن!

ئۇشبۇ تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىر يۇمۇرنى ئەسلەپ كۆرەيلى: ئۇزۇن مەزگىل تۈرمىدە يېتىپ چىققان بىر كىشى ئۆزبېكىستانغا بېرىپ قاپتۇ، بۇ يەردىكى مەمۇرچىلىقنى كۆرۈپ مېۋە، يەل-يېمىش ئالماقچى بولۇپ، سېتىقچى ئۆزبېك كىشىدىن: ئاناردىن بىر كىلو دەپ بولۇپ، ئۇنى ئۆلچەپ بېرىشكىمۇ ۋاقىت بەرمەي كاشىلا قىلىپ توختىماي ئالمىدىن بىر كىلو، ئۈزۈمدىن بىر كىلو، گۈل قاقتىن بىر كىلو ، ياڭاقتىن بىر كىلو دەۋەرگەندىن كېيىن ھېلىقى ئۆزبېك كىشىنىڭ ئاچچىقى كەلگەندەك قىلىپ، بىر ئالىيىپ قويۇپ «شاشماڭ ھەي» دېسە بۇ ئۆزىنى تۇتالماي قالغان كىشى «ئوندەي بولسە شاشمايدەن يەم بىر كىلو بېرىڭ» دېگەن ئىكەن...

دېمەكچىمەنكى، ئەگەر قايسى بىرىمىز شۇ شاشمايدەن بىر كىلو يەۋالغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز شاشمايلى! بىر ئاز بولسىمۇ ئۆپكىمىزنى بېسىپ ئالايلى! ئاندىن ھوشىمىزغا كېلىۋالايلى! ئەڭ ئاخىرىدا مەسىلىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە چوقۇنۇپ ئۇنى ياد ئېلىۋالماي، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئۇنىڭ ئاستىغا يەنى ئارقا كۆرۈنۈشىگە يوشۇرۇنغان تولىمۇ مۇرەككەپ سېھىرگەرلىكنىڭ سىرىنى بىلىشكە قىزىقىسىڭىز، باش قاتۇرۇپ ئاۋارە بولۇپ كەتمەڭ. پەقەتلا رېئاللىققا تەپەككۇر قىلىڭ! چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈڭ مەرھەمەت!

شاشمايدەن ھەرگىز بىر كىلودىن ئارتۇق يەۋالماڭ. ئەزىز قېرىندىشىم! بۇ بىر ئۇلۇغ مىللەت تەقدىرى ئەمەسمۇ؟

بۇ ماقالىنى ئاڭلىق رەۋىشتە چۈشىنىپ تىلەكداشلىق بىلدۈرگەن

دىئاگنوز قويالىغاندىلا ئاندىن ئاغرىقنى داۋالاپ ساقايتىپ چىقالايدۇ.
بىز بولساق ئۆزىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان كېسەللىرىمىزگە ئوچۇق دىئاگنوز قويالماي، ئىدىيىۋى بىرلىك تەلپىنى ئالدىمىزغا قويغىلى 50 يىلدىن ھالقىپ كەتتى. بۇ خاتا دىئاگنوزدىن تېخىمۇ خارابلىشىپ كېتىپ بارغان كىشى قانچە كۆرەڭلەپ شۇنچە ۋاقىت ئىنجىقلىسىمۇ، ئۇ تولغاقتىن بىرەر مۆجىزە چىقىپ كۆزگە كۆرۈنمەيۋاتقانلىقى چۈشىنىكسىز ئەھۋالمىدۇ ياكى ئۆيدە يەيدىغان ھېچنەرسە يوق تۇرۇپ، بۇرۇتنى مايلاپ چىقىپ پولۇ يېدىم دەپ كۆرەڭلىگەنلىكىمۇ؟
تۇخۇمۇ جىنىدا تۇغۇپ بولۇپ ئاندىن «ئەي خالايىق بىر مۆجىزە تۇغدۇم ئاجايىپ، قاقاق، قاقاق، پۇت قولى يوق ھەجەپ بىر پوقاق دەيدىكەنغۇ؟ ئاسارەت زۇلۇمى ئازادلىقنى تەشنالىق بىلەن تەلەپ قىلغانغا ئوخشاش، بىز ئۆتكۈزۈۋاتقان خاتالىقلارمۇ ساغلام ئەقلنى ئىشقا سېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بولمىسا ئەھۋال پەۋقۇلئاددە ئېغىر، ئېغىر بولغاندىمۇ بەكمۇ خەتەر ئۈستىدە، بەكمۇ مۇرەككەپ ھەم چاتاق. چاتاق بولغاندا دەھشەت چاتاق، چىقىپ كەتتى رىلىستىن چاق. يارىلىش كېرەك ئىدى بىرەر مۆجىزە بولسىمۇ پوقاق...
ئەسەر يازماق قابىلىيىتىمگە يارىشا ئىنتايىن مۈشكۈل بىر ئەمگەك بولسىمۇ، ئۇنى ئەڭ بۈيۈك ھەم ساۋابلىق ئىبادەت دەپ سانايمەن. بىراق ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئاز كۆڭۈل ئاغرىشى بىلەن زەربىسىنىڭ كۆپلۈگىنىمۇ يادىمدىن ھەرگىز چىقىرىپ قويمايمەن.
بۇ تەنقىدى ئەسەرنى ئەدەبىي تىل ماھىرلىقى بىلەن بىزەپ چىقىش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىمنى خاتالىق ياكى ئەيىب دەپ قاراپ ئولتۇرمىدىم. ئەڭ مۇھىمى بۇ مىسكىن يۈرەك قاتلاملىرىمدىن ھېسداشلىققا تەشنا يەنى خەلقىم بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولۇپ، ئەمەلىي ھايات پاكىتلىرىدىن ئېلىنغان يالقۇنلۇق سەرگۈزەشتلىرىم، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ئوچۇق ھەم مەزمۇنى چوڭقۇر ئىپادىلەندى دەپ قارايمەن.
ئەسەردە رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئېنىقلانمىغان،

ئىرادە قىلىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئۆچمەس قانۇن-نىزام يولى بىلەن ياشاشنى ئۆگەتتى. بۇ ئۆزگەرمەس قانۇن-نىزامنىڭ ئىسمى ئىسلامدۇر. ئىسلام دېگەن سۆز «بويسۇنۇش» دېگەن بولۇپ، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا كۆرۈنۈشتە ھەم چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ ياشاش دېمەكتۇر.

ئىسلام قانۇنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋتى بىلەن، جەگدە شېھىد بولۇش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىپ دۇنياغا تارقالدى. ئۇيغۇرلار دەسلەپتە توتېمىزم، شامانىزم، مانىزم ۋە بۇددا دىنى ھاياتلىرىنى باشتىن كەچۈردى.

ئىسلام ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستانغا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئۈچىنچى ھۆكۈمدارى سۇتۇق بۇغراخان ئارقىلىق 930- يىلى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى ئىسلام ئۇيغۇر دۆلىتى ۋۇجۇدقا چىقتى. تۈرك قوۋملىرىنىڭ قوبۇل قىلىش جەريانى 1212- يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا داۋاملاشتى.

ئىسلامىيەتتىن ئالدىنقى مۇسۇلمانلار تارىخىغا ئۆلگە قىلىپ بەيتۇللاھنىڭ تارىخى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بەيتۇللاھ (كەئبە) مۇسۇلمانلار ئۇلۇغلاپ ھەج قىلىدىغان، نامازدا يۈزلىنىدىغان مۇقەددەس جاي بولۇش بىلەن پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادى ھاياتىدا ئويناۋاتقان رولى گەۋدىلىك تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە. بەيتۇللاھنىڭ تارىخى ئىسلام بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنمۇ ئۇزاق مەزگىل مۇھىم رولىلارنى ئويناپ كەلگەن تارىخ بولۇپ، ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىراقتا تۇغۇلۇپ ئۆستى. ئۇنىڭ ئاتىسى بۇتلارنى ياساش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئىبراھىم دادىسىغا ياردەملىشەتتى. ئىبراھىمدا بۇتتىن يىرگىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ، بىر كۈنى بۇتخانىدىكى بۇتلارنى چېقىپ تاشلاپ بىرلا يوغان بۇتنى قالدۇرۇپ قويىدۇ.

بۇددىستلار ئىبراھىمدىن «ھەي بۇ ئىشلارنى سەن قىلدىڭمۇ؟» دەپ سورىغاندا ياق مەن قىلمىدىم، ئۇنى ماۋۇ چوڭ بۇت قىلدى،

ساغلام ئەقىل قىرىنداشلىرىمغا چىن قەلبىمدىن ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. ئېتىبار بەرمەيدىغانلار ئالدىدا گۆھەرنى تاشقا ئۇرۇشنى خالىمايمەن. نەقىلاي ئىلاجىم يوق!

**نۆۋەتتىكى ماقالىمىز ئىسلام ھەققىدە**

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن
مۇنداق بىر ئۇلۇغ تېما ئۈستىدە توختۇلۇپ ئۇنى يورۇتۇپ بىرىش سەۋىيە قابىلىيىتىمگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇرەككەپ مۈشكۈل ھەم شۇنداقلا خۇشاللىقىدىن كۆڭۈل ئاغرىقى بىلەن زەربىسى كۆپ ئىش بولسىمۇ، ئەمما مەندىكى ئىسلامغا بولغان قىزىقىش، ئىنتىلىش روھىنى ئاللاھ ئۆزى دىلىمغا سالغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆزى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىشىگە ئىخلاس قىلىپ يېزىپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالىدىم! شۇنىڭدىمۇ كامچىلىق ۋە خاتالىقلاردىن خالى بولالماسلىقىم تەبىئىدۇر! ئوقۇرمەن كىتاپخان قىرىنداشلىرىمنىڭ ئەسىرنىڭ ئاساسلىق نوختا قىلغان ماھىيىتى ئۈستىدە ئاڭلىق تۈردە ئانالىز قىلىپ، سەممىي ئەستايىدىللىق بىلەن ساغلام جۇلاسسە چىقىرىپ ئىلىشىغا ئاللاھ ئۆزى يار بولغاي! ئامىن!
بۇ ماقالە «ئازابلىق يۈرەك ئاۋازى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئىسلام ھەققىدە يېزىلغان پارچىسى بولۇپ، يېزىلغان ھەم يېزىلىۋاتقان بارلىق تارماق تېمىلىرىدا شەخسلەرنىڭ ئىتىنى ئاتاپ ئەيىبلەشتىن ساقلىنىمەن.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ گۇناھ قىلغانلارنىڭ ئىتىنى ئاتىماي «بىزدە مۇنداق ئەھۋاللار بار ئىكەن» دەپ ئېيتىپ شۇ يامان ئىشنى قىلماسلىققا دەۋەت قىلىپ چەكلەشكە تىرىشقان ئىدى.

**ئىسلام دىگەن نىمە؟**

ئاللاھ، بەندىلىرىگە مۇنتىزىم بىر قانۇن ئاستىدا ھايات كەچۈرۈشنى

(«پەيغەمبەرلەر ۋە خان پادىشاھلار تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 1 ـ توم 179 ـ بېتىدە ئىبراھىم ئاللاھ تائالانىڭ ۋەھيىسى بىلەن كەلگەن دەپمۇ تەرىپلىنىدۇ.)

بۇ جاي ئەزەلدىن گىياھسىز، سۇسىز ئادەمزاتسىز جاي بولغاچقا يەيدىغان، ئىچىدىغان تۈگەپ بالا يىغلايدۇ. ھاجەر سۇ ئىزدەپ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا يەتتە قېتىم چېپىپ كەلسە ئىسمايىل پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ تۇرغاندا توساتتىن سۇپسۈزۈك سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ كارامىتى زەمزەم بۇلىقى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ.

بۇ يەردىن داۋاملىق ئۆتۈپ يۈرگەن جۇرھۇم ئەرەب قەبىلىسىنىڭ كارۋىنى ھاجەر بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ خۇشاللىققا قىزىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قېلىشقا ھاجەردىن رۇخسەت ئالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىسمائىل جۇرھۇم قەبىلىسى ئىچىدە ئەرەب تىلىدا سۆزلەپ چوڭ بولۇپ شۇ قەبىلىنىڭ جىدا ئىسىملىك قىزىغا ئۆيلىنىدۇ.

ئىبراھىم ئوغلى ئىسمائىلنى كۆرگۈسى كېلىپ سارەنىڭ رازىلىقى بىلەن يولغا چىقىپ ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. ئىشىكنى قاقسا جىدا چىقىدۇ. ئېرىڭ قېنى دەپ سورايدۇ ئىبراھىم، ئوۋغا كەتكەن دەيدۇ جىدا. ئىبراھىم، مېھمان كۈتەلەمسەن دەپ سورايدۇ. جىدا ياق، ئۆيۈمدە ئادەم يوق دەپ جاۋاب بەرگەندە، ئىبراھىم ئېرىڭ كەلگەندە سالام دە، ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىنى يەڭگۈشلىۋەتسۇن دەپ قايتىپ كېتىدۇ. ئىسمائىل ئوۋدىن قايتىپ كەلگەندە جىدا ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىسمائىل دەررۇ جىدانى تالاق قىلىۋېتىدۇ. كېيىن ساما ئىسىملىق قىزغا ئۆيلىنىدۇ.

ئىبراھىم ئىسمائىلنى سېغىنىپ يەنە يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن سارە بىلەن مەسلىھەت قىلىپ ئۇنىڭ قوللىشى، رازىلىقى بىلەن يولغا چىقماقچى بولغاندا، سارە ئېرىگە ئىسمائىلنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئاتتىن چۈشمەسلىكنى شەرت قىلىدۇ.

ئىبراھىم كېلىپ ئىشىكنى قاقسا ساما چىقىدۇ. خوجاڭ قېنى؟ دەپ سورايدۇ ئىبراھىم. ئوۋغا كەتكەن، خۇدا خالىسا قايتىپ كېلىدۇ، ئاللاھ

ئىشەنمىسەڭلار ئەگەر ئۇ سۆزلىيەلىسە ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭلار»[4] دەيدۇ.

بۇتپەرەسلەر ئىبراھىمنىڭ بۇ ئىشى ئۈچۈن ئۇنى ئوتقا تاشلاپ جازالىماقچى بولغان بولسىمۇ ئاللاھ ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنى پاناھىدا ساقلاپ قالىدۇ.

شۇڭلاشقا ئىبراھىم خوتۇنى سارەنى ئېلىپ پەلەستىنگە قېچىپ كېتىدۇ. كېيىن مىسىرغا كېلىدۇ. شۇ چاغدا مىسىر پادىشاھى ساھىبجامال ئاياللارنى كۆرسە ئەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تارتىۋالاتتى. ئىبراھىم بۇ ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن سارەنى مېنىڭ سىڭلىم دەپ قوياتتى. شۇنداق بولسىمۇ پادىشاھ سارەنى تارتىۋالىدۇ. پادىشاھ ئىبراھىمنىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى سېزىپ قېلىپ، سارەنى نۇرغۇن سوۋغا-سالاملارغا قوشۇپ ھاجەر ئىسىملىك چۆرىنى ھەدىيە قىلىپ، ئىبراھىمغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاللاھ ئۇنى يەنە قوغداپ قالىدۇ.

سارە تۇغماسلىقى ئۈچۈن كۆڭلى ئۆتۈپ، سارە ئىبراھىمنىڭ ھاجەرنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىشىغا رازى بولۇپ، ئۆزى تەلەپ قىلىدۇ. ھاجەر تۇغۇپ ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئىسمائىل قويىدۇ. ھاجەرنىڭ ئايغى يارىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سارەمۇ بىر ئوغۇل تۇغۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىسھاق دەپ ئاتايدۇ.

كۆڭلەر، ئايلار، يىللار ئۆتۈپ سارە ئېرى ئىبراھىمنىڭ ھەر ئىككى ئوغلىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلغىنىدىن نارازى بولۇپ، كۆڭلەشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى كۆزۈمدىن يوقات دەپ ئېرى ئىبراھىمغا بېسىم ئىشلىتىدۇ.

(مەن ئويلايمەنكى، ئاللاھ ئاياللارنى شۇنچىلىك كۆچلۈك ھۆكۈمران قىلىپ ياراتقان بولسا كېرەك) ئىبراھىم ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ئايالى ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ پەلەستىندىن ھىجازغا قاراپ ماڭىدۇ. بىر چۆل جەزىرە جىلغىغا كەلگەندە بىرئاز يېمەك-ئىچمەك قالدۇرۇپ ئۆزى قايتىپ كېتىدۇ...

---

[4] سۈرە ئەنبىيا 26 ـ 36 ـ ئايەت.

بولىدۇ. ئۇنىڭ مېيىتى مەسچىت ھەرەمنىڭ ھەجەرولئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىغا ئانىسى ھاجەرنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

بەيتۇللاھ بۇتپەرەسلەر قولىدا بەش ئەسىردەك داۋام قىلىدۇ. كىشىلەر ھەر تەرەپتىن تاغ-داۋان، دەشتى-چۆللەرنى كېزىپ ھەج قىلىش ئۈچۈن، قۇربانلىق قىلىپ بۇتقا نەزىر بېرىش ئۈچۈن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ كېتەتتى. بۇ مەۋسۇم كاتتا سودا-سېتىق بازىرىغا ئايلىناتتى، كەلگەنلەر بەس-بەستە مال سويۇپ نەزىر قىلاتتى. مالنى قۇرەيشلەردىن ئالاتتى.

روشەنكى بۇتپەرەسلىك تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا ماددىي مەنپەئەت ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ بۇتقا چوقۇنغان زامانىدىن تارتىپ مال سويۇپ نەزىر قىلىش ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ يولىدا ئوغلىنى قۇربانلىق قىلماقچى بولغانلىقىغا تەقلىد قىلىنغان يوكسەك پائالىيەت دەپ مەدھىيلىنىدۇ.

بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ، قۇربانلىق، نەزىر بېرىش پالچىلىق، بۇتپەرەسلىك يامراپ كېتىپ تاشلارغىمۇ چوقۇنۇش ئەدەپ كېتىدۇ. بۇ ھال بەيتۇللاھ ھەم ھەجەرولئەسۋەدكە چوقۇنۇشلا ئەمەس، بەيتۇللاھنىڭ سىرتىدىكى ئۇششاق تاشلارنى ئېلىپ بارغان يەرلىرىدە ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ ئۇنى سىلاپ، سەجدە قىلىپ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنىمۇ شۇ تاشتىن سورايدىغان ھالەت ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان (بىر نەرسە ئېسىمغا كېلىپ قالدى بۇ ئەھۋال ھېلىقى ماۋنىڭ سۈرىتىنى ھەربىر ئۆيگە چاپلاپ ئېلىپ ھەممىنى ئۇنىڭدىن سوراپ قىلىغانلىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن).

كەچۈرسىلەر ئۆز تېمىمىزغا كەلسەك: ئەرەبلەر بۇ جاھالەت دەۋرىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشنى خالىمايتتى. بىراق ئاللاھنى ئەڭ ئۇلۇغ ياراتقۇچى، پەيغەمبەر ئەۋەتكۈچى دەپ تونىسىمۇ، ئاللاھتىن تىلەك تىلەيدىغان شاپائەتلىك ۋاستە بولۇش كېرەك دەپ قاراپ، بۇتلارنى ئاللاھ بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ چوقۇنۇپ دۇئا قىلاتتى.

ئابدۇلمۇتەللىپ زامانىسىدىن ئۈچ ئەسىر مۇقەددەم مەككىنىڭ ئاقساقىلى مەداد دۈشمەنىنىڭ تەھدىتىدىن قورقۇپ، ئالتۇن كۈمۈش

رەھمەت قىلسۇن ساڭا، قېنى ئاتتىن چۈشۈپ ئارام ئال دەيدۇ ساما.
سەن مېھمان كۈتەلەمسەن؟ دەيدۇ ئىبراھىم. ساما، ئەلۋەتتە دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا سۈت-گۆش كەلتۈرىدۇ. ئىبراھىم سارەنىڭ شەرتى بويىچە ئاتتىن چۈشمەي ئەر-ئايال ئىككىسىنىڭ بەختىگە دۇئا قىلىدۇ.

ئىبراھىم ئاتتىن چۈشۈشكە ئۇنىمىغاندىن كېيىن ساما ئۆيدىن بىر تاشنى ئېلىپ چىقىپ ئاتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، كېيىن سول تەرىپىگە قويۇپ بېرىدۇ. ئىبراھىم ئۆزەڭگىدىن پۇتىنى چىقىرىپ تاشقا دەسسەيدۇ، ھەر قېتىمدا ساماغا بېشىنى ئېگىپ بېرىدۇ ساما چاچلىرىنى تاراپ مايلاپ قويىدۇ.

ئىبراھىمنىڭ ئوڭ ھەم سول پۇتى تاشقا ئىز قالدۇرغان بولۇپ، مەزكۇر تاش ماقامى ئىبراھىم دەپ ئاتىلىپ، ھازىرقى بەيتۇللاھ يېنىغا ئورنىتىلغان.

ئىسمايىل 30 ياشقا كەلگەندە ئىبراھىم ئاخىرقى قېتىم ئۇنى يوقلاپ كېلىدۇ. بۇ نۆۋەت ئۇنىڭغا ئاللاھ بەيتۇللاھنى بىنا قىلىشنى ئەمر قىلغانىدى.

ئىبراھىم كېلىپ ئىسمائىلنىڭ زەمزەم بۇلىقى يېنىدا ئوقيا ياساپ ئولتۇرغىنىنى كۆرىدۇ. ئىبراھىم: «ئى ئىسمائىل ئاللاھ ماڭا بىر ئۆي سېلىشنى ئەمر قىلدى. سېنى ماڭا ياردەملەشسۇن دەپ بۇيرىدى» دېگەندە، ئىسمايىل: «مەنمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىمەن» دەپ دادىسىغا تاش توشۇپ بېرىدۇ. تام ئېگىزلەپ بويى يەتمەي قالغاندا ھېلىقى ساما پۇتىغا قويۇپ بەرگەن تاشقا دەسسەپ تام قوپۇرىدۇ.

ئەڭ ئاخىرقى قارا تاش (ھەجەرولئەسۋەد) يەردىن ئالتە غېرىچ ئېگىزلىكتە ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇ تاش مالائىكىلەر ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن چۆل-جەزىرىگە جايلاشقان بۇ كەڭلىكى 700 قەدەممۇ كەلمەيدىغان تار جىلغا تەرەققىي تېپىپ مەككە شەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام 12 ئوغۇل تېپىپ 137 يېشىدا ۋاپات

ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى قىلدى. ئابدۇلمۇتەللىپ ئوغلى ئابدۇللاھقا ئامىنەنى ئېلىپ بەردى. ئابدۇللاھ تويدىن كېيىن قۇرەيش كارۋانلىرىنى باشلاپ تىجارەت سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ.

سەپەرگە كېتىپ ئابدۇللاھ بىر ئايدىن كېيىن ۋاپات بولىدۇ. يەنى ئامىنە بىلەن ئىككى ئاي بىللە ئۆتۈپ 25 يېشىدا ۋاپات بولغان. شۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئانىسى ئامىنەنىڭ قورسىقىدا ئىككى ئايلىق ئىدى.

ھىجرىيىنىڭ 960- يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسى سۇلتان سۇلايمان زامانىسىدا بەيتۇللاھ ئۆگزىسى قايتىدىن يېپىلدى. 1021- يىلى سۇلتان ئەھمەد زامانىسىدا ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىندى.

1039- يىلى ئىككى كۈن كەلكۈن كېلىپ بەيتۇللاھ سۈنىڭ ئىچىدە قالدى. ئوسمان ئىمپېرىيە سۇلتانىنىڭ ياردىمى بىلەن بەيتۇللا 1040- يىلى قايتىدىن ياسالدى. ھەجەرولئەسۋەد بۇ نۆۋەت كۆمۈش رامكىغا ئېلىنىپ ئورنىغا قويۇلدى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادى 571- يىلى 4- ئاينىڭ 21- كۈنى پىل ۋەقەسى يىلى تۇغۇلدى. چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىپ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ كېلىپ مۇھەممەد دەپ ئات قويدى. بۇ ئىسىم بۇرۇن ئەرەبلەردە قوللىنىلمىغان بولۇپ، مۇھەممەد دېگەن «ماختاشقا مۇناسىپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى ھەققىدە ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز.

خرىستىئان دىنى ھەققىدە: ئىنجىل ئىسرائىل ئەۋلادىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھتىن نازىل بولغان ئىلاھى كىتابتۇر.

ئۇنىڭدا بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان ۋە ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىنىڭ يېقىنلاشقانلىقى

بايلىقلارنى زەمزەم بۇلىقىغا تاشلاپ، ئۈستىنى توپا بىلەن تىندۇرۇپ ئىز قالدۇرماي يەمەنگە قېچىپ كېتىدۇ.

مەككىدە ئىچىش سۇ بولمىغانلىقتىن ھەربىر قەۋم ئۆز ئالدىغا قۇدۇق كولاپ نام قويۇۋالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ قۇرەيشلەر زەمزەم بۇلىقىنىڭ قەيەردىلىكىنى تېپىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئابدۇلمۇتەللىپ زامانىسىغا كەلگەندە، ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ چۈشىدە ئۇدا ئۈچ قېتىم ئايان بولۇپ، بۇلاقنىڭ ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئابدۇلمۇتەللىپ خەلقنىڭ نارازىلىقى توسالغۇلۇقلىرىغا قارىماي ئوغلى ھارىس بىلەن كۆپ جاپا-مۇشەققەت تارتىپ بۇلاقنى كولاپ تېپىپ مەداد كۆمۈپ تاشلاپ كەتكەن قىممەتلىك مەدەنىي بۇيۇملارنى بەيتۇللاھنى بېزەشكە ئىشلىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ زەمزەم بۇلىقى زىيارەتچىلەرنى سۇغۇرۇپ مەككىنى جانلاندۇرىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تەبىئىي مۇھىتى بىپايان قۇملۇقلار بولغاچقا تاجاۋۇزچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمىغان ئىدى. لېكىن يەھۇدىي دىنى كۆچەيگەندىن كېيىن خرىستىئان دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىپ كۆپلىگەن توقۇنۇش جېدەل-ماجىرالار يۈز بەرگەنىدى.

ئابدۇلمۇتەللىپ بەيتۇللاھ ئىشلىرىنى باشقۇرغان بولۇپ، ئۇ ئەگەر ئاللاھ ماڭا ئون ئوغۇل ئاتا قىلسا، بىرىنى قۇربان قىلىمەن دەپ ئەھدە قىلغان، ئارزۇسىغا يېتىپ ئوغۇللىرىنى يىغىپ ئارزۇسىنى ئاقلاشنى ئېيتىدۇ. ئوغۇللىرى سىز نېمە دېسىڭىز بىز رازى دەپ رازىلىق بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتەللىپ پالچىلار ئارقىلىق چەك تاشلاش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا چەك كەنجى ئوغلى ئابدۇللاھقا چىقىدۇ. ئۇ بىر قولىدا پىچاق بىر قولىدا ئابدۇللاھنى يېتىلەپ بۇتلارنىڭ ئالدىدا ئابدۇللاھنى بوغۇزلىماقچى بولغاندا، قۇرەيشلەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، سەن ئۇنداق قىلساڭ ئادەتكە ئايلىنىپ قالسا قانداق قىلىمىز. سەن يەنە بىر قېتىم داڭلىق پالچىغا پال ئاچقۇزۇپ چەك تاشلاتقۇزۇپ كۆرۈپ باق دەپ ماقۇل قىلىدۇ. ئابدۇلمۇتەللىپ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ پالچىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن نەزىر قىلغان تۆگىنىڭ سانى يۈزگە يەتكەندە چەككە تۆگە چىقىپ — ئابدۇللاھنى

تەۋرات ــ ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ئىلاھى كىتابتۇر.

زەبۇر ــ ھەزرىتى داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ئىلاھى كىتابتۇر.

پەرىشتىلەر ـ نۇردىن يارىتىلغان مەخلۇق بولۇپ، يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى شەرتسىز بەجا كەلتۈرگۈچىلەردۇر.

چوڭ پەرىشتىلەر تۆت بولۇپ، 1. جىبرىل ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەر ئوتتۇرىسىدا ۋاستىلىك رولىنى ئوينايدۇ. 2. مىكائىل تەبىئەتنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل (يامغۇر، شامال يەر تەۋرەش...) 3. ئىسراپىل قىيامەتتە ئىنسانلارنىڭ تىرىلىش سۇر تارتىشقا مەسئۇل. 4. ئەزرائىل ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆمرى ئاخىرلاشقان كىشىلەرنىڭ جېنىنى ئېلىشقا مەسئۇل.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى پەرىشتە بولۇپ، بىرى كىشىلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ياخشىلىقلارنى خاتىرىلىسە، يەنە بىرى سول تەرىپىدە يامانلىقلارنى خاتىرىلەيدۇ.

جىن ئاللاھ تائالا ئوتتىن ياراتقان، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئىستېمال ھەم كۆپىيىشتە ئىنسانلارغا ئوخشاش، ئىبادەتتىن جاۋابكار ئەقىللىق مەخلۇقتۇر.

شەيتان ئوتتىن يارىتىلغان مەخلۇق بولۇپ، كىبىرلىك بىلەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان. ئۇلار تۈرلۈك ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىپ ئىنسان ۋە جىنلارنى ئاللاھقا ئىسيان قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ.

خرىستىئانلارنىڭ ئېتىقادلىرى، شەرىئىتى ئەسىرلەر ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرسا، مۇسۇلمان ئەقىدىسى ۋە شەرىئىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ قىيامەتكىچە ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ كۈچنى ھېچقانداق كۈچ ھېچقاچان توسالمايدۇ.

ئىنجىلنى يازغانلار پەيغەمبەر ئەمەس. ئىيسادىن كېيىن 4 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئىنجىل كىشىلەر ئارقىلىق يېزىلغان (كىشىلەرنىڭ سۆزى). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان قۇرئاننى ۋاقتىدا

بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلگەن بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان.

ئاللاھنىڭ ئىنجىلدىكى ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلىش دېگىنى ئىيسانىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ شەرھلەندى.

ئۇلارنى نېمە ئۈچۈن كاپىر دەيمىز؟

خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىغا ئەمەل قىلغان بولسا ۋە شۇنىڭدىكى ئەھكاملار بىلەن ھۆكۈم چىقارغان بولسا ئەلۋەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆز دىنلىرىغىمۇ كاپىر بولمىغان بولاتتى. ئەگەر ئۆز كىتابلىرىغا، ئىيسا ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلمىغان بولسا ئاللاھنىڭ نەزىرىدىن ئايرىلىپ كاپىر بولۇپ قالمايتتى.

ئىيساغا نازىل قىلىنغان ئىلاھى كىتاب ئىنجىل مۇرىتلىرىنىڭ قولىدا يوقالغان. كېيىنكى ئەسىرلەردە كىشىلەر قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلغانلىقىغا مۇسۇلمان ھەم خرىستىئان ئالىملىرى ئىتتىپاقتۇر. شۇندىن باشلاپ خرىستىئان دىنى دەۋەتچىلىرىدىن تۆت ئادەم ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىققان تۆت خىل ئىنجىل مەيدانغا كەلدى.

ئەسلى ئىنجىلدىكى دىنى ئەقىدە قۇرئان كەرىمدىكى دىنى ئەقىدە بىلەن ئوخشاشتۇر. ئىيسامۇ مەن خۇدانىڭ ئوغلى دەپ دەۋا قىلمىغان. ئىنجىل ئەسىرلەر ئۆتىشى بىلەن ئۆزگىرىشلەر كىرگۈزۈلۈپ ئەسلىدىكى دىنى ئەھمىيىتىنى يوقاتقان. ئۇلار ئۈچ ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلىدۇ 1ـ ئاللاھ بولۇپ، ئۇ ئاتا. 2. ئىيسا ئوغلى. 3ـ جىبرىل بولۇپ، ئاللاھ مۇشۇ ئۈچىنىڭ بىر كىشىدىن تەركىب تاپقان دەپ ئۈچكە ئەقىدە ھەم ئىمان كەلتۈرىدۇ.

قۇرئان كەرىم ـ ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ئىلاھى كىتابىدۇر.

ئىنجىل ـ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرگەن ئىلاھى كىتابتۇر.

ئاخۇنۇمنىڭ ئىسلامغا دائىر خىسلەتلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز:

خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە يالقۇنلۇق ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان سابىت ئاخۇنۇم 1880- يىللىرى قەشقەردىن ئۆز يۇرتداشلىرى بىلەن، يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى هازىرقى قۇرام يېزىسىغا ئورۇنلىشىدۇ. ئەينى زاماندا قەشقەردە بەش يىل ئوقۇپ ئۈلگۈرگەن ئىكەن. شۇ ۋاقىتلاردا قۇرام ئايدالا بىر جاي بولۇپ، ئاخۇنۇمنىڭ بۇ يەرگە كەلگەن ۋاقتى ياش يىگىت ۋاقىتلىرى ئىدى،ئۆزىنىڭ بىلىم ئەقىل پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى بىلەن يۇرتنىڭ هۆرمەت-ئىززىتىگە سازاۋەر بولۇپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ شۈكرى قىلىپ سەۋرچانلىق قىلىپ ئولتۇرماستىن، بىلىم ئېلىش تەشنالىقىنى قاندۇرۇش نىيىتى بىلەن، دۇنيا كېزىپ بىلىم يۇرتلىرى بولغان مەككە، مەدىنىلەرگە، هاجى بولۇشنى ئاساسلىق مەقسەت قىلغان هالدا ئەمەس، بەلكى بىلىم ئاشۇرۇش نىيىتى بىلەن بېرىپ، ئۇ يەردە ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ ئىككى يىل بىلىم ئالغاندىن كېيىن قۇرامغا قايتىپ كېلىپ ئۆيلىنىپ ئاندىن يەنە بىلىم ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇش مەقستى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. (قۇرام ئالمۇتا چېلەك رايونىنىڭ غۇلجا يولىدىكى يېزا) بۇ مەزگىللەردە سەپەرگە چىقىپ دۇنيا كېزىش ئۈچۈن هېچقانداق شارائىت يارىتىلمىغان بولسىمۇ، ئىلىمگە بولغان هەۋەسكارلىقى جاپا-مۇشەققەت ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ يېڭىپ چىقىشقا روهلاندۇرغان ئىدى...

ئۇ بۇ نۆۋەت مەككە، مەدىنە، بۇخارا، سەمەرقەنت، تاشكەنت قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئېلىپ، شۇ يەردىكى ئاتاقلىق دىنى ئۆلىما-ئالىملار ئالدىدا ئۆزىنىڭ مۇدەررىس سۈپىتى بىلەن ئابرۇيغا ئىگە بولىدۇ.

ئۇ ئون ئىككى يىل مەككە، مەدىنىدە، بەش يىل بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق بىلىم دەرگاھلىرىدا بىلىم ئېلىپ ئالىملارنىڭ شۆھرىتىگە ئېرىشىپ قۇرامغا قايتىپ كېلىدۇ.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا هەر دائىم قەشقەر هېيتگاھ مەسچىتى

يېزىش ئۇچۇن تۆت كاتىپ بەلگىلەنگەن، ئەتراپىدا يۈزگىچە ساھابىلەر يېزىشقا ئالاتتى. قۇرئان كەرىم 23 يىلدا نازىل بولۇپ، ئۇنى يازدۇرۇش بىلەن بىرگە يادلىناتتى.

ئىلىم-پەن تەرەققىيات مەدەنىيەت چوققىسىدىكى ئىسرائىللار شەرىئەت دۆلىتى قۇرۇشتا تەۋرات شەرىئىتىنى قالاقلىق دەپ قارىمىدى.

خرىستىئانلارمۇ دۆلەت مۇراسىملىرىدا مۇھىم دۆلەت خىزمەتلىرىدە ئىنجىلنى تۇتۇپ قەسەم قىلىپ ساداقەتلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ دىنلار ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي ئېتىشىگە پۇتلاشمىدى. قالاقلىق قىلمىدى. ئەجەبا بىزنىڭ چالا ساۋات داھىچاقلىرىمىز، بۆھتانچىلىرىمىز، مۇبارەك دىنىمىز ئىسلامنى خۇراپىيلىق، قالاق دەپ قارا چاپلاپ كۆپچىلىك خەلق ئاممىسىنىڭ قولىلىشىدىن مەھرۇم قالدى. بۇ داھىچاقلىرىمىز زىيالىيلىرىمىز نادان ھەم بەزەڭلىكىدىن ئىسلامنى ياقتۇرماي تۇرۇپ، ئاغزىدا كوممۇنىستلارغا قارشى ئىكەنلىكىنى كۆرستىشكە تىرىشقىنى بىلەن، ئەمەلىي ھەرىكەت، كۆزقاراش پىكىرلىرىدە ئۇلار بىلەن قەلبىنىڭ ئوخشاشلىقىنى، قىلمىشى ھەم ئۆز تىلى بىلەن ئىپادىلىنىۋاتقان كوممۇنىستلارنىڭ تەرگەن مېۋىسىنىڭ ھوسۇلى، پۇتۇنلەي ئەپتى بەشىرىسىنى پاش قىلىپ چاۋىنى چىتقا يايغاندەك ئاشكارىلاپ كەلمەكتە. تەپەككۇر قىلىڭ. (تىل بىلەن ئىپادىلىنىۋاتقان كۆزقاراش دېگەن كىسپۇرۇش، ئەقلىنىڭ ئۆلچىمىنى پاش قىلىپ بېرىدىغان ۋاستە ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەپەككۇر ماقالىمىزدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.) ئۇلاردىن كوممۇنىستلارغا قارشى بولغان دىنى كىتابلارنى ئوقۇپ تەتقىق قىلىپ باقسىڭىز بولامدۇ؟ دېسىڭىز تولغاق يەپ ئىنجىقلىغاندىن باشقا تۇتامى بار بىرمۇ سۆزنى ئاڭلىيالمايسىز. ھەممىگە ئايانكى ئۇلار ئىچىدە قەلبىمدىكى دوستلارغا قارشى بولغان كىتابلارنى نېمە دەپ ئوقۇيمەن دەپ ئويلىغىنى ئۈچۈن، ئۇ سۆزنى تېشىغا چىقىرالماي تولغاق يەيدۇ، تامام. تەپەككۇر!

ئەمدى مەرىپەتپەرۋەر دىنى ئالىم ئالىيجاناب ئىنسان شېھىد ساۋۇت

ئېلىپ چىققاندا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇۋېلىشقا رۇخسەت ئېلىپ، جاللاتلارغا قەيسەرلىك بىلەن لەنەت ئوقۇپ گەۋدىسىنى تۇتۇپ بېرىدۇ...

بۇ ماقالەمدە تارىخ سەھىپىلىرىدە پاجىئەلىك ئىز قالدۇرغان بۇ ۋەقەنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۇم.

بۇ قەلبىمىزگە داغ قالدۇرغان ئۆتمۈشنى، ئۇلۇغ زات ساۋۇت ئاخۇنۇمنى ھەربىر **ئۇيغۇر** نامىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىنسان، قايغۇرۇش ھېسسىيات بىلەن، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە چوڭقۇر چۆكۈپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ھەرگىز ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقى لازىم، ئىلاھىم!

ئۇنىڭ نامى ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئەل بولۇپ قالغۇسى. ئەۋلادلار تومۇرىدا جۇش ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان قان ئاخۇنۇمنىڭ قېنى. ئۇ قان ئاخۇنۇمنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئۇنىڭ يېتەلمىگەن ئارزۇ-ئارمانلىرىنى،ئەل-ۋەتەن ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا ئىشەنچىمىز كامىل، ئامىن!

هاۋادا جەۋلان قىلۇر باشقا مىللەتلەر،
قالدۇق بىز ئۇلاردىن بەكمۇ ئارقىدا ئويلان ئۈممەتلەر،

مەرھۇم داموللا ئابدۇلقادىر ناھەق كەتتىلەر،
گۇناھى نېمە؟ پەقەت بىزگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر.

ئابدۇلقادىر داموللام 1854-يىللىرى ئاتۇشنىڭ مەشھەت يېزىسىدا ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ.

مەشھەت، مەشھۇر **ئۇيغۇر** خاقانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسر سامانى دەپنە قىلىنغان جاي بولۇپ، خەلق تىلىدا «ھەز سۇلتىنىم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئابدۇلقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان مۇتەپەككۇر، كاتتا ئالىم، ناتىق، مىللەتپەرۋەر مائارىپچى، تالانتلىق شائىر ۋە ئالىيجاناب ئۇستازدۇر.

مەدرىس تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرامنى ئاتاقلىق ئىلىم دەرگاھىغا ئايلاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلىپ خەلقنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، كۆرۈنىشى قەشقەر ھېيتگاھ مەسچىتىگە ئوخشاش كاتتا مەسچىت ھەم مەدىرىسنى تۆت يىل ئىچىدە پۈتتۈرۈپ چىقىدۇ.

سابىت ئاخۇنۇم دىنى ئۆلىما، مەرىپەتپەرۋەرلىك سۈپىتى بىلەن تالىپلارغا دىنى تەلىمات، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە پەنلىرىدىن دەرس بېرىدۇ. شۇ ۋاقىتلاردا ئىككىنچى بۇخارا دەپ ئاتالغان بۇ بىلىم يۇرتىغا يەتتىسۇ، تاشكەنت، بىشكەك ۋە ئىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مۇسۇلمانلار كېلىپ ئوقۇپ بىلىم ئېلىپ كېتەتتىكەن. مەسچىتنىڭ كۆلىمى يەنى جۈمە نامىزىنى ئون مىڭغا يېقىن ئادەم كېلىپ ئوقۇيدىكەن. مەدرىسىدە 500 دىن كۆپ تالىپ داۋاملىق بىلىم ئالىدىكەن. ئۇنىڭ ھەقىقى مۇتەپەككۇر ئالىم، يېتىشكەن دىنى زات ئىكەنلىكى پۈتۈن ئاسىياغا مەشھۇر بولغان ئىدى.

1918- يىلى باشلانغان ئۇيغۇر بېشىغا كەلگەن كۈلپەت «ئاتو پاجىئەسى» يەتتىسۇ تەۋەسىدىكى بىگۇناھ ئاددىي پۇقرا **ئۇيغۇر** مىللىتىنى تۆت ياشتىن چوڭ بىرمۇ ئەر ئۇيغۇرنى قويماي رەھىمسىزلىك ۋەھشىيانە قاتىللىق بىلەن 20 مىڭ ئۇيغۇرنى قىرىپ تاشلايدۇ. كوممۇنىستلارنىڭ دۇنيا يۈزىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان ياۋۇزلۇق ھەم ئەشەددىيلىكى، قارشىلىق قىلىش خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمىغان، سىياسەت دېگەن نەرسىگە ئارىلاشمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ جەسەتلىرىنى تاغ كەبى دۆلەپ، قانلىرىنى ئېرىق قىلىپ ئاققۇزغان ئىدى.

بۇ قىرغىنچىلىق پاجىئەسى ئالمۇتىدىن باشلاپ غۇلجا يولىدىكى بارلىق ئۇيغۇر مەھەللىلىرىنى قانغا بوياپ خەلقنى ئالدىغا تىزىپ قويۇپ لاۋاردا ئەڭ قاتتىق قىرغىنچىلىق بىلەن ئوققا تۇتىدۇ. ماي ئېيىنىڭ ئاخىرىدا قانخورلۇق قىرغىنچىلىق قورامغا يېتىپ كېلىدۇ.

بىرىنچى كۈنى مىڭغا يېقىن **ئۇيغۇر** ئەرلىرىنى، ئىككىنچى كۈنى 300 گە يېقىن تالىپلارنى مەدرىسىدىن ئېلىپ چىقىپ بىر سەپ قىلىپ تىزىپ قويۇپ قىرىپ تاشلايدۇ. ئۈچىنچى كۈنى ئاخۇنۇمنى سۆرەپ

ھىمىشەم ئۇلارنى تەنقىدلەپ بىزنىڭ شوئارىمىز «ئاللاھنىڭ سەلتەنەت ھوقۇقىنى ئەركىنلىك دېيىشكە بىز ھەقلىقمىز» دەپ مىللەتپەرۋەر بولۇپ ھۆرلۈك تۇغىنى تىكلەشكە ئۈندەيدۇ.
بىر كۈنى ئۆزىنى دىنى ئۆلىما يۇرتىنىڭ گۈلتاجىسى دەپ ھېسابلايدىغان نۇرغۇن مېھمانلار قاتناشقان بىر زىياپەتتە ئۇنىڭ سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ بىر قىسمىنى يېزىپ ئۆتەيلى: «مەن بۇ ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان چاي زىياپەتلەرگە زادى رازى ئەمەسمەن. چۈنكى ئەل-ۋەتەنىنىڭ كۈنى ئىنتايىن ئېغىر، ھالى بەكمۇ تەس ۋە نەس ئۆتمەكتە. سوپى موللا مۆتىۋەر ئىشان ئۆلىمالار ھەممە ئىشنى كونا ئىزغا چۈشۈرۈپ قويۇپ يېڭىلىققا يول بەرمەي ھالاكەتكە ماڭماقتا! يۇرسەتنىڭ قولدىن كېتىپ بېرىشى ياخشى ھادىسە ئەمەس.
مۇنداق ھالەتتە ھەرقانداق ۋىجدان ئىگىسى قانداقمۇ جىم تۇرالايدۇ؟ يۇرت بولسا نادانلىق جاھالەتتە، خەلقىمىز خار موزەللەتتە قالغىنى بىلەن كارىمىز يوق، ئابرۇي تالىشىشتەك قىلىپلاشقان ئادەت ئىجراسىدىن باشقا ياخشى ئەمەللەرنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلدۇق. نېمە ئۈچۈن نەقەدەر بۇزۇلۇپ كېتىپ ئىنساپ قىلمايمىز؟
ئۆلىمالار خۇددى شاپاققا ئولاشقان چىۋىندەك، قەيەردە نەپ بولسا، شۇ يەرگە ئالدىراپ ئىمانىنى يوقىتىپ تەماخورلۇقنىڭ سېسىق پاتقاقلىرىغا بوغۇزى بىلەن تەڭ چۆكۈۋالغىنىغا، ئەل-ۋەتەنىنىڭ دات-پەريادى نالە-پىغانلىرىغا كۆز يۇمۇپ ئەما ھەم گاس بولۇۋالغىنىڭلارغا چىدىماي ئۇچۇق ئېيتسام چېچىلاڭغۇلۇق بولامدىكىن؟
ھەممىمىز يۇرتنىڭ بېشى، كۆزى تورۇقلۇق پولۇ يەپ تاۋاق بىكارلاپ، توقلۇقتىن كارىلداپ ئەزىز بالىلىرىمىز كوچىلاردا كۆلگە ملىنىپ ئاچ-يالىڭاچ قالسىمۇ، نېمە ئۈچۈن مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئۇلارنى ئاجىز مىسكىنلەرنى ئۆز قويىنىمىزغا ئېلىپ تەربىيلەپ غەمخورلۇق قىلمايمىز؟ پۈتۈن ئىشتىياقىمىز بىلەن قولغا كەلگەن تىللا تەڭگىلەرنى ئەۋرەزلەرگە كۆمۈپ خاتىرجەم ياشىساق، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاسىي گۇناھكار بولۇپ قالماسمىزمۇ؟ كەچۈرىسىلەر سۆزنى مۇشۇ

ئۇ مەشھەتتىكى ھەزرىتى سۇلتانىيە مەدرىسىدە ئاندىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇپ ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بولىدۇ. كېيىن بۇخاراغا بېرىپ «ئابدۇلئەزىزخان» مەدرىسىسىدە قۇرئان كەرىم، ھەدىس، ئىلمى تەجۋىد، ئىسلام تەلىماتلىرى، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساب دەرسلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ چىقىدۇ. شۇنداقلا ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنىمۇ مۇكەممەل ئۆگىنىپ چىقىدۇ. ئاندىن سەمەرقەنت، ئۇفا قاتارلىق شەھەرلىرىگە بېرىپ مۇدەررىسلىك قىلىدۇ. كۆپلىگەن دەرسلىك كىتابلارنى تۈزۈپ نەشر قىلىپ تارقىتىدۇ.

1907- يىلى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ خەلقنىڭ چاررۇسىيە، برىتانىيە، مەنچىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ تاپىنى ئاستىدا خارلىنىۋاتقانلىقىنى، دىنىي دۈشمەنلەرنىڭ چىدىغۇسىز كەمسىتىشلەر بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، خەلقنىڭ ئۆز زېمىنىغا خوجايىنلىق قىلىشنى يوقىتىپ قويغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى، قۇرئاننى ئاساس قىلىشنى چۈشەنمەي، (خۇددى ھازىرقى زامان ھاياتىمىزغا ئوخشاش) دىنىي ئېتىقادىنى تولۇق جارى قىلالماي كېلىۋاتقانلىقتىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ غەزەپلىنىدۇ. ئۇ چەتنىڭ مائارىپىنى تولۇق ئىگىلىگەن، باي تەجرىبىلىك، ئەقىل پاراسەت بىلەن ئۇيغۇر مائارىپىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ماتېرىياللار جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بارىدۇ.

پەننى ھەم دىنىي مەكتەپلەرگە بېغىشلانغان دەرسلىك كىتابلارنى يېزىپ چىقىپ قەشقەردىكى بارلىق ئالىم مۇددەرىسلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. لېكىن موللا ئىشان مويسىپىتلەرنىڭ كۆرەلمەسلىك قىلىپ پەتىۋا چىقىرىپ توسقۇنلۇق قىلىپ قارشى تۇرۇشى بىلەن نىشانغا يېتەلمەي 1918- يىلى ھىندىستان ئارقىلىق مەككە، مىسىرلارغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالىم-ئۆلىمالىرى بىلەن ئىلمى سۆھبەت مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تونۇلۇپ شۆھرەت قازىنىدۇ.

قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ خەلقنىڭ قوللىشى، ھىمايىسىگە ئىگە بولۇپ، باش قازى بولۇپ سايلىنىدۇ. ئابدۇلقادىر داموللام ئاچ كۆز تەسلىمچى ئەمەلدار مەككار سوپى ئىشان جان باقارلارغا نەپرەتلىنىپ

ئوغرىلىماقتا. بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئۇلار ئايىماي يۈز سەر تەڭگە سەرپ قىلماقتا. بىز بالىلىرىمىزغا دەررە ئۇرۇپ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى جاراھەتلەندۈرمەكتىمىز. بۇ ئىشلارنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىمەسمۇ؟ ئىنگلىز، شۋېتلار قانداق يول، قانداق مەقسەت بىلەن بىزگە مېھمان بولۇپ كېلىپ قالدى؟ ئۇلارنى كىم چىللاپ كەپتۇ؟ ئۇلار بىزگە ھېچقاچان مېھمان ئەمەس. مېھمان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار باشتا قويرۇق ئوينىتىپ كەلگەن بىلەن ئاستا ـ ئاستا پېيىمىزنى قىرىپ بايلىقىمىزنى ئوغرىلاپ بىزنى شالاڭ بورىغا تاشلاپ داغدا قويغۇچى بۇلاڭچىلاردۇر!!!» دېگەن ئىدى.

قېنى ئەمىسە ساغلام ئىمان غۇرۇرى بىلەن بۇ ئاچچىق ساۋاقلارنىڭ بىرىنى بولسىمۇ تەپەككۇر قىلىپ كۆرەيلىچۇ. بۇ ئۆچمەس يالداما سۆزلەرنى ئۆزىنى ئەقىللىق دانا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقاردىمۇ ياكى ئۆز مىللىتىگە جان كۆيدۈرۈپ كېلەچەكتە، بۇ ھازىرقى زامان كاپىرلىرى مېھرىبان دەپ خاتالاشقان ساۋاقلارنى تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن ۋەسىيەت قالدۇردىمۇ؟ ئاھ جان! ئاھ دەردىما! بىزنىڭ پەرۋايىمىز پەلەك، بىز ھەممىدىن ئەقىللىق، چۈنكى بىز دېگەن ئادەتتىكى ئاتالمىش بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن زىيالىي ئەپەندىم ياكى دۇنيا ئالىمى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسپات تەلەپ قىلىنمىسا كېرەك. ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىش ئۈچۈن ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىش، ئۆلىمالارنىڭ جان بېقىشقا پۈتلىكاشاڭ، ئەنگلىيە، شۋېتسىيە كونسۇلخانىلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخقا ئايلىنىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەرنىڭ ئەڭ چوڭ ئۆلىماسى ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللام بىلەن، ئۆمەر باي دېگەن خائىنلار ئەنگلىيە، شۋېتسىيە كونسۇلخانىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئەمەت دېگەن مەخلۇق تەلۋىنى سېتىۋېلىپ، 1924ـ يىلى 14ـ ئاۋغۇست كۈنى ئۆز ئۆيىدە پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. جۇدالىق ھەسرەت ئىلكىدە قالغان مىڭلىغان تالىپلار:

يەردە توختىتىپ، مۇناسىۋەتلىك بىر رىۋايەتنى ئىخچاملاپ قىستۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلىپ قالدى.

ئابدۇلقادىر داموللامغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئىچ كۆيەر ئەربابلىرىمىز قاقشاپ زارلاپ ئاڭلىتالماي ئۇلارنىڭ ئۆمرى پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقان بولسىمۇ، ئۇ تۈزەلمەس ئىللەت بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

رىۋايەت: شىڭ شىسەي ستالىنغا «ئۇيغۇر خەلقى بەك نامرات خەلق ئىكەن، سىزدىن ئالغان قەرزنى قانداقمۇ قايتۇرارمەن» دەپ قاقشاپتۇ. ستالىن كۈلۈپ قويۇپ «كىم سىزگە ئۇيغۇرلارنى نامرات دەيدۇ. ئۇلار ئەسكى چاپان كىيىپ، ۋەيرانە تاملىقلاردا ئولتۇرۇشنى ئادەت قىلىۋالغان! ئاشۇ ئەسكى چاپانلىق بايلار تاملىرىنىڭ ئۇلىغا كۆمۈپ ساقلاۋاتقان ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى چىقىرىدىغان بولسا، موسكۋادەك چوڭ شەھەردىن نەچچىنى قۇرۇشقا قۇدرىتى يېتىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز ئۇلارنىڭ تاملىرىنى كولاپ بېقىڭ...» دەپتىكەن. دېگەندەك شىڭ بايلارنى تۇتۇپ، سولاپ ئالتۇنلىرىنى ئىقرار قىلغۇزۇپ يىغقاندا ئۆزى ھەيران قېلىپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدىكەن. بۇ بايلار ئۆزلىرى يېمەي-ئىچمەي يىغقان ھېسابسىز ئالتۇن-كۈمۈشلىرىدە مەكتەپ ئاچماي، زاۋۇت قۇرماي، ئاخىر ھەممىنى شىڭغا تاغدەك دۆلەپ بېرىپتۇ. بۇ بايلار ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى تامنىڭ تۈۋىگە قانداق كۆمگەن بولسا، شىڭمۇ ئۇلارنى، تاملىرىنىڭ ئاستىغا تىرىك پېتى كۆمۈپ، ئالتۇن كۈمۈشلەرنىڭ پۇلىغا ستالىندىن قورال-ياراغ سېتىۋېلىپ، شۇ بايلارنىڭ بالا-چاقا، قەۋمى قېرىنداشلىرىنى قىرىپ تاشلاپ 150 تونىنا ئالتۇن كۈمۈش بىلەن جاڭ كەيشىنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقان ئىكەن... ئۆزىڭىز خۇلاسە چىقىرىۋېلىڭ! مەرھەمەت. سۆزىمىزنى توختىتىپ قويغان يەردىن باشلايمىز.

ئابدۇلقادىر داموللامنىڭ قىلىۋاتقان نۇتقىنىڭ داۋامى.

ئەپسۇسكى، بىز خارلاپ تاشلىۋەتكەن بالىلىرىمىزنى ئىنگلىز ھەم شۋېتلار قانداقتۇر شىپاخانا قۇرۇپ، داۋالاش غەمخورلۇق قىلىش، ئاتالمىش ئىنسانپەرۋەرلىك رەڭۋاز يوللىرى بىلەن ئەقىدە

تەلپىگە لايىق ئەمەس. كىشى ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش بىلەنلا ئىسلامنىڭ تەلەپلىرىنى ئادا قىلغان بولمايدۇ. بۇ ئىبادەتلەر بەندىنىڭ ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ھەم ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ ئارىسىنى ئۇلاپ تۇرىدىغان چوڭ بىر ئالاقە. بۇ ئىبادەتلەر ئىسلامنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكلىرى دەپ سۈپەتلىنىدۇ. تۈۋرۈك تىكلىنىش بىلەن ئىمارەت پۈتكەن بولمايدۇ. شۇنىڭدەك مۇسۇلمانچىلىقمۇ ئۇ ئىبادەتلەر بىلەن پۈتكەن بولمايدۇ. پەقەت ئىسلامنى تولۇق تەتبىق قىلىش بىلەنلا ھەقىقى مۇسۇلمان بولالايمىز. بەزىلەر ئىسلامغا تۆھمەت چاپلاپ، ئىسلام پەن-تەرەققىياتنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مىللەتنى ئىسلام ئارقىدا قويىدى، دېگەنگە ئوخشاش دەلىلسىز سۆزلەرنى قىلىپ يامان تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئىسلام ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك خىيالى بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە پايدىلىق بولغان ھەرقانداق ئىلىم-پەنگە تەرغىب قىلىدۇ. پەن-تەرەققىياتنى ياقتۇرىدۇ. بارلىق مۆجىزىلەرنىڭ كەشپىياتلارنىڭ سىرىنى ئاچقۇچىدۇر.

باشقىلار ئۇنى تەتقىق قىلىپ نۇرغۇن كەشپىياتلارنى ئاچماقتا، ئەگەر ئىنسان داۋاملىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، تەپەككۇر قىلسا، بىلىم ئالسا ئۇنىڭ خۇلاسىسى ئاخىر ئىسلام ئەقىدىسىگە بېرىپ توختايدۇ. بىز ئىسلامنى تونۇش جەھەتتىن ئىنتايىن يېتەرسىز بولغانلىقىمىزدىن جەمئىيەتنىڭ ئارقىدا قالدۇق. ئەيىب ئىسلامدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزدە. بۇ ھەقتە ئەرەب شائىرى:

ئەخلاق بىلەن ھەر ئۈممەت تۈمەن يىللار راۋاج تاپار،
ئەگەر كەتسە ئەخلاق شۇ ئاندىلا زاۋال تاپار، دېگەن ئىدى.

بۇ شېئىرنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنەلىسەك، بۇ ماقالىلەرنى ئاۋارە بولۇپ يېزىشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى.

شۇنداق بولسىمۇ ئەقىدە قىلغان ئۆزىمىزنىڭ سۆزىگە كېلەيلى. بۇ

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز، كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز،
داموللامغا دەيۈزلەر قەست قىلمايدۇ دەپتىمىز.
ئېيتىڭ بەكمۇ چىرايلىق ئابدۇلقادىر ئەمەسمۇ،
خەلقىمىزگە يول باشلاپ ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟

دېگەن مەرسىيە قوشاقلارنى قوشۇپ ئاھ ئۇرغان بولساقمۇ كونسۇلنى قوغلاپ چىقىرالمىدۇق. ئويلان! ئابدۇلقادىر داموللام قاتارلىق بۈيۈك زاتلىرىمىز ئەل-ۋەتەن سۆيەر ئوغلانلىرىمىز ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ئۇنىڭ بىباھا ۋەسىيەتلىرى بىز ئۈچۈن مەشئەل بولۇپ قالغۇسى ئامىن!

ئەمدى ئىسلام ھەققىدە يېزىلغان «ئابدۇلئەھەت ھاپىزنىڭ «ئىسلام تەربىيسى» كىتابىدىن بىر بەتنى يېزىپ ئۆتىمىز.

«ئىسلام ۋەتىنىمىزگە كىرگىلى مىڭ يىلدىن ئاشتى، بىراق خەلقىمىز ئىسلامنىڭ قانداقلىقىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىدى. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئەرەبچىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىمۇ ئەرەبچە. ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان بۈيۈك ئالىملارنىڭمۇ ئاتاقلىق كىتابلىرى ئەرەبچە. بۇلارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ يېتەرسىز.

ئىسلام دۇنيانى قايىل قىلىپلا قالماستىن، دۇنياغا مەشھۇر ئادالەت مەشئىلىنى ياندۇردى. ئىسلام ئەقىلگە پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدۇ، جەمئىيەت تۇرمۇشىنى گۈللەندۈرۈپ، ۋىجدان نومۇسىنى قوغداشتا ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ. كىشىلەرنى خۇراپاتلىقتىن، رەزىل ئەخلاقلار بىلەن ئادەتلىنىشتىن ئازاد قىلىدۇ، دۇنيادا ئىنسانلار قوللىنىۋاتقان خىيالى قانۇنلارنىڭ ھېچبىرى ئىسلام قانۇنىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ تۈزگەن قانۇنى.

مەملىكىتىمىزدە ئىسلام شەرىئىتىنى پەقەتلا ئىبادەتلەرگىلا تەتبىق قىلىپ كېلىۋاتىمىز، سەۋەبى ئىلىمدىن ۋە دىنى تەربىيىدىن مەھرۇم قالغانلىقىمىزدىن، دىنىنى چۈشىنىشتىكى ئېڭىمىز يېتەرسىز بولغاچقا، ئۇنى شۇنداقلا ئاددىي چۈشىنىپ قالغانلىقىمىزدىندۇر.

بىزدە دىنى زىيالىيلار يېتىشىپ چىققان بولسىمۇ، ئېڭىمىز ئىسلام

ئادەم نىجات تاپىدۇ. قۇرئاندا تۈزەشكە تېگىشلىك ئەگىرلىك يوقتۇر» دېيىلگەن. ئىسلامنى تەپەككۇر قىلىپ ھەقىقى ماھىيىتىنى چۈشىنىپ ئالالىساق ئەركىنلىكتە ياشاشنى بىلگەنلىك بولۇپ، ئۇنى جارى قىلىشنى ئۆگىنىپ قېلىش خورلۇقنى خالىغانلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى ياد ئېلىشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ياد ئېلىۋېلىپ چۈشەنمىسەڭمۇ، ئەمەل قىلمىساڭمۇ بولىدۇ دەپ ئېيتمىغان.

ئەرەبلەر ئۆز تىلىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ ياد ئېلىۋېلىپ ئەمەل قىلمىسا، بىز چۈشەنمەي تۇرۇپ ياد ئېلىۋېلىپ ئەمەل قىلمايمىز. مەيلى ئۆزىمىزنى بىلەيلى، بىزدە ئۆز تىلىمىزدا دىننى يېتەرلىك تەشۋىق قىلىش پائالىيەتلىرى ئىنتايىن قالاق ناچار بولغاچقا، ئىسلامغا كۆڭۈل بۆلمەي كېلىۋاتىمىز.

باشقا دىندىكىلەر بولسا ئۆز دىنىنى ئانا تىلىدا ئۇچۇق ئېنىق ھەم كەڭ دائىرىلىك بارلىق ئاخبارات مەتبۇئاتلىرىدا تەشۋىق ئېلىپ بارىدۇ. ئىنتايىن جەلپ قىلارلىق تەشۋىقاتلىرىنى ھەقسىز تارقىتىپ، چۈشىنىشلىك بولغان ئىدىيىنى سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۆز دىنىغا قايىل بولۇپ، مۇكەممەل ئەقىدىسى بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە...

قېنى تەپەككۇر قىلىپ كۆرەيلىچۇ، چۈشەنمىگەن نەرسىگە قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىشقا بولامدۇ؟

ئەلۋەتتە ئىنسانلار تولۇق چۈشەنگەن نەرسىگە قايىل بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا دىندىكى ئاتاقلىق دۇنيا ئالىملىرى، ئىلىم پەللىسى پەلەككە يەتكەندە ئىسلامغا بېرىپ تاقىشىپ قېلىپ ئۇنى قوبۇل قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامغا بولغان چۈشەنچىسى بەكمۇ ئاجىز بولغاچقا، غەيرى دىندىكىلەرنىڭ ئاكتىپ تەشۋىق چۈشەنچىلىرىنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلاپ قالغانلار، ئىككىلەنمەي ئۆزلۈكىدىن شۇ دىنغا ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلگىسى قىلىپ كىچىك بىرلا مىسالنى ئالساق، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا 400 نەپەر ئوقۇغۇچى خرىستىئان دىنىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ھازىر ئۇنىڭ سانى قانچىگە يەتتى بىزگە

ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىن دېگەن ئەقىلدۇر. ئەقلى يوق ئادەمدە دىن يوقتۇر» دېگەن ئىدى.

دېمەك، يۇقىرىدا تەكىتلىگەندەك، ئىسلام ئىلىم-پەن تېخنىكا، تەرەققىيات مەدەنىيەت، ھۆرلۈك، بىرلىككە ئوخشاش ئەڭ يۈكسەك گۈزەل ئەخلاق ھەم ئىلغارلىققا باشلاش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، كىشلەرنى قالاقلىق خۇراپىيلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدۇ.

ئىسلامدا ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئەقىلگە سىغمايدىغان نامۇۋاپىق جايلارنى ئىزدەپ تاپالمايسىز.

ئەگەر ئىسلام ئەقىدىسى خەلقىمىزگە ھەقىقى تۈردە چوڭقۇر سىڭىپ كۆچلىنىپ كەتسە ئۇنىڭغا ھېچقانداق كۈچ-قۇدرەت تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۇ بولسا ئىسپاتسىز دەلىللەنگەن ھەقىقەت بولغاچقا، پۈتۈن دۇنيا ئالىملىرى ئۆز ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ چۈشىنىپ بولغان ئىدى. (ئىسلام دۈشمەنلىرى دېمەكچى) شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئىسلام دۈشمەنلىرى، ئىسلامنىڭ تەرەققىي ئېتىپ كۈچىيىپ كېتىش خەۋپىدىن چۆچۈپ، ئەندىشە قىلىپ، مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنى ھەرتۈرلۈك سېھىرگەرلىك سىياسىي يوللار بىلەن كونترول قىلىپ كۆزىتىپ يول قويماي باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرساقمۇ، ئۇنىڭ ئەسلى نېگىزى نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنەلمەي كېلىۋاتىمىز... ئەستاغپۇرۇللا... ئى ئاللاھ.

قېرىنداشلار! ئىسلام ئەسلى مۇسۇلمانلارنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان تەڭدىشى يوق ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزغان يېڭىلمەس غەلىبە قورالى ئىدى. ئەپسۇسكى بىز ئۆز قولىمىزدىكى بۇ يېڭىلمەس غەلىبە قورالىنى ئىشلىتەلمىدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە ئېيتقىنىدەك: «قۇرئاننى كۆپ ئىشلىتىش بىلەن كونىراپ كەتمەيدۇ، قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلغان ئادەم خاتالاشمايدۇ. قۇرئانغا چىن دىلىدىن يۆلىنىپ ئۇرۇشسا غەلىبە قىلىدۇ. قۇرئاندىن باشقا نەرسىدىن ھىدايەت تەلەپ قىلغان ئادەم ئازىدۇ. ئۇ روشەن نۇر بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا ئەگەشكەن

ئىمانسىزلىقلىرىم شۇ جەمئىيەت مۇھىتىغا ئېتىقاد قىلىپ كەتكەنلىكىمدىن ئىكەن. بۇ نادانلىقىمغا ئاللاھ ئالدىدا كېچىكىپ بولسىمۇ تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتسام مەغپىرەت قىلىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن.

ھېچقانداق ئىسلام دەستۇرىدە ئەرەبلەر ئۇلۇغ مىللەت، ئۇلارغا ئىتائەت قىلىڭلار، ئەرەب تىلىدا سۆزلىسە ساۋابى كۆپ، باشقا تىلغا تەرجىمە قىلىنغان قۇرئان دۇرۇس ئەمەس، دېگەنگە ئوخشاش پەتىۋا يېزىلماپتۇ...

تەۋبە دېيىش كېرەك! يۈز مىڭ مەرتىۋە تەۋبە! بۇ ھاياتتا كۈلكىلىك ھەم ئازايىپ چېكىدىغان قىزىق قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ تۇرىسىزكەن، ھە؟

بىرىمىز ئەرەبلەر ئاللاھنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئۇلۇغ مىللەت دەپ ئۇلارنى خۇدا قىلىۋالساق، بىرىمىز خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭمۇ بىزگە ئوخشاشلا خۇداسى بار... دەپ ئۇلاردىن مېھرى-شەپقەت كۈتۈپ خۇشامەت قىلىپ، تەمەخورلۇق پاتقىقىدىن چىقالماي ئۇلارغا چوقۇنۇۋالساق، بىرلىرىمىز مىللەتنىڭ نامىغا ئىگە بولالماي ئۇنىڭدىن تېنىۋېلىپ، مىللىتىم تۈرك دەپ جار سالساق، مۇنداق چۈشىنىكسىز بىر مىللەت بولۇپ قالغىنىمىزنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ تەسەۋۋۇر قىلىش قانچىلىك مۈرەككەپ مەسىلە بولسا، ئۇنى يورۇتۇپ بېرىشنىڭ قىيىنلىقى ئۇنىڭدىنمۇ مۈرەككەپ بىر مەسىلە بولۇپ قالماقتا.

ئەي جاسارەتلىك جەڭگىۋار قەيسەر ئەزىمەتلەر ئەۋلادى، ئويغان! ئاللاھ بىر. سەن بولساڭ تۈرك قوۋملىرى ئىچىدىكى ئەڭ داڭدار ئۇيۇشقاق (**ئۇيغۇر**) دېگەن مۇقەددەس مۇبارەك نامىڭ بىلەن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، داڭقىڭ ئالەمگە مەشھۇر بولغان سەرخىل بىر مىللەت ئىدىڭ! ئۇ ئېسىل نامىڭنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھەرگىز ئۆچۈرۈپ قويما! ئەگەر ئۇ نامىڭنى نامايان قىلىش نىيىتىڭ بولسا، ئازغان يولۇڭدىن قايت. توغرا يولنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن ئەقىل تاپ، جېنىڭنى ئايىما!

ئۆز ۋاقتىدا سوئىي سوپىچاقلارنىڭ ئىسلام ئېڭىغا يات بولغان

نامەلۇم. مۇنداق بىر ئەھۋالغا دۇچار كەلگەندە بىز قارشى تەرەپنى ئاغرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن «ئۆز ئانا تىلىمىزدا ... » دەپ ئەمەلىيەتتە ... ئاغلىق رەۋىشتە چۈشىنىشكە تىرىشىپ گۇناھنى ئۇلارغا ئارتىپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. چۈنكى كەچۈرۈشكە بولمايدىغان ئەڭ چوڭ گۇناھ ئۆز تىلىمىزدا يېتەرلىك دەرىجىدە قىلىنمىغان تەشۋىقات ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز ئەڭ زۆرۈردۇر.

مەسىلەن «ئىيگوۋا» كۆزەت مۇنارىسى ناملىق دىنى مەزھەپنىڭ مەخسۇس نەشرىياتى 200 تىلدا پۈتۈن دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدا يىلىغا 30 مىليوندەك كىتاب-ژۇرناللارنى، كۆنگە 30 مىڭ تەشۋىق كاسىتلارنى ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ ھەقسىز تارقىتىپ دۇنياغا يامراپ كەتتى.

بۇرۇن مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا، ئىسلام ئاساسلىق بەش پەرز، ئەرەبلەر ئۇلۇغ مىللەت دېگەن تولىمۇ تار خىيالى چۈشەنچە سەۋىيىسىگە ئىگە ئىدىم. شۇڭلاشقا ئاللاھتىن «ئى ئاللاھ بىزنىڭ نېمە گۇناھىمىز بار، بىزگىمۇ رەھىم قىلساڭچۇ؟ سېنىڭ كۆزۈڭ يوقمۇ؟ ياكى خارلىنىپ ئېزىلىۋاتقان ئۇيغۇرنى ۋە باشقا ئاجىز مۇسۇلمانلارنى، ئەرەبلەر ئاللاھنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئۇلۇغ مىللەت دەپ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىسلامنى خارلىغىنىمىز ئۈچۈن مۇشۇ كۈنگە قويدۇڭمۇ؟ قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ كۈنلەردىن قۇتۇلدۇرۇشمۇ ئۆزۈڭنىڭ قولىدا، نېمانچە بىزنى شۇنچە خارلايسەن؟» دەپ زارلىنىپ، تېخى رەنجىپ تەما قىلىپ ھالىم قالمايتتى.

خۇداغا شۈكرى دىنى كىتابلارنىڭ تەرجىمىسى چىققاندىن باشلاپ، مولللارغا ئېھتىياجىم چۈشمەي ئۆز ئانا تىلىمدا يېزىلغان دىنى كىتابلارنى قايتا-قايتا يىللاپ ئاڭلىز قىلىپ ئوقۇپ زېرىكمىدىم. بەلكى ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىش، ئىنتىلىش كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ ئىسلام دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئەينى ماھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىپ تەشنالىقىمنى قاندۇرۇۋېلىشقا مۇيەسسەر بولۇش بىلەن بىللە يورۇق بىر دۇنياغا چىقىپ قالدىم.

ئويلاپ كۆرسەم ئۆتكەنكى قاراڭغۇ زۇلمەتتە ئۆتكۈزگەن

ياشايدىغانلىقىنى ھەم ئەل-ۋەتەننى خورلۇقتا قويۇشقا يول ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى، يەنە قايتا تەكرار چۈشىنىپ كۆرۈپ ئېلىشىمغا دەلىل بولۇپ قوشۇلۇپ كەلمەكتە.

بۇ ئىسلام تونىنى كىيىۋالغان ئادىمى سۈرەتلىك مۇناپىقلار ھەم ئۇلارغا غالچىلىق قىلىپ يولدىن ئېزىۋاتقانلارغا ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ كىشىلىك پەزىلىتىگە قايتمىسا، يولنى تازىلاپ تۇرۇش، ھەر بىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانچىلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشتا، ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ۋەزىپىمىزدۇر!!!

**ئەمدى تەقدىر، شۈكرى، سەۋرى دېگەن سۆزلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.**

دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئېتى ئۆز ئورنى بولغانغا ئوخشاش، ھەربىر سۆزىمىزنىڭمۇ ئۆزىنىڭ لازىملىق خۇسۇسىيىتىگە يارىشا، ئېتىنىڭ ئالاھىدىلىك قىممىتىگە قاراپ ئىشلىتىلىش جايى بولىدۇ. ئۇنى مەخسۇس بەلگىلەنگەن جايىغا قويۇپ ئىشلىتىشنى بىلىش شۇ كىشىنىڭ ئەقىل دەرىجىسى بىلەن بىلىمىنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ...

مەسىلەن، يۈز ھەم بەدەنلىرىمىزدىكى يۇڭلارنىڭ ھەممىسىنى يۇڭ دەپ ئاتىماي، قاشنى قاش، بۇرۇتنى بۇرۇت دەپ ئاتايمىز. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئويىمىزغا كەلگەن خىيالنىڭ ھەممىسىنى بۇ دېگەن ئۈمىد دېمەيمىز. خام خىيالنى خام خىيال دەيمىز. چۈنكى خام خىيال ھېچقاچان ئەمەلگە ئاشماي خىيال بويىچە مەڭگۈ قىلىۋېرىدۇ. ئۈمىد بولسا رېئاللىققا ئۇيغۇن بولغانلىقتىن بىر كۈنى ئەمەلگە ئاشىدۇ (بۇ توغرىسىدا ئايرىم توختىلىمىز) دېمەكچىمەن. يەم-خەشەك قويىدىغان سامانلىققا كىيىم-كېچەك، چىنە-قاچا قويۇش ئورۇنسىز ھەم ئەھمىيەتسىز بولغانغا ئوخشاشلا، تۇرمۇشىمىزدا كەلسە كەلمەس قالايمىقان ئورۇنسىز قوللىنىپ كېلىۋاتقان تەقدىر، شۈكرى، سەۋرى دېگەن سۆزلىرىمىزنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ماھىيىتىنىڭ

قالاق چىرىندىلەرنىڭ تەسىرى تەپەككۇر يۈرگۈزۈش شەكلىمنى خارابلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى، لېكىن ئاللاھقا بولغان مايىللىقىم ئايدىڭ بولغان بولسىمۇ، ئىسلامنىڭ ئەينى ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە دىلىمنى خىرەلەشتۈرۈپ قاپلاپ ئالغان تۇمان، ئۇچۇق چۈشەنچە ئېلىشقا يول قويمايتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتالمىش مولىلارنىڭ يادلىۋالغان بىرنەچچە ئايەتنىڭ بىرىنى قويماي ئۈزۈندىن-ئۈزۈن ئوقۇشلىرىدا، دۇئانىمۇ شۇنچىلىك ۋاقىت قىلىشلىرىنى، باشقا **ئۇيغۇر**لارغا ئوخشاش ھېچنېمىنى چۈشەنمىسىمۇ، خۇددى بىر چۈشىنىپ قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىۋاتقانلارغا ئوخشاش، قولاق سېلىپ دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، دۇئا قىلغاندا قوللىرىمنى ھەممىسىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، نېمە ئۈچۈن قول كۆتەرگىنىمنى، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى چۈشەنمىسەممۇ، ئىشقىلىپ ئەرەب تىلىدا بىر نېمىلەرنى دېسىلا بۇ ئالامەت ساۋابلىق دەپ قاراپ، ھېرىپ-تېلىپ كەتسەممۇ ئامىن دېگۈچە چىداپ تۇرىۋېرەتتىم. بىراق بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئەھۋاللارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، مايمۇن بولۇپ قالغىنىمغا ئىچىمدە كۈلەتتىم. ئەسلىدە داد-پەرياد ئۇرۇپ يىغلاش كېرەك ئىكەن. بۇ جان باقار دىنى ئالىم، ئۆز تىلىدا بىر ئاز ۋەز ئوقۇغاندا، ماڭغان تۇرغانىنىڭ ھەممىسىنى يامان بولىدۇ، ناماز ئوقۇپ، ھەج قىلىپ، شۈكرى قىلىپ نەزىر بېرسەڭ ساۋابلىق دېگەن يەرگە ئايرىپ تاقاپ قوياتتى...

بۇ ئابرۇي قازىنىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بىلەن ساۋاتسىزلىقنى چاندۇرۇپ قويۇۋاتقان دىندارلارنىڭ نۇتقى، ماڭا ئوخشاش دىنى ئېتىقادى تولىمۇ سۇس ھەم نادانلىق تەبىئىتىنىڭ ئايرىلماس بىر ئورگىنىغا ئايلىنىپ قالغانلار ئۈچۈن ئالامەت تەسىر قىلىپ، ئۇ ئەۋلىيانىڭ ئاق نىيەتلىكلەرگە ئاتىدىغان ئوقى بولۇشقا تەييار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىپ چاپىنى بىلەن سەللىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتىم. ئەمدى ئۇلارنىڭ قىلغان تەدبىقلىرىنى ئاڭلىسام، ھەيرانلىق ئىلكىدە خىيال دېڭىزىغا چوڭقۇر چۆكۈپ قېلىپ، دىننى چۈشەنمەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى قۇللۇققا باشلايدىغانلىقىنى، قۇلنىڭ قۇلى بولۇپ

ئورۇن ماھىيىتىنى ئۆزگەرتكىنىنى ئاز دەپ، بەندىنىڭ رىزقىنى ئاللاھ بېرىدۇ. ئاللاھ بەندىسىنى ئاچ قويمايدۇ، ئاللاھ ئاچلىقنى ھەم كېسەلنى مېنى ياد ئېتىپ تۇرسۇن دەپ بېرىدۇ. بۇ پانىي دۇنيادا نامرات گاداي بولۇپ، خورلۇقتا ياشاش ساۋابلىق ئىش، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، ئاللاھ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاخىرەتلىكىنى بەرگەن دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭمۇ شەرىئەتتىكى ئاللاھىدىلىك، ئىشلىتىلىشى ئورنىنى بۇرمىلاپ ئۆزگە خاس ماھىيىتىنى يوقاتقان ھالەتتە قوللىنىپ كېلىۋاتقىنىنى ھېچكىمگە سىر بولمىسا كېرەك.

بۇ دىنىي ساۋاتنى بەكمۇ تۆۋەن تەرسا مۇناپىقلارنىڭ ھەممىگە تەقدىر، شۈكرى ئېيتىپ سەۋرى قىل دەپ بوزەك بولۇپ خارلىقتا ياشاشنى ساۋابلىق ئىش دەپ ۋەز ئوقۇشى خۇددى ھەزرەت ئىشان غوجا دەۋرىدىكى مەدداھ دەرۋىشلەرنىڭ «بۇ دۇنيا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دوزاخ، كاپىرلار ئۈچۈن جەننەت. مۇسۇلمانلار ئەھلى ئۇ باقى دۇنيادا پاراغەت، راھەتتە ياشايدۇ، شېرىن مېۋىلەرنى يەپ كەۋسەر بۇلاقلىرىدىن شەربەت ئېچىپ چار باغلاردا ئويناپ كۈلىدۇ» دەپ ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ كەتكەنلىرىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، بىراق ئۇ ئەينى زاماندىكىلەرنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەكلا بولغاچقا، ئۆزى ماختاۋاتقان جەننەتكە تېزراق كېتىشكە ھەقىقى رازى بولۇپ راستىنلا ئالدىرايتتى.

بىزنىڭ سۆيۈملۈك جان باقار موللىلىرىمىزچۇ؟ شۇ مەزگىللەردىكى قالاق يالدامىلارنى دەسمى قىلىۋېلىپ شۈكرى قىل دەپ جار سالغىنى بىلەن، نېمىشقىدۇر ئۆزلىرى ماختاپ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىۋاتقان جەننەتكە كېتىشكە زادىلا رازى ئەمەس! ھەم ئالدىرىمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دوزاخ بولغان بۇ دۇنيادىن كەتكۈسى كەلمەي، ئاللاھتىن ئۆزىگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدۇ. ئەجەبا، ئەقىل تىلىمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بەلكىم قىيامەتتە بۇ زىيانكەش ئۇزۇن ئۆمۈرنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە سورىقى بارلىقىدىن ۋەھىمە قىلىپ بالدۇر كېتىشكە ئالدىرىمىسا كېرەك.

ياكى بولمىسا «ئىسلامنىڭ غايىسى ئاللاھنىڭ ئەمرىدە ئىنسانلارنى

مەزمۇنغا كېپىللىك قىلالايدىغان جايىغا قويۇپ ئەھمىيەتلىك ھالدا قوللىنىدىغان ئورنى بولىدۇ.

مىسال: سىز بۈگۈن 100 دوللار تاپىمەن دېگەن نىيەت بىلەن چىقىپ بارلىق ئەقىل-پاراسەت كۈچىڭىز بىلەن تىرىشقان بولسىڭىزمۇ ئۇنى تاپالماي 50 دوللار تاپتىڭىز دەيلى، كۈن ئۆتۈپ كەتتى ئامال يوق، ئۆلگەن كىشىمۇ ئۆلۈپ كەتتى قايتىپ كەلمىدى، شۇنداقلا ھاياتىمىزدا يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان ھەرخىل ھادىسىلەر ئورنىغا كەلمىدى.

قىسقىسى، ئۆزىمىزنى ئۇپرىتىپ كېسەل قىلىپ ئاھ ئۇرۇپ ھوشىمىزدىن كەتسەكمۇ، بېشىمىزنى تاشقا ئۇرساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدىغان ئىلاجسىز قالغان ئەھۋاللاردا، كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن سۇنىڭ ئورنىدا، يالغۇزلا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن بۇ ئۈچ سۆزنى ئىشلەتسەك ھەقىقى ئۆزىگە خاس ماھىيەتلىك ئورنىغا قويۇپ ئىشلەتكەنلىك بولىدۇ دېمەكچىمەن.

بىز بولساق ئادىتىمىز بويىچە بۇ سۆزلەرنى جەبرى-جاپا، ئازاب-ئوقۇبەت، ئېزىلىۋاتقان خارابلىق ھاياتقىمۇ، دۈشمەن ئانىمىزنى كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ باسقۇنچىلىق قىلسىمۇ، ئېشەك زىرائەتلىرىمىزگە كىرىپ يەپ ئېغىناپ بۇلغىۋەتسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆز بېشىمىزغا تېرىپ ئالغان لېكىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىش ئامال ئىمكانىيىتى بار كۆلپەتلەرگىمۇ، تەقدىر، شۈكرى سەۋرى دەپ يېتىۋېلىپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىك ئورۇن قىممىتىنى ئۆزگەرتىپ بارلىق يەرلەرگە تەكشى قوللىنىپ ئادەتلىنىش شۇنىڭ بىلەن قۇللۇق ھاياتقا كۆنۈپ قېلىش خۇددى بىز **ئۇيغۇر** مىللىتىگە مەنسۇپ بولغاندەك جاھالەت خۇراپاتلىقىدىن ۋاز كېچەلمەي كېلىۋاتىمىز... ئويلان **ئۇيغۇر** ۋىجدانى!

ھەممىمىزگە روشەنكى دىنى ياكى باشقا ئالىملارنىڭ كىتابلىرىدا ئۇيغۇرلار تەقدىر، شۈكرى، سەۋرى، دېگەن ئۈچ سۆزنى دەسمى قىلىپ يېتىۋالسۇن دېگەن پەتىۋا يېزىلماپتۇ. ئەجەبا، بۇ بىزنىڭ دىندار، مۆتىۋەر سۈرەتلىك ساختا شۆھرەتپەرەسلەر ئۆزىنى ئالامەت بىر غارايىپ ئۇلۇغ ئەۋلىيا قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ ئۈچ سۆزنىڭ

قىلىپ سېتىپ بەرگەن مۇناپىق خائىن ئەمەسمىدى؟ بۇنىمۇ تەقدىر، ئاللاھنىڭ رەھمىتى دەپ شۈكرى قىلىپ يېتىۋەردۇق. سەۋرچانلىق ئىللىتىمىزنى ساقلاپ قالالىدۇق. (ھېلىقى ئوغرى ئوغرىلىق قىلغاندا، ھاراقكەش ھاراق ئىچكەندە، خۇدانى ئەسلىگەندەك، بىسمىللاھ بىلەن دۇئانى ئۇنتۇپ قالمىغاندەك).

بىر دۆلەتنىڭ پرېزدېنتى ئەلىخان تۆرىنى رۇس رازۋېدكا جاللاتلىرى ئوغرىلاپ كەتسىمۇ 40 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئارمىيە ھەربىي ھالەتتە تۇرغان بولسىمۇ قوزغىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق. ئادىتىمىز بويىچە بۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ دەپ شۈكرى قىلىپ سەۋرچانلىقىمىزنى ھەرگىز تاشلىمىدۇق.

ئەھمەدجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلىرىمىزنى پاجىئەلىك سۈيىقەست بىلەن ھالاك قىلىنغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قىلچە مىدىرلاپ قويمىدۇق، تەقدىر دېدۇق، شۈكرى ئېيتتۇق، بۇ ئادەت ھەم ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كەتكەن نادانلىقنى ھەرگىزمۇ قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىماي سەۋرچانلىقىمىزنى ئىپادىلەپ يېتىۋالدۇق.

ئاھ دەردىما! بۇ تەقدىرگە ھەيران قالغىنىمغا ئۆزۈم ھەيرانمەن. نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىزگە ئوخشاش تەقدىر، شۈكرى دەپ سەۋر قىلىپ يېتىۋالماي، ئىمانىنىڭ كۈچى بىلەن دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلىۋاتىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا مۇناپىق ياكى خائىن بولۇپ قېلىشنى خالىمايدۇ، خالاس.

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق ئېيتىدۇ: «ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ»[5]

بۇ ئايەتنى ھەربىر ماقالىمىزدا قايتىلاپ يېزىپ ئەسلىتىپ ئۆتۈش بىلەن چەكلىنىپ قالمايمىز. ۋەتەن ئازادلىقى يولىدا باش قاتۇرۇپ قايغۇرۇۋاتقان ھەربىر ئىمان ھەم غۇرۇر ئىگىسى، بۇ ئايەتنى ھۆرلۈكىمىزگە نىشان قىلىنغان مەشئەل قىلىپ بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزدە بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنىپ،

[5] رەئد سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

بۇ دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۇرۇش» يولى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىسا كېرەك.

پوتونلەي تارىخلىرىمىزدىن تا بۈگۈنكى كۈنگىچە بۇ خىل تىپتىكى مۇناپىق ساتقىنلارنىڭ رولى تاشقى دۈشمەندىنمۇ خەتەرلىك بولۇپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس نىجىس نىيەتلىرى بىلەن نومۇس قىلىشنىڭ ئورنىغا كۆرەڭلەپ ئۆزىگە ئاپىرىدە بولغان مۇناپىقلىقنى سەزمەي، رەزىل شېرىن خام خىياللىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، خەلقىمىز ئىچىگە جاھالەت قالاق خۇراپىيلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ خۇدانى ھەم ئۆزىنى ئالدىغىنىنى ئاز دەپ مىللەتنى مۇنقەرز قىلىپ قويماقتا!... ئۇنىڭ ئىسپاتى قىلىپ بىرنەچچە مىسال ئېلىپ كۆرەيلى: خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 32 ياشتا ئىدى. 33- يىلى 3- ئاينىڭ 13- كۈنى تۇرپان يېڭى شەھەردە ناماز ئوقۇيدىغان روزا موللىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ بىز جىم يېتىۋېلىپ تەقدىر ھەم شۈكرى دېدۇق سەۋرى قىلدۇق.

مەرىپەتپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر مۇتەپەككۇر ئالىيجاناب ئالىم ئابدۇلقادىر داموللام ئۆز خەلقىنى ئويغىتىپ بىلىم ئېلىشقا چاقىرغانلىقى ئۈچۈن، ئاتالمىش موللا ئىشان ساتقىنلارنىڭ قۇربانى بولغان ئىدى. بۇ پاجىئەگىمۇ تەقدىر دەپ شۈكرى دېدۇق سەۋرى قىلدۇق.

خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوت يۈرەك پەرزەنتى ل.مۇتەللىپمۇ مىللىي مۇناپىقلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، تەقدىر دەپ شۈكرى ئېيتتۇق سەۋرى قىلدۇق، شۇنىڭغا ئوخشاش تۈگىمەس مىساللار.

ئاپئاق غوجا ئۆزىنى دىنى ئالىم ئىسلام پېشۋاسى، پەيغەمبەر نەسلى، سانايدىغان ھەربىر چامدىمىدا خۇدانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، ئالدى ئاغزىدا كېكىرىپ قويسىمۇ، كەينى ئاغزىغا ئىگە بولالماي قالسىمۇ، كەشنى تەتۈر كىيىپ ئالسىمۇ، ئىنشائاللاھ شۈكرى ئەلھەمدۇلىللاھنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان، ئاغزىدا ئاللاھ دەپ تۇرۇپ ئەمەلىيەتتە ئىسلامغا خائىنلىق قىلىپ، خەلقىمىزنى قالماقلارغا مالاي

بولۇپ قىلىپ، ئازابىمىزنى ئىزدەيدىغان تەقدىر شۈكرى سەۋر دېگەن سۆزلەرنى دەسمى قىلىنۋالىدىغان، تەمەخور، ھۇرۇن ئاغزىدا پو ئېتىپ ئاغزىدا شە ئالىدىغان، پوچى گۇپپاڭچىلارغا ئايلىنىپ قاپتىمىز. تەۋبە، يېقىنقى ئۆتمۈشنى مىسال قىلىپ ئالساق يەنى 44ـ يىلىدىكى ئىنقىلاب مەزگىللىرىدە ھەر مىللەت خەلقى بىر ئاكوپتا يېتىپ دۈشمەنگە قارشى قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، مىللەتلەر دوستلۇق كۈچىنى نامايان قىلغان ئىدۇق. ئەسلى ئۇ ئىتتىپاقلىق جاسارىتى ئەلۋەتتە دىنى ئالىم ئەلىخان تۆرىنىڭ ھەربىيلەرگە سىڭدۈرگەن ئىسلامىي تەربىيە، دىنى ئىلىم تەربىيە كۈچىنىڭ سىمۋولى ئىدى.

ئەلىخان تۆرە ھەربىيلەرگە ئامېرىكىغا ئوخشاش دوللار تۆلىمىگەن، ستالىنغا ئوخشاش ھەر بىر ئەسكەرنىڭ قىلەشكىسىغا ئىسپىرىت قويۇپ بېرىپ كەيپىنىڭ كۈچىدىن پايدىلانمىغان. پەقەتلا دىنى ھەم مىللىي ھېسسىياتنى ئويغىتىپ، جەڭچىلەرنىڭ دىلىنى ئىمان بىلەن يورۇتقانلىقى ئۈچۈنلا جان پىداكارلىق بىلەن ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشنى شەرەپلىك غايە دەپ ھېسابلىغان ئىدى.

ئەلىخان تـۆرە: «ئۆلگەنلەر شېھىد قالغانلار تامام غـازى» ھەم «مۇسۇلمانلارنىڭ ئاجىز ھەم بوزەك بولۇپ ياشىشى ئاللاھقا قىلغان ئاسىيلىق» دېگەن شوئار ئاستىدا سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈپ، ئىسلام قۇدرىتىنىڭ تەڭدىشى يوق كۈچ ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ، سەۋرچانلىق چەكتىن ئاشتى، تەقدىر، شۈكۈر پۇخانغا تولۇپ تاشتى دەپ ھەقىقى ئىسلامنىڭ ماھىيىتىنى سىڭدۈرگەن ئىدى. (بۇ ھەقتە ئايرىم تەپسىلىي توختىلىمىز).

گەپنى ئۇزارتمىساقمۇ يۇلتۇز كەبى ساناقسىز مىساللار ئۇنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

بۇ خىل ئىللەتلەر بارلىق مىللەتلەردە ئىزدىسە تېپىلغىنى بىلەن، بىزدە ئومۇميۈزلۈك ئەجەللىك ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىش ئەڭ خەتەرلىك پاجىئەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالماقتا. بۇ نادانلىق بىلەن ساۋاتسىزلىق ھەمكارلىشىپ خەلقىمىزنى قاراڭغۇ خالتا كوچىغا ئەكىرىپ قويۇپ، ئەڭ تۆۋەن خارابلاشقان نامراتچىلىق ھاياتقىمۇ تازىم قىلىپ ئۇنى

ئىستىقبال شوئارى قىلىۋېلىشنى ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن تەشەببۇس قىلىمەن! دېمەك، ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا يۈزلىنىۋېلىپ نىجات تاپقىلى بولمىغاندەك، بۇ ئۈچ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى تاپالماي قالاق ئىدىيەدىن قۇتۇلۇشقا جۇرئەت قىلالمىساق، نىجات تاپالماي تۈگەپ كېتىمىز، ئۇ كۆزگە ئايدىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەمەلىيەت بولغانلىقتىن مۇقەررەردۇر.

دەريا، تاغ ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىش ئانچە قىيىن بولمىغان بىلەن، ئەمما بىزدىكى بۇ جاھالەت قالدۇق چىرىندىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، مىجەز تەبىئىتىمىزنى ئۆزگەرتىش بەكمۇ مۇشكۈل ئىش بولسا كېرەك. نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ زۇلمىغا بويسۇنۇپ، بۇ پېشانىغا يېزىلغان تەقدىر، شۈكرى قىلىش لازىم دېمىدى؟ ئەكسىچە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ بەندىنى ياراتتى، يارىلىش ئۆزىمىزنىڭ قولىدىكى ئەمگەك ھەم تەدبىرىمىزگە باغلىق دەپ، يېڭىلمەس قىلىچى بىلەن مۇشرىكلارغا قارشى جەڭ قىلىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە، ياردىمىگە ئېرىشتى. بىزگە ئوخشاش ئاللاھ قۇدرەتلىك دەپ يېتىۋېلىپ سورىمىدى... يەنە قانداق پاكىتلار كېرەك سىزگە؟ ئەجدادلىرىمىز نېمە ئۈچۈن تەقدىر، شۈكرى، سەۋر قىل دەپ يېتىۋالماي، قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، ئۆچمەس تارىخلارنى قالدۇرۇپ دۇنياغا تونۇلدى؟ مۇنداق مىساللار چەكسىزدۇر.

ئەجدادلىرىمىز تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ ئىمانىڭىز كۈچلۈك بولسۇن، دانا بولۇڭ، جاسارەتلىك باتۇر بولۇڭ، دېگەن تەلىم-تەربىيە سىڭدۈرۈپ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ ئىنسانىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، شانلىق تارىخ ئىزلىرىنى بىزگە ئامانەت قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىكەن، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، قىرىق سۈيىمىزنى قۇيغان كۈندىن باشلاپ، ياۋاش بولۇڭ، مۆمىن بولۇڭ شۈكرىچان بولۇڭ، موللا بولۇڭ دەپ ئىماننى سۇسلاشتۇرىدىغان ئىللەتلەر بىلەن تەربىيە سىڭدۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، جۈرئەتسىز، قورقۇنچاق، گاس، تەرسا

قىلمىشلىرى ھەققىدە قايناپ يازىدىغان تۈگىمەس ھەقىقەتلەر يىغىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىچىپ يېزىشقا بېتىم چىدىماي قالدى.

چۈنكى ئالىمنىڭ قەدىرىگە ئالىم، زالىمنىڭ قەدىرىگە زالىم، نادانىنىڭ قەدىرىگە نادان، ئالتۇنىنىڭ قەدىرىگە زەرگە يەتكەندەك، نىجاسەتنىڭ قەدىرىگە چىۋىن، شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئادەملەرمۇ ئۆز سەۋىيە دەرىجىسىگە ھىممىتىگە قاراپ قەدىرىگە يېتىدىكەن ئەمەسمۇ؟ تەپەككۇر قىلىنىڭ مەرھەمەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل خۇمارى قېرىنداشلىرىمنىڭ جۈملىلەرنىڭ خاتالىق قۇسۇرلىرى ئۈستىدە ھاجەتسىز تەھلىل يۈرگۈزمەي، ئاساسلىق مۇددىئا قىلىنغان مەزمۇنى ئۈستىدە، «ئىنسانىنىڭ قەدىر-قىممىتى گۈزەل ئەخلاق ئەمەلىيەتكە باغلىق» ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، بۇ يەردىن بىرەر پايدىلىق نەرسىنى بولسىمۇ سېزىپ ئالسىڭىز، سەزگەندىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ ئاڭلىق ساغلام ئەقىل بىلەن سېزىپ ئالسىڭىز ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشكەنلىك بولۇپ، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلاتتى دېمەكچىمەن...

بۇ ھەقتە بىزنىڭ مۇقەددەس تەۋەررۇك كىتابىمىزدا ئاللاھ مۇنداق ئېيتىدۇ: «ھەي بەندەم مەن ساڭا شاپائەتلىك ئىلىم-پەن نېمىتىمنى ئاتا قىلدىم، ھالبۇكى سەن ئۇ ئىلىملىرىڭ بىلەن قايسى ئىش-ئەمەللەرنى قىلدىڭ؟ نادانلارغا شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقلىرىنى، ھالال-ھارامنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگەتتىڭمۇ؟ ياكى ئەمر-مەرۇپلەرنى تەشۋىق قىلىشنى جان بېقىش ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ خۇراپاتنى تەشۋىق قىلىپ قارا قورساقنىڭ غېمىدا يۈردۈڭمۇ؟ خۇراپات قاراڭغۇلۇقىدا تېنەپ تەمتىرەپ قالغانلارغا ئىلىم نۇرىنى سوۋغا قىلىپ توغرا يولغا باشلىدىڭمۇ؟ تەشۋىقنى خالىس قىلدىڭمۇ ياكى مەنسەپ ۋە ئەمەل مەرتىۋىگىنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىدىن ۋەھىمە قىلىپ قارا بېشىڭنىڭ غېمى بىلەن يۈردۈڭمۇ؟»[6]

«كىشىلەرنى ياخشىلىققا باشلىغىن، يامانلىقتىن توسقىن. ساڭا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن. چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت

[6] لوقمان سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

ساۋابلىق «ئاللاھ بەندىسىنى شۇنداق سىنايدۇ»، «تەقدىر پېشانىغا شۇنداق يېزىلغان» دېگەندەك ئورۇنسىز رەڭ بېرىلگەن سۆزلەر ۋە ھېچقانداق بىر كلاسسىك ئىسلام دەستۇرىدە ئېنىق شاھادەت بولمىغان بۇ بىمەنە تەرغىباتلار، ئەسلىدىكى ئۇيۇشقاقلىق جەڭگىۋار روھىمىزنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدىغان مەھكۇم مىجەزلىك ئادەت قىلىۋېلىشىمىزغا داغدام يول ئېچىپ بەردى. دانىشمەن قېرىنداشلىرىم! بەكمۇ قايغۇلۇق بەكمۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەدۇر!

مۇتەپەككۇر ئالىم ئەبۇ نەسر فارابى: «ئەقىل دېگەن روھنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ۋە كامالىتىنى تەمىن ئەتكۈچىدۇر» دەپ ئېيتقىنىدەك بىزدىكى بەختسىزلىكنىڭ نېگىزى، نادانلىق كاساپىتىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان سۈنئىي بىلىمدانلىقتىن بولغاچقا مەۋجۇدىيىتىمىزنى تەمىن ئېتەلمىدۇق. شۇڭلاشقا، ئىسلامنىڭ ئىنسانلارغا ۋەزىپە قىلىپ يۈكلىگەن بىلىم ئىگىلەپ زېمىننى گۈللەندۈرۈش، ئىنساننىڭ مەۋجۇدلۇقىنى بىلدۈرۈش ئىپادىسى ھەم بۇرچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ كەشپىياتلارنى قولغا كەلتۈرمىسە ئاللاھ ئالدىدا چوڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ دەپ بىلدۈرگەن ئىدى.

بىزدە بولسا قاششاقلىق ئىللەتلەر تۈپەيلى قەتئىيلىكىمىز دېپىنە قىلىنغان غەيرى ئىللەتلەر شەكىللىنىپ، ھېلىقى بەكمۇ چىرايلىق ھەرپلەر بىلەن پېشانىمىزغا يېزىلغان تەقدىر دېگەن سۆزلەرگە سەجدە قىلىۋالغانلىقىمىزدىن بۇگۈنكى نەتىجىسىز رىزولتات. باشقا سەۋەب بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر. مېنىڭ ئارمانىم «ئازابلىق يۈرەك ئاۋازىم» **ئۇيغۇر** ئەھلىگە ياڭرىسۇن! تەقدىرگە باش ئېگىپ ياتماي، دەردمەنلەر تەكشى ئاڭلىسۇن. بۇ ھەقتە ئەلىشىر ناۋايى: «شەكىلچىلەر مەنىسىز ھەقىقەتنىڭ دەۋاسىنى قىلىدۇ» دېگەن بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «غەپلەتتە قالغان كىشى ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن. ئانىنىڭ قارنىدا پەيدا بولغان مىجەز ئادەت بوز يەر قېتىغا كىرگەندىلا كېتىدۇ» دېگەن ئىكەن. بۇ چۈشىنىكسىز مىللەتنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرسىتىپ

تويماسلىق قىلىپ شۈكرى قىلماسلىق كۇپۇرلۇق قىلغانلىق بولىدۇ»
دەپ كايىپ كەتكەندە ئىچىمدە ئويلاپ قالدىم، ئەگەر ئۆزىنى دانا سانايدىغان مۇللىلارنىڭ خۇشاللىقىنىڭ ئۆلچىمى شۇنچىلىك پەس ھەم نەس بولسا باشقىلارنىڭ قانداق بولماقچى دېدىمدە، ھېچقانچە خاپا بولۇپمۇ كەتمىدىم، تالاش-تارتىش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى چۈشەندىم. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ شۇنداقلا بىر ئاق كۆڭۈل تۇرمۇشى خېلى ياخشى دوستۇمغا پات-پات بېرىپ تۇراتتىم، ھەر بارغىنىمدا شۈكرى قىل دەپ ئۆزۈمچە نەسىھەت قىلىپ كېتەتتىم. ئۇ بىر كۈنى بەرداشلىق بېرەلمەي ئاچچىقلاپ، مېنى قوتانغا باشلاپ كىردى-دە، كۆردۈڭمۇ ھەي دانىشمەن، بۇ قويلار بەرسەم يەيدۇ بولمىسا پېشانىغا يېزىلغان تەقدىر دەپ شۈكرى قىلىپ سەۋر قىلىپ يېتىۋېرىدۇ. سەن مېنى قويلارنىڭ قاتارىغا قوشۇپ قويماقچىمۇ؟ قاچان كەلسەڭ شۇ بىر گەپنىلا قىلىسەن. ئۆزۈڭ نېمىشقا تەقدىر، شۈكرى، سەۋر دەپ ئاللاھ ئاسماندىن تاشلاپ بەرگىچە ئۆيۈڭدە سەۋر قىلىپ ياتماي، داۋاملىق مەندىن قەرز سوراپ كىرىپ شۈكرى قىل دەپ كاپشىپ ھارمايسەن. ھەي لايغەزەل گالۋاڭ ئاداش سەنچۇ ئاللاھتىن ئەقىل سوراشنىڭ ئورنىغا، گادايلىقنى سورايدىغان قاپاقۋاش كالۋا مەخلۇق بولۇپ قاپسەن... جۇمۇ. بىلەمسەن يېقىندا سېنىڭ قوشناڭ ساقال مۇللامنى نەزىرگە باشلاپ كەلمەكچى بولۇپ بارسام چىقىۋاتقان ئىكەن قارىسام كەشنى تەتۈر كىيىپ ئاپتۇ، ئۇنى تۈزەيمەن دەپ ئېڭىشكەندە سەللىسى چۈشۈپ كەتسە بولىدۇ. تۇرۇپلا قالدى-دە، بالام ئاللاھنىڭ قۇدرىتىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ دېگەندە، دەررۇلا سەللىسىنى ئېلىپ كىيگۈزۈپ قويدۇمدە مۇللىكا كۆردىڭىزمۇ بۇ مېنىڭ قۇدرىتىم دەپ خىجالەت قىلىپ قويغان ئىدىم. سەنمۇ قوشناڭ قارىغۇ بولسا كۆزىڭنى قىس دەپ قوشناڭنى دوراپ كۆزىڭنى تولا قىسىپ ئاۋۇ مېنىڭ مەجرۇھ قويۇمغا ئوخشاش بولۇپ قاپسەن...
يەنە مۇناسىۋەتلىك بىر تەمسىلنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىپ قالدى: ئىككى پاقا سۈت قويۇلغان قاچىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ، بىرسى دېگۈدەك، بولدى بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش مۇمكىن

قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردۇر».[6]

ئاللاھ ئىنسانلارغا ئىنئام قىلغان ئىچكى-تاشقى نېمەتلىرى ئۈچۈن شەرىئەت پەرمانلىرى بويىچە سوئال-سوراق قىلىدۇ.

ھەي بەندەم مەن سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭغا ئۆز كامالىتىم ۋە پەزىلەتلىرىمنىڭ ھېكمىتى بويىچە نېمەتلەرنى ئىنئام قىلدىم، شۇ نېمەتلەر ھەققى ئۈچۈن قانداق خىزمەت ئارقىلىق شۈكرانىلىق بىلدۈرۈشىڭنى تەلەپ قىلدىم، ئۆگەتتىم. ئەگەر مەن كۆرسەتكەنلەرنى بەجا كەلتۈرمىسەڭ ئاسىي گۇناھكار بولغانلىقىڭنى ئاگاھلاندۇردۇم.

ساڭا دىل دەپ ئاتىلىدىغان بىر يەككە گۆھەرنى ئاتا قىلدىم! ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بارلىقىم ۋە بىرلىكىم ئىسپات شاھىتلىرى بولغان ئاجايىپ ياراتمىشلىرىم ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ، كامال قۇدرىتىم ۋە مۇقەددەسلىكىمنى بىلسۇن دېدىم. ئىلىم-مەرىپەتنى زىيادىلەشتۈرسۇن دېدىم. مېنىڭ ئىنئام قىلغانلىرىمنى مەدھىلىسۇن دېدىم. ھالبۇكى سەن ئاشۇ مەن ئاتا قىلغان ئەزايى بەدەنلىرىڭنىڭ ئىنئام نېمەتلىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلىدىڭمۇ؟ ئۇ ھەقتە مۇناسىپ شۈكرانىلىق قىلدىڭمۇ؟» دەپ ئىشارە قىلىدۇ. دېمەك ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈكى ئىلىم-مەرىپەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بۇيەردە شۈكرانىلىق دېگەن سۆز ئاللاھ ئىنسانلارغا ئىنئام قىلغان ئەزا ئورگان، ئەقىل-زېھنى نېمەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ بەھرىمەن بولۇش ئارقىلىق شۈكرانىلىق قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ھەرگىزمۇ خارابلىق خۇراپاتقا شۈكرى قىل ھەممىگە تەقدىر دەپ سەۋرى قىلىپ يېتىۋال دېگەن تەتۈر مەنا چىقمايدۇ.

ئەمدى ئەمەلىيەتتىن بىرنەچچە مىسال ئېلىپ كۆرەيلى: يېقىندا بىر تونۇش موللا بىلەن سۆھبەتلىشىپ قېلىپ «تەقسىر، مۇشۇ كۈنگە قالغىنىمىزنىڭ سەۋەبى نادانلىقىمىزدىن كېلىپ چىققان مەيدانسىزلىقىمىزدا بولسا كېرەك» دېسەم «قايسى كۈنگە قاپسىز، قولىڭىزنى قاياققا سۇنسىڭىز شۇ ياققا يېتىدۇ، ئاللاھ بەرگەن كۈنگە

سەممىي ساداقەت بولۇش، توغرا يول كۆرسىتىش، ئەل-ۋەتەن يولىدا باش قاتۇرۇش، تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق خەلققە زىيان كەلتۈرمەيدىغان نەتىجىلىك ئامىللارنى قوللىنىپ ئاندىن خىزمەت قىلىش ۋە كىشىلەرنى خۇشال ھەم رازى قىلىدىغان شەرىئەتكە مۇۋاپىق ھەرقانداق ئەمەل ساۋابلىق بولۇپ، ئاللاھ ئالدىدا ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپە بولۇش سۈپىتى بىلەن، شەخسى مەنپەئەتكە ھېچقاچان قارشى كەلمىسە كېرەك دەپ ئويلايمەن.

ناماز پەرز قىلىنغان ساۋابلىق ئىبادەتلەرنىڭ بىرى، ياخشىلىقلارنىڭ بېشى، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. بىراق تۆۋەندىكى ئايەتلەرگە ئاساسەن شەكىلچىلىك كەسپى بىلەن قىلىنغان ئىبادەت ئاللاھنى تونىمىغانلىق، خەلقنى ئازدۇرغانلىق بولۇپ، ئۆزىگە ئاپىرىدە بولغان ئەماخور نىجىس ئىللەتلىرى بىلەن، ئۆزىنى ئۆزى ئالداشنى ئەنئەنە قىلىۋالغانلىقتۇر!؟

ئەگەر بىز ئىسلامنىڭ پەرز ھەم ساۋابلىق تەلىپلىرىگە چوڭقۇر نەزەر سالساق، باشقا ساۋابلىق ئىشلار يوقتەك، بارلىق پەرزلەر بىلەن ساۋابلىق ئىشلارنى قايرىپ قويۇپ ناماز بىلەن ھەج قىلىشنىلا پەرز ھەم ساۋابلىق دەپ چۈشىنىۋېلىپ ئۇنى باشقا پەرز ھەم ساۋابلىق ئىشلارنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىپ يېگى بىر مودىغا ئايلاندۇرۇۋاپتىمىز؟

ئىمانىمىزنىڭ سۇسلىقىدىن كېلىپ چىققان مۇنداق تار چۈشەنچە ئاللاھقا قىلغان ھاقارەت بولۇپ، بەش پەرزنى ئادا قىلىشتا، ئۇنىڭ ئالدىنقى بىرىنچى شەرتى ھەم كاپالىتى دەپ تەرىپلىگەن «قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىش» ئاللاھنىڭ چۈشۈرۈپ بەرگەن پەرزلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي پەرز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقتۇر. ئېرىنمەي قايتىدىن تەپەككۇر قىلىڭ! دۇنياغا تەپەككۇر كۆزىڭىز بىلەن نەزەر سېلىڭ!

بۇ ھەقتە ئۆز تىلىمىزدا چۈشەنچە بېرىلىپ تۇرسىمۇ، ئىسلامنى يەنىلا ئاددىي بىر چاكىنا ئەبگارلىق چىرماپ كەتكەن ئاجىز ئۇقۇم بىلەن چەكلەپ كېلىۋاتىمىز، ئەتىمالىم بۇخىل دۇرۇس بولمىغان ئاغمىچى بەتنام ئىخلاستا قىلىنغان ماسكىلىق ئىبادەت بىلەن ئۆزىنى تەقۋادار

ئەمەس، رىزقىمىز پۈتكەن ئوخشايدۇ دەپ تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئىككىنچىسى ياق بۇ تەقدىر ئەمەس مەن ئۆلمەيمەن دەپ، تىنىم تاپماي تىپىرلاپ پالاقشۇپىرىپتۇ، بىر مەزگىلدىن كېيىن سۈت قويۇقلىشىپ قويۇق بىر ماددىغا ئايلىنىپ قاپتىمىش، پاقا ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كور ـ كور قىلىپ توختىمىغىدەك، بۇ نېمە گەپتۇ دەپ تەرجىمان ئەكىلىپ ئاڭلىسا كور ـ كور دېگىنى، ئى قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئاللاھ رەھمىتىڭگە يۈز مىڭ شۈكرى دەپ سەۋر قىلىپ سانا ئېيتقىنى ئىكەن... دېمەك پاقا جېنىدا ئۇ سۆزلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى بۇزماي ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئۆز جايىغا قويۇپ ئىشلەتكەن ئىكەن.

بىر ئاغىنەم، تاماكىنى تاشلىيالماي ئاللاھقا نالە قىلىپ، بۇ تەقدىر ئوخشايدۇ دەپ ئاخىر شۈكرى قىلىپ يۈرگىنىمنى ئاڭلاپ قېلىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆزىنى باسالماي قالغان ئىدى. ئۇ، ھەي ھاماقەت دولەي! ئۆزۈڭ تېرىۋالغان بالاغا نېمە دەپ ئاللاھقا مۆتەھەملىك قىلىسەن؟ تازا بەغەرەز مەتوكەنسەن، ئاللاھ ساڭا تاماكىنى ئۆگىتىپ قويىدىغان سېنىڭ ئاغىنەڭ ئەمەسقۇ؟ دەپ قاتتىق ۋارقىراپ كەتكەندە ئويلىنىپ قارىسام چالا موللىلاردىن زەھەرلەنگەن خۇراپات چىرىندى قالدۇقلىرىنىڭ تەسىرى مېنى ھەقىقى جۈرئەتسىز ئىدراكسىز تەمەخور مەخلۇق قىلىپ قويغىنىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى ئىكەندە، ئەستاغپۇرۇللا.

ئۆز زامانىسىدا بىر كىشى ئۆيىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ لوقمان ھېكىمنى چاقىرىپ مۇشۇ ئۆيۈمگە قانچىلىك كىشى پاتار؟ دەپ سورايدۇ. لوقمان ھېكىم ئادەملەردىن 50 كە يېقىن پاتىدۇ، ئاياللاردىن بولسا ئىككى، چالا موللىدىن بىر دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن...

## ساۋابلىق ئىشلار ھارام ئەمەللەر

ئومۇمەن خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا ناماز ئوقۇغۇشتىنمۇ باشقا ساۋابلىق ئىشلار ھەربىر چامدامدا ئۇچراپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ كىشلەرگە

1400 يىلنىڭ ئالدىدا مېدىتسىناغا بولغان بىلىمنى بىلدۈرۈپ چىش تازىلاش ھەم تازىلىققا قاتتىق ئېتىبار بېرىشنى ھەتتا بەش ۋاخ نامازدىمۇ، ھەر نامازدا تاھارەت ۋاجىپ بولىدۇ دەپ ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. ئىمان-ئىبادەتلەر بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇنداق ئېيتىدۇ: «تازىلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدۇر» دەپ ئۇنى ئىسلامنىڭ شەرت پەرزلىرى دەپ ئېيتقان...

بۇ يەردە مىسال ھەم ئۆلگە قىلىپ چېچەن خەلقنى ئېلىپ كۆرۈمىز: چېچەن خەلقى ئىسلامغا رىئايە قىلىپ ئىتائەت قىلىشتا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە جاسارەتلىك قەتئىيلىك خاراكتېرى، ئىسلام تەلىپىگە ئىنتايىن مۇۋاپىق كېلىدۇ. دىنى ھېسسىيات، مىللىي غۇرۇرى باشقىلاردىن چوڭ پەرقلىنىدۇ. ئۇلاردا ئىلىم-پەن تېخنىكا ئىگىلەشكە بولغان ئىنتىلىش كۈچلۈك بولۇپ، مەدەنىيەت تەرەققىيات جەھەتتىن ھېچقانداق ئىلغار مىللەتلەردىن ئارقىدا قالمىغان. كاپىرلارغا ھېچقانداق شارائىتتا خۇشامەتچىلىك قىلىپ باش ئەگمەيدۇ. ئۇمىدمۇ قىلمايدۇ. ئەگەر ئارىسىدىن ئۇنداقلار چىقىپ قالسا ئىسلامدىن چىققانلىق دەپ قاراپ رەھىم قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردىن ساتقىنلار چىقمايدۇ دېسەكمۇ خاتالاشمايمىز. ئۇلار، ئەلىخان تۆرە شوئار قىلغان «ئۆلگەنلەر شېھىد، قالغانلار غازى» دېگەن ئىسلام شوئارى ئاستىدا ھەقىقى مۇجاھىد (ئىسلام ئەسكىرى) ئىكەنلىكىنى دۇنياغا تونۇتۇپ كەلمەكتە.

چېچەن خەلقى ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك مىللەت بولۇپ، ھېچقانداق يەردە ھېچكىمگە بوزەك بولمىغان خاراكتېرى بىلەن بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرگە تەقدىر، شۈكرى، سەۋرى دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن جازالايدۇ... ئۇلارمۇ پۈتۈن مىللەتلەرگە ئوخشاشلا بۇ چىرايلىق ئۈچ سۆزنى ئىشلىتىدۇ، بىراق بىزگە ئوخشاش ئەمەس. بەلكى «شۈكرى قىل، تېخىمۇ پاراۋان ئەركىن ياشاش ئۈچۈن پىكىر قىل» دەپ ئۇ سۆزنىڭ ماھىيىتى بىلەن ئۆز جايىغا قويۇپ ئىلغارلىققا ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ...

ئۇلار ناماز ئوقۇشتىمۇ شەرىئەت كۆرسەتمىسىگە قاتتىق رىئايە

مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىپ، نادانلارنى قايىل قىلغىلى بولغىنى بىلەن، ئىسلامنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىدا بەندىلەرگە يۈكلەنگەن ئىبادەتلەرگە، ئاللاھنىڭ موھتاج ئەمەسلىكى ئۈنىڭ بىلەن ئاللاھنى ئالدىغىنى ياكى سىپتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېيتىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى. مۇنداق تىل بىلەن قەلبىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، گاڭگىراپ ئاھ ئۇرۇپ زارلىنىۋاتقان ئۈيغۇرنى قايمۇقتۇرۇپ يوق قىلىپ تاشلاشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىنساندىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە ئۈنىڭ قەلبىدۇر. قەلبىدىكى ئەڭ شەرەپلىك نەرسە ئىماندۇر. ئىماندىن خالىي قالغان كىشىنىڭ قەلبى خارابلىققا ئۇچرايدۇ. ئىمان، كامىل ئېتىقاد قەلبىدە بولمىسا، قىلغان ئىبادەت، ئەمەل، ئىخلاس ھەممىسى بىكاردۇر.

پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە: «ئېتىقادى دۇرۇس بولمىغان كىشىنىڭ قىلغان ئەمەل-ئىبادىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەگەر ئۇ ئوھود تېغىدەك ئالتۇننى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئېتىقادى دۇرۇس بولمىسا، ئاللاھ ئۈنىڭدىن بىھاجەت (قوبۇل قىلىنمايدۇ!)» دەپ ئېتىقاد ئىدى.

مۇناپىقلار ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق ئېيتىدۇ: «ئۇلار (مۇناپىقلار) ئاللاھنى ۋە مۆمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تۇيماستىن ئۆزىنىلا ئالدايدۇ».[7]

يەنە ئاللاھ مۇنداق ئېيتىدۇ: «ھەقىقەتەن مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرغاندا خوش ياقماسلىق بىلەن تۇرىدۇ، ساۋابىنى ئۈمىد قىلمايدۇ، نامازنى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ، ئاللاھنى پەقەتلا ئازغىنە ياد ئېتىدۇ».[8]

ئەمدى ئىسلامنىڭ تازىلىققا كۆزقارىشى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنىڭ پاكىزلىققا چاقىرىشى توغرىسىدا مۇنداق ئېيتىدۇ: «ئىسلام پاكىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان دىندۇر» دەپ تەكىتلەش بىلەن بىللە

---

[7] 2- سۈرە 9- ئايەت.

[8] 4- سۈرە 241- ئايەت.

مەرەزلەرنىڭ ئاز ئەمەسلىكى رېئاللىقتا ئايلىنىپ قالدى. بۇ بىلەرمەنلەر، كاپىر دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ تۇرۇپ، شۇنداق كاللا كومشالىق قىلامدىغاندۇ؟ ياكى نەس باسقان مەمەدانلىق بىلەنمىدۇ؟ بىزگە نامەلۇم.

كاپىر دېگەن سۆز: شەرىئەتتە «ئاللاھنىڭ بىرلىكى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرھەق پەيغەمبەرلىكىگە تىلى ھەم دىلى بىلەن ئىشەنمىگەنلىكىنى ئوچۇق سۆزلىگەن كىشىلەردۇر».

شۇنداق ئىكەن، سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناماز ئوقۇمىغىنى راست. ئەمما ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى پەيغەمبەرنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىنىمۇ قەلبىدىن تونۇيدىغانلىقىمۇ راست. ئەينى زاماندا دىنى ھېسسىياتتىن مەھرۇم قالغانلىقىمۇ راست. لېكىن مىللىي ھېسسىيات، راستچىللىق، ساداقەتلىك ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى يوقىتىپ قويمىغانلىقىمۇ ئەمەلىيەت بولغانلىقتىن، بۇمۇ ھەقىقەت ھەم راست. ئۇنى ئېتىراپ قىلماسلىقتا ھېچقانداق ئاساس يوقتۇر!!!

بىراق، ئەقلى بۇلغىنىپ كەتكەن دېگىنى، ئۆز تەبىئىتىگە ئوخشاتقانلىق بولغانلىقتىن، ئەلۋەتتە كۆلكىلىك ھەم يالغان! ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس! رەزىللىكتۇر!

چوشقا گۆشىنىڭ ھاراملىقىنى كىچىك بالىمۇ بىلىدۇ. بىراق چوشقا گۆشى يېسە ئەقىل بۇلغىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇ نادان ھارامزادە سوپىچاقتىن باشقا بىرمۇ ئادەم تېخىچە دەلىللەپ چىققىنى يوق؟!

بۇ سوپىچاقلار، چۈشەنمەمدىغاندۇ؟ چوشقا گۆشى يەيدىغان كاپىرلار ئۆزىنىڭ ئەقىل-كارامىتى بىلەن كۈچلىنىپ، ئەقلى بۇلغانمىغان مۇسۇلمانلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا زوراۋانلىق قىلىپ يول قويماي كېلىۋاتقىنىنى ھېس قىلالماستىن، ئىسلام دۈشمەنلىرى تەرەپكە ئۆتۈۋېلىپ، ئۇلارنىڭ سېھىرگەرلىك سىياسىتىنىڭ ئەينى ماھىيىتى ئۇزاقنى كۆزلىگەن سۇيىقەستلىك رەزىل سىياسەت ئىكەنلىكى توغرىسىدا، تەپەككۇر قىلىپ كۆرۈشكە ئەقىل ئاجىزلىقى يول قويمىغانلىقتىن، ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان نۆۋەتلىك پاجىئەنىڭ مۇقەددىمىسىگە داۋراڭ سېلىپ داپ چېلىشى، ھېلىقى قىلتاقچى ئالدى

قىلغان ھالدا پاكىزلىققا ئالاھىدە ئاساس قىلىدۇ.
ئۇلار پەيغەمبىرىمىز ۋاقتىدا شارائىتنىڭ يار بەرمىگەنلىكىدىن، كۈنىگە ئۈچ قېتىم بولسىمۇ تاھارەت ئېلىش، سۇ تېپىلمايدىغان يەرلەردە تەيەممۇم قىلىش بىلەن ناماز ئوقۇسا بولىدۇ دېيىلگەن. بىراق «ئىسلام پاكىزلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان دىن بولغاچقا» بىزنىڭ شارائىتىمىزدا ھەر نامازدا تاھارەت ئېلىپ، يۇيۇنۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلغان دەپ قارايدۇ...
بىز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرغان بەزىبىر موللىچاقلار پېشىن نامىزىغىچە بولغان ئارىلىقتا، تەرلەپ پىشىپ پاسكىنا يەرلەردە يۈرسىمۇ، پەقەتلا كەينى ئاغزىدىن كىكىرىپلا قويمىسا، تەرىتىم بار دەپ قويۇپ رىكلاما قىلىش ئۈچۈن ئوقۇغان نامىزى ھەقىقى چىن ئىبادەت بولارمۇ؟ نېمىدېگەن مۆتىۋەر بەش ۋاخ ناماز ھاجى بىز ھە؟
قارا نامازنى چېچەنلەرگە ئوخشاش ئۆيگە بېرىپ تازىلىنىپ، ناماز ئوقۇش شەرت قائىدىلىرىگە بويسۇنۇپ كېچىچە ئۆزىمىز ئۈچۈن ئوقۇساق ساۋاب ئازىيىپ كېتەرمۇ؟ مېنىڭچە ساۋاب ئازىيىپ كەتسىمۇ، ئىسلامنىڭ شەرت-قائىدىلىرىگە ئىتائەت قىلىپ قىلىنغان ئىبادەت ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر.
چېچەنلەرگە شۇنچە ئەقىل-پاراسەت، كۈچ-قۇدرەت جاسارەت ۋە بايلىق، ئۆملۈك، پاكىزلىق قەيەردىن كېلىپ قالدى؟ ئەلۋەتتە، ئاللاھ ھەدىيە قىلغان ئىنئاملارنى ئىشلىتىپ پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ ساقلاپ قالالىدى. بىزچۇ؟ ئېيتىشقا تىلىم كۆيىدۇ، بىزدىكى مۇسۇلمان رەھبىرى ئىسلام پېشىۋالىرى، ئۆزلىرى ھەتتا كاپىرلار ئۆزلىرىگە يامان ئىللەت دەپ چەكلەيدىغان رەسۋاچىلىقنى قىلىپ يۈرسىمۇ، باشقىلارنى يەنى سىياسىي مۇھىت بېسىم تەسىرىدىن ئىسلامنى چۈشىنىشىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي قالغان سوۋېت **ئۇيغۇر**لىرىنى كەمسىتىپ «ئۇلار چوشقا گۆشى يەپ ئەقلى بۇلغىنىپ كەتكەن» دەپ ناماز ئوقۇمىغىنى ئۈچۈنلا كاپىرغا چىقىرىۋېتىش قارا نىيەتلىرى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىككە ئوخشاش غەرەزلىك بۇزغۇنچىلىق ئەھۋاللىرىنى تۇغدۇرۇشقا تىرىشىۋاتقان

بىلەن جازالاش مۇسۇلمانچىلىق پەزىلىتىنىڭ بۇرچى بولۇپ، ئۇلارغا ئىشەنمەسلىك مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ ساۋابلىق شۆھرەت بولۇپ، ئانا سۈتىگە جاۋاب، ئەل-يۇرتقا تۆھپە قوشقانلىقتۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە: «ئادەمنىڭ ئۆمرىنى قورقۇنچلۇق ئۈزارتالمايدۇ، باتۇرلۇق قىسقارتالمايدۇ»[10] دېمەكچىمىزكى، كاپىرلارغا يان بېسىش، يالۋۇرۇش، شىردىن كېيىككە، بۆرىدىن قويغا رەھىم قىلىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس تەبىئەت قانۇنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقتۇر.

ھەممىمىزگە مەلۇم، جاننى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئېھتىمالىدا چوشقا گۆشىنى بىر قېتىم ئىستېمال قىلىش مۇمكىن ئىكەنلىكى، دېمەك نەزىرىمۇ مەنئى قىلىنغان بىدئەت سانىلىشىدىن قەتئىينەزەر داۋاملىق قۇرئان ئوقۇپ ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان ھارام ئىكەن. ئۇ چاغدا ھارام ياخشى ھارام يامان ھارام دەپ ئىككىگە بۆلىنىپ كېتىدىكەندە؟ شەرىئەتتە «بىدئەتكە ئەگەشكەنلەر چوقۇم ئازابقا ھەقلىق بولىدۇ» دېيىلگەن (بۇ ھەقتە ئايرىم توختالغىنىمىز ئۈچۈن تەپسىلىي يازمىدۇق).

ئىت ھەم ئادەم گۆشى يەيدىغان ماگقا خىتاينىڭ دۇكانلىرىدىن ئېلىپ ئىستېمال قىلىۋاتقان يېمەك-ئىچمەكلەر چۇ؟

ھېلىقى ياخشى خىتاي، يامان خىتاي دېگىنىمىزدەك، بۇتقا چوقۇنغانلار يامان كاپىر، خرىستىئانلار ئىيسانى خۇدانىڭ ئوغلى دەپ دىننى ئۆزگەرتىپ ئالغىنى ئۈچۈن ياخشى كاپىر، چۈنكى ئۇلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش خۇداسى بار دەپ پىكىر قىلىۋالساق، ئۇ ۋاقىتتا كاپىرلارمۇ ياخشى يامان كاپىر دەپ ئىككىگە بۆلىنىدىكەندە؟

مۇنداق بىر يېڭى مۇسۇلمانچىلىق چۈشەنچىسىدىن قارىغاندا ھارامنىڭ ھەممىسى ھارام ئەمەس، كاپىرنىڭ ھەممىسى كاپىر ئەمەس دېگەن يېڭى كەشىپ قىلىنغان ئىسلام ئۇقۇمىنىڭ مەيدانغا چىقىشى، كەيپىنىڭ كۆچى بىلەن كەيپ سۈرۈۋاتقان چۈپرەندە ئەبلەخلەرنىڭ

---

[10] سۈرە ئالى ئىمران 145_ 185_ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىلەن غەمخورلۇقنى بىلدۈرىدىغان دانىنى چېچىپ قويۇپ، ئاندىن مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنىمۇ، تەسەۋۋۇر قىلالمىغانغا ئوخشاشلا پاجىئەلىك ھادىسىدۇر؟!

بۇ قەلبى خارابلىققا ئۇچرىغان مۇناپىقلار، نىقاب بىلەن قىلىنغان ئىبادەتتىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق شاپائەتلىك ساۋابلىق ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ ئىنكار قىلىشى، موللامنىڭ بىلىپ تۇرۇپ كۆلگە تەرەت قىلغانلىقى بولسا كېرەك؟

مانا بۇ چوشقا گۆشى يېمەي ئۇنىڭدىن بەتتەر ھارام ئىشلارغا يول قويۇپ كېلىۋاتقان نەسلىكىدىن ئەقلى بۇلغىنىپ ئاللىقاچان ئىماندىن چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ پاكىتى بولماي نېمە؟ بۇ تىپتىكى كىشىلەر ئاللاھقا تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىپ قايتىدىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇۋالسا بولىدۇ. بىراق بىلىمسىز ئادەم، تەۋبە قىلىشنىڭ ئالدىدا بىلىمسىزلىكتىن قۇتۇلۇشى لازىم. ئاللاھ مۇنداق ئېيتىدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە، ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى گاس بولۇۋالغان، ھەقنى سۆزلىمەي گاچا بولۇۋالغان، ياخشى-ياماننى پەرق ئېتەلمەي ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر».[9]

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە: «تۇل خوتۇن مىسكىنلەرگە خەيرى-ئېھسان قىلغۇچىغا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ ياكى كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزا تۇتقۇچىنىڭ ساۋابى بولىدۇ» دەپ ئەڭ ساۋابلىق ئەمەللەرنىڭ بىر قىسمىنى ناماز، روزا ساۋابىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ساۋاب ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئوچۇق ھەم ئېنىق شەرھلەپ بەرگەن ئىدى.

بۇ بىلىمدان مۇناپىقلار مۇسۇلمانچە ياسىنىۋالغان بولسىمۇ، شەرىئەتتە ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان نىجىس ئەمەللەرنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز: ئىماندىن چىقىپ كېتىش ئامىللىرىنىڭ ئەڭ چوڭى «كۇففارلارنىڭ تۇتقان يولىغا كۆڭۈلدىن رازىلىق بىلدۈرۈش ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش» بولۇپ، ئۇ نادانلارنى رەھىمسىزلىك

[9] 27_ سۈرە ئەنفال 22_ ئايەت.

ئۇقتىلىرىنىڭ بىر خىلى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆچىيىپ كېتىشىگە پۇرسەت تۇغدۇرماي ئاجىزلاشتۇرۇش، كۆرۈنۈشتە دوستانە ئىنسان ھوقۇقىنى قوغداش ئادىللىقى بىلەن ھەمكارلاشقانلىق غەمخورلۇقىنى ئىشقا سېلىپ، ھېچبولمىغاندا كىشىلەر چۈشەنمەيدىغان ئىچكى تۇراقسىز ھالەت ئۇرۇقىنى چېچىپ قويۇشتىن ئىبارەتتۇر؟!

ئۇلار بارلىق جەھەتتە مۇسۇلمانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. سەۋىيە، بىلىم، ئىلىم-پەن، تېخنىكا ئىگىسى، تەبىئەتكە كۆزقارىشىمۇ ئىنتايىن يۈكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇلار ئىسلامنى تەتقىق قىلىپ ئەنە شۇ ئىلغارلىق تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

بىز ئىسلام دۈشمەنلىرىدىن ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان تەرەققىيات، ئىلغارلىقلارنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ، ئىسلام تەرەققىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىگە كۆز يۇمۇۋالماي، ئۇلارنىڭ دۆلەت قانۇنى، ئىنتىزام ئەنئەنىلىرىگە ئىتائەت قىلىشىمىز لازىم. لېكىن، پەقەتلا قەلبىمىزدە ئاق-قارىنى پەرق ئېتىۋېلىپ، زىيانكەشلىك قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز ئەڭ مۇھىمدۇر.

## ھارام ئىشلار توغرىسىدا

دىن ساۋاتى بەكمۇ قالاق كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىز ئاللاھ ھالال قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنىمۇ ھارام قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ، تىلىنى چاپىناپ باقىدۇ. بۇ ئەھۋال غەپلەت باسقان بىر مىللەت بولۇپ قالغىنىمىزنى ئاز دەپ، گومۇش ھەم بىر خىل ئالا جوقى مۇسۇلمانغا ئايلىنىپ قالغىنىمىز قىزىق. پەقەتلا گۆشكە كەلگەندە، ھالال گۆشنىمۇ ھارامغا چىقىرىۋېتىپ، ئىسلام ئەھكاملىرىدا مەنئى قىلىنغان بارلىق ھارام ئەمەللەرنى ھالال قىلىپ ئالمىقىمىز بۇ ھەققى مۇسۇلمانچىلىقمۇ؟ ياكى دۆتلۈكمۇ؟

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ھارام ئەمەللەر: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، يالغانچىلىق، خىيانەت، ھەقسىزلىك، ۋاپاسىزلىق، جاھىللىق، بېخىللىق،

سەپسەتىسى، نورمال ۋىجدان ئىگىلىرىنىڭ غۇرۇرىنى غاجىلاپ، روھىنىڭ ئازاب چېكىشىگە مەجبۇرلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن بىرئاز يېزىپ قويۇشقا جۈرئەت قىلالىدۇق. شۇنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز لازىمكى، جاننى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن چوشقا گۆشى بىر قېتىملىق مۇمكىن بولسا، باشقا كۈن چۈشكەندە بىر قېتىم ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ دەستىسىنى كۆتۈرسەك ئىماندىن چىقىپ كەتمەيسەن دېگەن شاھادەت ھېچقانداق يەردە بايان قىلىنماپتۇ. ئاللاھ ئۆز ئەمر-پەرمانلىرىدا مۇناپىقلارغا مۇنداق زىكىر قىلىدۇ: «مۇناپىقلار كۇفرى بىلەن ئىمان ئارىسالدى بولۇپ تۇرىدۇ، ياكى كاپىرغا مەنسۇپ ئەمەس، ياكى مۇسۇلمانغا مەنسۇپ ئەمەس».[11]

مۇناپىق دېگەن سۆز تىلى ھەم شەكىلدە مۇسۇلمان، قەلبىدە ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە، پەيغەمبەرنىڭ بەرھەقلىگە ئىشەنمەي خىلاپلىق قىلىش...

مېنىڭچە، مۇنداق مەيدانسىز ھالەتتە تۇرۇپ، مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈپ مۇسۇلمان ئاتاقنى ئېلىپ يۈرگىچە، ئۆزىنى ئاۋارە قىلماي مۇسۇلمان چاپىنىنى تاشلىۋېتىپ شۇ قەلبىدە چوقۇنۇۋاتقان دىنغا ئاشكارا ئۆتۈپ كەتسە، ئۆز تەبىئىتىگە ئىنتايىن ئۇيغۇن كېلەتتى ئەمەسمۇ؟

ھۆرمەتلىك لىدىر، زىيالىي دانىشمەن ئەپەندىلەر! سىلەرنىڭ تەقدىر، شۈكرى، سەۋرچانلىق بولۇش دېگەن سۆزلەرنى ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتماي ئىشلىتىدىغىنىڭلارنى ياخشى بىلىمىز، شۇنداقلا ئىسلامنى ياقتۇرمايدىغانلىقىڭلارمۇ ھەممىگە ئايان! ئۇنىڭغا مىسال قىلىپ كىتاب تونۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز.

بىراق ئاغزىڭلاردا ھەم شەكلىڭلاردا مۇسۇلمان بولۇپ ئېلىپ قەلبىڭلاردا ئىسلامغا ئىشەنمىگىنىڭلارنى سېلىشتۇرغاندا كوممۇنىستلار بىلەن ئوخشاپ قالغىنىڭلارغا نېمە دېسەك بولار؟

دىن دۈشمەنلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان ئاساسلىق

[11] 4- سۈرە 143- ئايەت.

ئەقلىگە سىغمايدىغان سەكرەپ ئىلگىرىلەش پرىنسىپ يولى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، كىچىكتۇرۇپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا، قالغان مۇھىم مەسىلىلەرنى ۋەتەن ئازاد بولغاندا ھەل قىلىمىز دەيدىغان بىر خىل خام خىيال مەجرۇھ سەۋىيە ئاجىزلىقى، بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا 5 ـ سىنىپ دەرسىنى بەرمەكچى بولغانغا ئوخشاش بولغانلىقتىن، چۈشەنمەك نېمىدېگەن مۇرەككەپ ھەم قىيىن ھە؟ ئەزىز قېرىنداشلىرىم!

قېنى ئەمسە، بىر-بىرىمىزنى توغرا چۈشىنىشنى خالىماي يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، زىددىيەتلىشىپ كېلىۋاتقان مەزگىلىمىزدە، ئالدى بىلەن تۆت ئۇيغۇرنى بىر يەردە چىقىشىپ ياشىيالايدىغان ھالەتنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ، قانداقچە مۇشۇ سەۋىيە، مۇشۇ بىلەرمەنلىك، تەرسالىق، ئۆچمەنلىك كۆزقاراشلىرىمىز بىلەن، مۇبادا مۇستەقىللىككە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، قانداق كۈتمىگەن ھالەتنىڭ شەكىللىنىپ چىقىپ، قانداق مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ، ساغلام تەسەۋۋۇر قىلىپ دۇنياغا تەپەككۇر قىلىش كۆزىڭىز بىلەن نەزەر سالالامسىز؟ دانىشمەن ئەپەندىم! بۇ ھەقتە ئۆتكەنكى ماقالىدا بىرئاز توختىلىپ كەتكەن ئىدۇق.

ئەگەر بىز ئالláھتىن ئارزۇ تىلەكلەرنى تىلىمەكچى بولساق، ۋەتەن ئازادلىقى ۋە باشقا ھەر بىرىمىز تىلەۋاتقان تىلەكلەرنى تىلەشنىڭ ئۆزىمۇ، باسقۇچلۇق پرىنسىپلارغا ئېتىبار بەرمەي، گۆدەك بالىنىڭ چوك بولماي تۇرۇپ ئالىم بولدۇم دېگىنىگە ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن، بىز ئالدى بىلەن ئالláھتىن پەقەتلا «ئى ئالláھ قاپاق كاللامنى نادانلىقتىن قۇتقۇزغىن! ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلغايسەن. ئەڭ يۈكسەك تەگدىشى يوق نېمەتنىڭ بولغان ئەقىل نېمىتىڭ بىلەن، دىلىمىزنى ئىمان بىلەن يورۇتقايسەن» دەپ سوراپ، شۇنىڭغا ئەمەل قىلالىساق، چوقۇم ئارمان قىلغان بارلىق بەخت-سائادەتكە يېتەلەيمىز!

چۈنكى مۇسۇلمان دېگەن، كىشىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى باش كىيىمى، ساقال، مەسە، كالىچىغا قاراپ بەلگىلىنىدىغان سۆز

قاشىشاق خۇراپىيلىق، پاسكىنىچىلىق، بۇزغۇنچىلىق، ھۇرۇنلۇق (تەما خورلۇق)، لەۋزىدە تۇرماسلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. بولۇپمۇ بىزدە ئادەتتىكى بىر ئىشلارغىمۇ ۋەدە بېرىپ قويۇپ، لەۋزىنى ھالال قىلماسلىق ۋە بانا كۆرستىپ ئۇيالماسلىق، ناماز ئوقۇپ ھەج قىلىپ چوشقا گۆشى يېگەن بىلەن ئوخشاشلىقنى بىلمەمدۇق؟؟؟ بۇ توغرىسىدا بىر تۈركۈم كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «قىرلىقلار بىزگە قىردىن گۆش ئېلىپ كېلىدۇ، مالنى بوغۇزلىغاندا ‹بىسمىللاھ دېگەنمۇ يوقمۇ بىز ئۇنى ئۇقمايمىز› دېگەندە ‹گۆشنى يەيدىغان چاغدا بىسمىللاھ› دەۋېتىپ يەۋەسەڭلار بولىدۇ»[12] دېدى. قانداق بوغۇزلىغىنىغا كۆڭۈل بۆلۈپ سوراپ كەتمەڭلار. سىلەرگە ئەڭ مۇھىمى يېگەندە بىسمىللاھنى تىلغا ئېلىشىڭلاردۇر.

ئەمدى ئاتا-ئانام شۇنداق قىلغان، شۇنداق دېگەن، مەنمۇ شۇنداق قىلىمەن، دېگۈچىلەرگە ئاللاھ مۇنداق ئېيتىدۇ:

«ئۇلارغا ئاللاھ نازىل قىلغان ھۆكۈمگە پەيغەمبەر بايان قىلغان ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىڭلار دېسە، ئۇلار ئاتا-بوۋىمىزنىڭ دىنى بىزگە كۇپايە قىلىدۇ دەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان ۋە ھىدايەت تاپمىغان تۇرسىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەمەل قىلامدۇ؟»[13]

يەنە شەرىئەتتە «ئاتا-ئاناڭ مەيلى مۇسۇلمان مەيلى كاپىر بولسۇن ھۆرمەتلەش كېرەك. ئەگەر يامان يولغا باشلىسا باش تارتقىن، چۈنكى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن مەخلۇققا ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ» دېيىلگەن، تەپەككۇر قىلىڭ.

بىز خۇددى قان كېچىپ جەڭ قىلىپ باشقا ئىشلارغا چولىمىز تەگمەي جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئەڭ زۆرۈر بولغان باسقۇچلىرىمىزنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولغان نەتىجىدارلىق تەدبىر سىستېمىلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلمەي، تۇتامى يوق غەلىتە بىنورمال كىشىلەرنىڭ

---

[12] سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى 265 - بەت.

[13] سۈرە مائىدە 104 - بەت.

پارلاق يول بولسا ئىسلام بايرىقى جەۋلان بولمىغۇچە، ھېچقانداق دانىشمەنلەرنىڭ خىيالى شەخسى كۆزقاراش، پىكىر، تەلەپ، تەشەببۇسلىرىغا بويسۇنماسلىق ۋەزىيەت مەجبۇرىيىتىنىڭ جىددىي تەلىپى بولۇپ قالماقتا.

دېمەك، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى، ئىدىيىۋى ھەم تىل بىرلىكىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈش ئاللاھنىڭ ھۆكمى بولغاچقا، مۇسۇلمانلار قانچىلىك پاسىق گۇناھكار بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلىش پەرز ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقتۇر!

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇبارەك ھەدىس شەرىپلىرىدە: «بارلىق مۇسۇلمانلار بىر قېرىنداشتۇر. مۇسۇلمانلار بىر تەنگە ئوخشايدۇ، بىر مۇسۇلمان ئازاب چەكسە بارلىق مۇسۇلمان ئازاب چەككەن بىلەن باراۋەر بولىدۇ» دېگەن ھۆكمى مۇسۇلمانلارنى زىچ ئىتتىپاق ئويۇل تاشتەك بولۇشقا ئەڭ چوڭ رول ئوينىشى كېرەك ئىدى. مىڭ ئەپسۇس!

مۇسۇلمانلار بۇ ئەمر-پەرمانلارنىڭ ھېچقايسىسىغا بويسۇنماستىن، ئىسلامنى خارلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بوزەك بولۇپ ياشاشنى ئەنئەنە قىلىۋالدى؟؟؟

ھېلىمۇ ئاللاھ نېمىدېگەن رەھىم دىل، مېھرىبان، ھە؟ بولمىسا نوھ ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدىكىدەك جاجىمىزنى بېرىپ قويمايتتىمۇ؟

يۇقىرىدا قىسقارتىپ،لېكىن مەزمۇنلۇق قىلىپ يېزىلغان جۈملىلەرگە قانائەتلەنمىسىڭىز، ئېرىنمەي قايتىدىن چوڭقۇر چۈشىنىپ ئىسلامغا مۇراجەت قىلىپ بېقىڭ.

ھەممىمىزگە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئالدى بىلەن ئەقىل-پاراسەت، ئاندىن قۇچىقىنى ئېچىپ نۇسرەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

بۇ ماقالىمنى 3 كۇپلېت شېئىرىم بىلەن تاماملايمەن:

بوشات! ئازابلانغان ۋۇجۇدۇڭنى،
يېزىپ قەغەزگە پۇخانلىرىڭنى.
يورۇتۇپ ئىمان بىلەن قەلبىڭنى،
تونۇتقىن جاھانغا ئۆز خەلقىڭنى!

بولماستىن، بارلىق ھەمدۇ سانا ئاللەھنىڭ ياراتقۇچىسى ئىنسانلارنى باشقا ھايۋانلاردىن ئەقىل بىلەن پەرقلەندۇرگۈچى ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا، قىيامەتكە، پەيغەمبەرنىڭ بەرھەق يولىغا ئەگىشىپ مېڭىپ، ھەقىقەتنى بىلىشتىكى تىرىشقان ئىنسانلار مۇسۇلمان بولالايدۇ!

مەشھۇر ئالىم زەيدىن يۇسۇپ «قۇرئان كەرىم قەبرىستانلىققا بارغاندا ئوقۇيدىغان كىتاب ئەمەس، بەلكى جىھاد قىلىشنىڭ مىزانى» دېگەن ئىدى. جىھاد پەرزلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن چۈشكەن پەرز بولسىمۇ بەش پەرزنى ئۇنىڭ ئۇستىگە قويۇۋېلىشىمىز، چالا موللىغا ئىبادەت قىلغانلىق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز لازىم ئىدى، ئامال قانچە؟

بەزىبىر، يېلىنى توختىتالمىسا ئارپا نېنىغا بانا قىلىدىغان، ئۆزى نادانلىققا چوڭقۇر چۆكۈپ قېلىپ، گۇناھنى ئىسلامغا ئارتىپ قويىدىغانلارغا ئىككى كەلىمە جاۋاب:

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى پۈتۈنلەي چوڭ-كىچىك تارىخلىرىمىزدا بىز ماختىنىپ مەغرۇرلىنىۋاتقان، قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتۇپ شۆھرەت قازانغان، بىز ئۈچۈن ئۆچمەس مۇقەددەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن داھىلىرىمىز، دانا ئەربابلىرىمىز، ئىنقىلابچىلىرىمىز، كامالەتكە يەتكەن مۇتەپەككۇر ئالىملىرىمىز، پسىخولوگ ھەم بارچە مەشھۇر مىللەتپەرۋەر ئەدىبلىرىمىزنىڭ ھەممىسى، يالغۇزلا **ئۇيغۇر** مىللىتىنىڭ ئىچىدىن چىققان دىنىي ئالىملاردىن كېلىپ چىققانلىقىغا تارىخ ئۆزى گۇۋاھتۇر. ئىستىقبالىمىزغا نۇر چاچقۇچىلارمۇ پەقەتلا ھەقىقى دىنى ئالىملاردىن چىقىشقا گۇمان قىلىش مۇمكىن ئەمەس رېئاللىقتۇر.

مىللەت مەسىلىسىگە كۆز يۇمۇۋېلىش ئىنسانچىلىقمۇ توغرا كەلمەيدۇ دەپ قاراپ، بەزىبىر مەسىلىلەرنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەنلىكى، بىر پۈتۈن مىللەتنى ئەيىبلىگەنگە ياتمىسا كېرەك، ئەلۋەتتە.

مىللەت تەقدىرىنى ھەل قىلىشتىكى ئەڭ نەتىجىلىك بىردىنبىر

دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات ياكى سىياسىي يۈنىلىشىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلمەي ياكى قەلبىدىكى كۆزى بىلەن كۆرۈپ چۈشىنىشنى خالىماي، قارا قورساقنىڭ غېمىنى قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. چىراغ تۈۋى ھەرقاچان قاراڭغۇ بولىدىكەن، تامام.

سەييىد قۇتۇپ «يول بۇ يەردە» دېگەن كىتابىدا «بىز بىلىمىزكى، غەرب تەرەققىياتى، ئىلىم-پەن تېخنىكا ۋە پۈتۈن تەبىئەت ھەم كائىنات سىرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇلارنىڭ مۇنداق سانائەت گۈللىنىش دەۋرىگە كىرىپ ئىلگىرىلەش تەسادىپى ئۆزلىرىدىن كېلىپ چىققان ھادىسە بولماستىن، بەلكى شەرق ۋە ئىسپانىيە، پورتوگالىيىلەردىكى ئىسلام ئىنىستىتۇتلىرىدا ئىسلامنىڭ يول يورۇق كۆرسەتمە قائىدە-پرىنسىپلىرى بولغان كائىناتتىكى يوشۇرۇن كۈچ بايلىق ئىلىم مەنبە ھادىسىلىرى توغرىسىدا بېرىلگەن چۈشەنچىدىن كېلىپ چىققان ئىلگىرىلەش ئىدى» دەپ ئېيتىپ تەرەققىيات ئىلگىرىلىشىنىڭ ئەينى نېگىزى غەربنىڭ ئەمەس، ئىسلامدىن ئېلىنغان ئىلىم كۆرسەتمىلىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى پاكىتلارنى قويۇپ يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئۇ دەيدۇ: «مۇسۇلمانلارنى ئىرقى ۋە تېررىتورىيە ۋە شەكلى ۋاستىسىغا قاراپ بۆلۈپ، پارچىلاپ كۆرسىتىش ئاللاھنىڭ كىتابىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە كەچۈرگۈسىز ئېغىر جىنايەت، ئۇنىڭغا بويسۇنمىغانلار مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ»، دەپ ئېيتىدۇ. ئەگەر دۇنياغا ھەقىقى تۈردە نەزەر سالسىڭىز، پەلەكنىڭ چاقى ھەممە يەردە ئوخشاشلا پىقىرايدىغان ئوخشايدۇ.

سەييىد قۇتۇپمۇ ئۆز خەلقىنى ئويغىتىش، ۋە ھۆرلۈككە باشلىغانلىقى ئۈچۈن 1954ـ يىلى غەيرى كۈچلەر تەرىپىدىن 15 يىل قاماق جازاسى بىلەن جازالىنىدۇ. ئۇ تۈرمىدە ئالەمشۇمۇل كىتاب «قۇرئان سايىسىدا» دېگەن تەپسىرى كىتابىنى تاماملاپ 1964ـ يىلى كەچۈرۈم بىلەن بوشىتىلىدۇ.

سەييىد قۇتۇپ 1965ـ يىلى قايتا تۇتقۇن قىلىنىپ، 66ـ يىلى 29ـ ئاۋغۇست ئۆلۈم جازا ھۆكمى دارغا ئېسىش ئارقىلىق ئىجرا

قالمىدى تەندە دەرمان ھەم بەرداش،
كۆرەش سازىنى جىددىي چالمىساڭ.
پەرۋايىم پەلەك دەپ يېتىپ ئالماي،
بۇ غەپلەت تۈنىدىن ئويغانمىساڭ!

غەپلەت ھەم ئۇيقۇ ئۆلۈم ئەلچىسى،
بۇ قەدىملەردىن مىراس قالمىغان.
موللا ھەج قىل، شۈكرى دېگەن بىلەن،
ئىسلامنى تۈزۈك ئوقۇپ باقمىغان!

## دىل چىرىغى ئىسلام ماقالىمىزنىڭ داۋامى

شىھىت سەييىد قۇتۇپ كىم؟ سەييىد قۇتۇپ 1906- يىلى 9- ئۆكتەبىر مىسىرنىڭ ئاسيوت ناھىيىسى مۇشا يېزىسىدا دۇنياغا كېلىدۇ. ئاتا-ئانىسى نوپۇزلۇق كىشىلەردىن بولۇپ، ئۇ ئون يېشىدا قۇرئاننى ياد ئېلىپ چىقىدۇ. ئوتتۇرا ھەم ئالىي مەكتەپلەرنى ئالىي دەرىجىدە تاماملاپ مائارىپ نازارىتىدە خىزمەت قىلىش جەريانلىرىدا ئۆز خەلقىنى ئويغىتىپ توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن مەتبۇئاتلاردا ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، كىتابلارنى يېزىپ تارقىتىدۇ.

ئۇ 1948- يىلى ئامېرىكىغا چىقىپ ئىككى يىل ئىچىدە غەرب مەدەنىيىتى ھەم سىياسىتىنىڭ ئەينى ماھىيىتى نېمە ئىكەنلىكىنى ئىگىلەپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «مەن كۆرگەن ئامېرىكا» ناملىق كىتاب يېزىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك تەكلىپ تەرغىباتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ تەشۋىق ئېلىپ بارىدۇ.

بەزىلەر ئىككى يىلدا ئەھۋالنى قانداق ئىگىلەپ چىقىش مۇمكىن؟ دەيدىكەن. بۇ سوئالغا شەخسەن ئۆز ھاياتىمدا باشتىن كەچۈرگەن تەجرىبە-ساۋاقلارنى يىغىنچاقلاپ، چىقىرىلغان خۇلاسىدىن جاۋاب بەرمەكچى بولسام، كۆپلىگەن كىشىلەر پۈتۈن ئۆمرى ئۆزى ياشاۋاتقان

## سىياسەت دېگەن نېمە؟

موللا مۇھەممەت تۆمۈر قەشقەرىنىڭ سىياسەت توغرىسىدا ئېيتقان ھېكمەتلىك سۆزى بىلەن باشلايمىز: «ھۆكۈمالار ئېيتىدۇلەركى، سەلتەنەت دەرەخكە، سىياسەت سۇغا ئوخشاش، ھۆكۈمەت سەلتەنەت دەرىخىنى سىياسەت سۈيى بىلەن سۇغۇرۇپ تۇرمىسا، ھېچقانداق مېۋىگە ئىگە بولالمايدۇ، دەرەخ قۇرۇپ كېتىدۇ» دېگەن ئىدى.

ئىنسانىيەت يارالغاندىن تارتىپ ھەرقانداق ھاكىمىيەت ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۈكسەك تەدبىركارلارنىڭ پاراستى ئارقىلىق، ئەڭ ئالدى بىلەن دۆلەت مەنپەئىتى ئاساس قىلىنغان، ئاندىن ئۆز خەلقىنىڭ پسىخولوگىيە ئاڭ سەۋىيىسىگە ماسلاشقان، شۇنداقلا خەلقئارا تەسىرىنىڭ قوللىشى كۆزدە تۇتۇلغان، كۆرۈنۈشتە ئادىل ئىزچىللىققا بىرقەدەر ئۇيغۇن كېلىدىغان قانۇن-تۈزۈملەر بىلەن خەلقنى باشقۇرۇش ئۇسۇلى، شەرت قىلىنغان سىياسەت، شۇ دۆلەت خەلقىنىڭ قەلبىگە مۆھۈر باسقاندەك ئۆز ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ، تەشۋىق ئارقىلىق ۋىسال تېپىپ كەلگەن ئىدى.

دېمەك، تەشۋىق دېگەن ھۆكۈمەت مەخپىيەتلىكنى ساقلاپ قېلىپ، سىياسەتنىڭ سەھنە كۆرۈنۈشنى شەرتسىز بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنى خەلققە يەتكۈزۈپ، زەھەرلەش يولىدا كۈچۈرۈكلۈك رولىنى ئوينايدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئۈتكۈر قورالدۇر.

سىياسەت دېگەن ھەر بىرىمىز پەرەز قىلىپ كېلىۋاتقاندەك ئاددىي بىرنەرسە بولماستىن، بەلكى ئىنتايىن مۇرەككەپ ماتېماتىكا، شاھمات ئويۇنى شەكىللىك ئىنچىكە تاكتىكا، بەكمۇ نازۇك ھەم چۈشىنىكسىز سىرلار يوشۇرۇنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا راستچىللىق ھەرگىز ئاساس قىلىنمىسىمۇ، خەلقنىڭ روھى دۇنياسىنى جەلپ قىلالايدىغان ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ھاكىمىيەت ياكى يېتەكچىلىك قىلغۇچى رەھبەر ئىنتايىن زېرەك، قابىلىيەتلىك پسىخولوگ بولۇش بىللە، ئادىللىق ناھەقسىزلىك،

قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش دەھشەت ئەشەددىيلىك مەسىلىلەرنىڭ نېگىزى قەيەردىن كېلىپ چىقتى؟ نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئال ھەربىر ئەقىل ئىگىسىدە تۇغۇلۇشى مۇقەررەردۇر! بۇ ئارام قويمايۋاتقان يوشۇرۇن سىرلارنىڭ مەنبەسىنى بىلىش سەۋەبى تەپەككۇر ماقالەمنى ھەم تۆۋەندە توختىلىۋاتقان، «سىياسەت دېگەن نېمە» دېگەن تېمىنى يېزىپ چىقىشىمغا تۈرتكە بولدى.

قىممەتلىك قېرىنداشلار! قېنى ھەممىمىز بىرلىكتە مۇنازىرە يۈرگۈزۈپ تەپەككۇر قىلىپ باقايلىچۇ؟ نېمە ئۈچۈن خەلق سۆيۈپ قەدىرلەپ قوللاپ كېلىۋاتقان بۇ ئېسىل زاتنى خەلق ئۆز قولى بىلەن جازالىشى ئۈچۈن قايسى كۈچ تەسىرى پىتنالىدى؟ ئابدۇلقادىر داموللامنىچۇ؟ ئە، قاسىمنىچۇ؟ ل. مۇتەللىپنىچۇ؟ ۋە باشقا مىللەتسۆيەر ئوغلانلىرىمىز... سەۋەبى نېمە؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ مەن بۇ ماقالەمدە ئىستىقلال يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن مۇھاجىرەت ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان جەڭگىۋار قېرىنداشلىرىمغا يالقۇنلۇق سالىمىمنى يوللاش بىلەن بىللە، يېڭى زامان تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ھالدا، يېڭى كۈرەش ئۇسۇل باسقۇچلۇق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەش ئۈچۈن، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىزدىنىپ گۇمان قىلىشقا بولمايدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بىرئاز يورۇتۇپ بەرمەكچى بولدۇم. ئۇنىڭ ئۈچۈن قەلبىمىزدە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان كونا سىياسىي كۆزقاراش ئوبرازىنىڭ قوماندانلىقىنى ئۆزۈل-كېسىل سىقىپ چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىرادە مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى جانلاندۇرۇپ، جاسارەت ئىدراكىمىزغا تولۇق كاپالەتلىك قىلالايدىغان پارلاق كۈرەش يولىنى تاللىۋېلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتىمەن. ئەگەر بۇ قايغۇ، مۇڭ زارىم، ئەل غېمىدە قەلبى جاراھەتلىنىپ پىغانلىق ئىڭراۋاتقان ۋىجدانلىق روھلارغا ھېسداشلىق، مەنىۋى ئوزۇق بېرەلىسە، ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك دەپ ھېسابلايمەن!

ئەسكەرتىش. ئەسەردە ھەرقانداق چوڭ-كىچىك ۋەقەلەرنىڭ پەقەتلا ماھىيىتى ئاساس قىلىنىدۇ، يىل، ئاي، كۈن، سائەت، فامىلىلىرىنى ئەڭ مۇھىم نۇقتا دەپ سانىمايمەن كەچۈرىسىلەر!

ئىدى. بۇ كۈنلەردە كوچىدا ناتونۇش بىر ئادەم كېتىۋاتسىمۇ ئىشپىيۇن دەپ گۇمان قىلىدىغان، ئائىلىدىكىلەرمۇ بىر-بىرىگە ئىچ سىرىنى ئېيتالمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ چىققان ئىدى.

سۆزىمىزگە كەلسەك: 44- يىلى 6- نويابىر تاڭ سەھەردە نىلقىدىن ئىۋان (رۇس) ئەترەت باشلىق، غېنى باتۇر، ئەكبەر باتۇر (قازاق) پاتىخ مۇسلىموۋ (تاتار) قاتارلىق پارتىزانلار غۇلجا شەھىرىگە بېسىپ كىرىدۇ. شۇ كۈنى قورغاستىن ئابدۇكېرىم ئاباسوف، ئالىكساندىروۋ باشلىق 40-50 كىشىلىك قوراللىق رۇس ھەربىي ئەترەتنى باشلاپ غۇلجا شەھىرىگە كېرىدۇ.

ئۇلارنى داغدۇغا بىلەن قارشى ئالغان ئەلىخان تۆرە، خەلق ئاممىسى ئالدىدا ئىنقىلابنىڭ باشلانغانلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېلان قىلىدۇ، ھەرىكەتكە كەلگەن خەلق ئاممىسى بىردەك قوزغىلىدۇ، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىدىن چەكسىز غەزەپلەنگەن خەلق توپى غۇلجا كوچىلىرىدا چوقان كۆتۈرۈشۈپ سەلدەك ئېقىپ مۇستەقىلچىلەر سېپىگە قېتىلىپ دۈشمەنگە قارشى شىددەتلىك جەڭگە ئاتلىنىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! بۇ قايسى كۈچنىڭ غەرىزى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلدى؟ چوڭقۇر ئويلىنىپ بىرلىكتە تەپەككۇر قىلىڭ! ۋەدىمىز بويىچە گەپنى ئۇزارتمايمىز.

44- يىلى 12- نويابىر كۈنى ئىلى، ئالتاي، چۆچەك ئازاد قىلىنىپ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ.

جۇمھۇرىيەت رەئىسلىكىگە ئەلىخان تۆرە، مۇئاۋىن رەئىسلىككە ھاكىم بەگ غوجا، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىقىغا رۇس گېنېرالى فالىنوۋ سايلىنىدۇ. بۇ مەزگىللەردە ئەھمەدجان قاسىمى ئەلىخان تۆرىگە تەرجىمانلىق قىلاتتى، (ئە. قاسىمى ئىسلامدىن تولۇق خەۋىرى بار ئىدى. جۈمە نامازلىرىغا باراتتى، روزا تۇتمايتتى ناماز ئوقۇمايتتى).

ھەربىي قوماندانلارنىڭ كۆپچىلىكى سوۋېتتە تەلىم ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، پۈتۈنلەي چوڭ-كىچىك ھەربىر چامدام، ئەسكەرلىككە تىزىملاشقا ئوخشاش ئىشلارمۇ كونسۇلنىڭ يول يورۇقى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. بىز توختىلىۋاتقان تېما ماۋزۇسى سىياسەت بولغانلىقتىن

قوۇلۇق، شۇملۇق، يۇمشاقلىق قاتتىقلىق، مېھرىبانلىق، رەھىمسىزلىككە ئوخشاش ياخشى-يامان ئىللەتلەر مۇجەسسەملەشكەن بولمىسا، خەلقنى باشقۇرۇپ كېتەلمەيدۇ.

بۇ ھەقتە، يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «ھاكىمىيەتتە ياخشى خۇلق ۋە مىلك خىل ھۈنەر پەزىلەت بولغاندىلا ئاندىن ئەل-يۇرتنى باستۇرۇپ تۇماننى تارقىتالايدۇ» دەيدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى بولسا «ئىنسانىيەت مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنىڭ لوگىكىنىڭ ياردىمىسىز، ساختىلىقتىن خالىي ھالدا ھەقىقەتكە مۇيەسسەر بولۇشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

تېمىمىزغا كەلسەك، سىياسەتكە نەمۇنە قىلىپ 44- يىلقى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ ئۆزى ئەينى سىياسەتنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئەھمەدجان قاسىمى ھەققىدە-ئە. قاسىمى 1914- يىلى 15- ئاپرېل غۇلجا دۆڭ كۆۋرۈك مەھەللىسىدە دۇنياغا كېلىدۇ.

1924- يىلى قازاقىستاننىڭ يەركەنت شەھىرىگە كۆچۈپ چىقىدۇ. 37- يىلى موسكۋا شەرق سوتسىيال ئەمگەكچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا بېرىپ، 40- يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ تاشكەنتكە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدۇ، تاشكەنتتە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇئەللىم بولۇپ، خىزمەت قىلىش جەريانىدا ۋەتەن قايغۇسىنى قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان مەخپىي تەشكىلاتىغا ئەزا بولۇپ، كۆرۈنەرلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنىدۇ.

42- يىلى تارباغاتاي چېگرىسىدىن چۆچەككە كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن گومىنلاڭغان خىتاي ھۆكۈمىتى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە ئالىدۇ.

44- يىلى تۈرمىدىن چىقىپ غۇلجىغا كەلگەن ۋاقتى شىڭ شىسەينىڭ ستالىندىن يۈز ئۆرۈپ، دېموكراتىيە نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ ئاشكارا ھالەتتە يالغۇزلا ئۇيغۇر مىللىتىنىلا ئەمەس، خىتاي كوممۇنىستلىرىدىن بولغان ماۋ زېمىن، چىن تەيچيۇ، لىن جى لولارنى قولغا ئېلىپ ھەربىي ھالەت ئېلان قىلغان خەتەرلىك مەزگىللەرگە دۇچار كەلگەن

قىتىم دەلىللەپ بەرگەن ئىدى. (ئەسكەرتىلگەن بويىچە ماھىيىتى ئۈستىدە توختىلىمىز).

45- يىلى مىللىي ئارمىيىمىز گومىنداڭ ئارمىيىسىنى قوغلاپ سۈرۈپ ماناس دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەندە، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەھۋالىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېغىر، خەتەر ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، ستالىنىنىڭ قويغان شەرتىگە ماقۇل بولۇشتىن باشقا چارە قالمىغانلىقتىن باش ئېگىپ ماقۇل بولۇشقا رازى بولىدۇ.

1945- يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا سوۋېت-خىتاي دوستلۇق ئىتتىپاق شەرتنامىسى ئىمزالىنىشقا مەجبۇرلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرنى خورازنىڭ ئورنىدا خىتاي بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئويناپ كېلىۋاتقان ستالىن، ئۇشتۇمتۇت سوقۇشنى توختىتىشقا بۇيرۇق چىقاردى. ستالىن ئىنقىلابنى باشلاش ئۈچۈن قانداق ئادىل سىياسەتنى قوللانغان بولسا توختىتىش ئۈچۈنمۇ شۇنداقلا ئادىل بولغان سىياسەتنى يەنى قان تۆككەندىن نېمە پايدا؟ گومىنداڭ كېلىشىم تۈزۈشكە ماقۇل كەلدى، دەپ غەمخورلۇقنى بىلدۈرگەندى. بۇيرۇققا بىنائەن شىتاپ باشلىقى ماتسوك يەنسخەي ئورمانلىقىدا توختاپ، ستالىن بۇيرۇقنى جەڭچىلەرگە چۈشەندۈرۈپ يەتكۈزىدۇ.

مۇنداق شىددەتلىك رەۋىشتە دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئىلگىرىلەپ غەلىبە قازىنىپ كېلىۋاتقان جەڭچىلەر قايناۋاتقان سۇغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك روھى ئۇچۇپ خىيالغا چۆمۈپ، بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن تۇرۇپ قېلىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە قىزىقىسىمۇ، ئادىل ھەققانى جاۋاب تاپالماي، 46- يىلى كۈزگىچە شۇ ئورمانزارلىقتا گەمە كولاپ ياشاشقا مەجبۇرلىنىدۇ...

1945- يىلى 10- ئايدا ئىنقىلاب ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبەت كېلىشىم باشلىنىپ، 11 ماددىلىق كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلىدۇ. بۇ كېلىشىمنىڭ تىزگىنى ھەم ستالىن قولىدا ئىدى. تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ كۆرۈڭلار!

1- نېمەئۈچۈن سوقۇشنى توختىتىپ، مىللىي ئارمىيىنى

باشتىن-ئاخىرغىچە ئۇقۇرمەنلەر بىلەن بىرلىكتە مۇنازىرە يۈرگۈزۈشنى مۇراجەت قىلىمەن. بۇ يەردە قىزىق ئويۇن بار! كونسۇل نېمە ئۈچۈن رۇسچىنى ياخشى بىلمەيدىغان ئەلىخان تۆرىنى رەئىسلىككە سايلىدى؟ ئە.قاسىمنى سايلىمىدى؟ چۈنكى ستالىن، خەلقىمىزنىڭ پىسخولوگىيىسىگە ماسلىشىدىغان بايراق مىللىي ھېسسىيات بايرىقىغا قارىغاندا، دىنىي ھېسسىيات بايرىقى توغرا كېلىدىغانلىقىنى ھەم كۈچلۈك رول ئوينىيالايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق دىنىي ئالىم، ناتىق ئەلىخان تۆرىگە ئەگەشكەن ئىدى. لېكىن ستالىن « شەرقىي تۈركىستان» دۆلىتىنىڭ قايتىدىن تىكلىنىپ چىقىشىنى كۈتمىگەن ئىدى. بۇ ئەھۋالدا ستالىننى قاتتىق چۆچۈتۈپ ئەندىشىگە سېلىپ قويغان بولسىمۇ، خىتاينى ئۆزىنىڭ قويغان شەرتلىرىگە ماقۇل كەلتۈرمىگۈچە، ئىنقىلاب دولقۇنىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ بۇزماي داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

بۇ ئىنقىلاب قىشنىڭ ئەڭ زەھەردەك ئاچچىق سوغۇق مەزگىللىرىگە توغرا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، قار، كۆك مۇز ئۈستىدە جان تىكىپ، قان كېچىپ شىددەتلىك كۈرەش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جەڭلەردە قانچىلىك ئوت يۈرەك باتۇر ئوغلانلىرىمىز تېخى ئېچىلمىغان غۇنچە ئوغۇل-قىزلىرىمىز پىداكارلىق بىلەن ئۆز كۆكرىكىنى دۈشمەن ئوقىغا تۇتۇپ كۈرەش قىلىپ، ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلىشتىن قايتمىدى.

ئۇنىڭ ئۈلگىسى قەھرىمان ئۇيغۇر قىزى شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل دۈشمەننىڭ مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلىرىغا قارىماي ياردارلانغانلارنى ھاپاش قىلىپ، سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ قۇتۇلدۇرۇپ ئەڭ شەرەپلىك، ئاجايىپ يۈكسەك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى كۆرسىتىپ شېھىد بولغان ۋاقتى ئەمدىلا 17 ياش ئىدى.

بۇ ئىنقىلابىتىكى جەڭگىۋارلىق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاسارىتىنى نامايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ئەگەر **ئۇيغۇر** خەلقى ئۆز ئىرادىسىگە يۆلىنىپ كۈرەش قىلسا ھەرقانداق كۈچلۈك ياۋۇز دۈشمەننىڭ ئۈستىدىن غالىب چىقالايدىغانلىقىغا قابىل ئىكەنلىكىنى يەنە بىر

قانداق يوللار بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىغا بىر ئاز بولسىمۇ نەزەر سېلىپ كۆرەيلى.

تەكرار نېمە ئۈچۈن؟ ستالىن 43 ـ يىلى 16 ـ ماي س س س ر مەركىزى كومىتېت سىياسىي بىروسىدا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقىغا ھەر تەرەپلىمە ياردەم بېرىش توغرىسىدا قارار چىقاردى؟؟؟ بۇ ھۆكۈمەت سىياسىي بىروسىدا چىقىرىلغان قارار چىنلىققا ئىگىمۇ؟ ياكى سىياسەت دېگەن پۈتۈن يەرشارىدا بىر خىل خەلقنى قايىل قىلىش يوللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلامدۇ؟ تەپەككۇر!

سۆزىمىزگە كەلسەك، 46- يىلى 1- ئىيۇل بىتىمگە ئاساسەن قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىدۇ.

ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئەسلىمىلىرىدە «شۇ مەزگىللەردە بىز مەسئۇت ئەپەندىم بىلەن لەنجۇدا ئىدۇق... شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئەلىخان تۆرىدىن بىزگە كەلگەن خەتلەرنىڭ بىرىدە: ئەمدى دۆلەت ئازاد بولدى ئارزۇلىرىمىز ئەمەلگە ئاشتى، قايتىپ كېلىڭلار مەملىكەتنى بىللە باشقۇرايلى» دېگەن خوش خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇلار قايتىپ كەلگەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە مەسئۇت ئەپەندى، باش كاتىپلىققا ئىيسا ئەپەندىم، مۇئاۋىن رەئىسلىككە مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا تەيىنلىنىپ خىزمەت ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

47ـ يىلى 12 ـ ئاۋغۇست ئەھمەدجان ئەپەندى باشلىق ھۆكۈمەت ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كېلىدۇ، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز كۈچلۈك دۆلەتلەر قانداق ئويناتسا ئامالسىز ئويناۋەردۇق.

49- يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا غۇلجىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسى دۇ باشىن، ئەھمەدجان ئەپەندىمنى چاقىرتىپ، بىرىنچى ئۆكتەبىر بېيجىڭدا ئېچىلىدىغان بىرىنچى قۇرۇلتايغا ماۋ زېدۇڭ تەكلىپى بويىچە ھەم ستالىننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن قاتنىشىشقا چاقىرغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ.

ۋەھالەنكى 46ـ يىلى نويابىردا ئە.قاسىمى، ئا.ئابباسوفلار غۇلجا ئۈرۈمچى شىئەن ھاۋا يولى بىلەن نەنجىڭگە گومىنداڭ قۇرۇلتىيىغا

قورالسىزلاندۇرۇپ ئۇ جاڭگاللىقتا بىر يىلغا يېقىن ساقلاپ تۇرۇشقا مەجبۇرلىدى؟

2. نېمە ئۈچۈن خىتاي ھەممىدىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ ستالىننىڭ بارلىق شەرتلىرىگە رازىلىق بىلدۈرۈپ تۇرغان بۇ پەيتتە، ستالىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزى خالىغىنىچە باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ۋەتىنىمىزنى ئۆز رېسپۇبلىكىسى قىلىۋالمىدى؟

بۇ يەردە يەنە تەپەككۇر قىلىشقا ئەلتىماسىم ھەم بەزىبىر پەلسەپچى ئەپەندىملەرنىڭ ئۈمىدۋارلىقىغا جاۋاب بولۇشى مۇمكىن؟

11 مادىدلىق كېلىشىمدە مىللىي ئارمىيە 13 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىنى ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ... دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك ھەربىي سەپتىن بوشىتىش باشلىنىپ كېتىدۇ...؟ ئۆز ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ بولغان شتاپ باشلىقى گېنېرال ماتسوكىمو مۇشۇ بوشىتىلىشتا ئۆيىگە قايتۇرۇلىدۇ؟

بىتىمغا بىنائەن ھەر ئىككى تەرەپ ئەسىرگە ئېلىنغانلارنى قايتۇرۇپ بېرىش بەلگىلەنگەنلىكتىن، بىز 3 مىڭدىن ئارتۇق گومىنداڭ ئەسكەر ئوفىتسېر گېنېراللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىمىز. گومىنداڭ ئەسىرگە ئېلىنغانلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ ھېچنېمە قايتۇرماي ئۆزى ئىمزالىغان بىتىمگە ئەمەل قىلماي خىلاپلىق قىلىشقا باشلايدۇ. نېمە ئۈچۈن كېلىشىم تۈزدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزى بۇزدى؟ سەۋەبى نېمە؟

كېلىشىم 45- يىلى 10- ئايدىن 46- يىلى 6- ئايغىچە پىلانلىق ھالدا سوزۇلغان بولۇپ، گومىنداڭ بۇ سەككىز ئايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 40 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ئارمىيىسىنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ ئۈلگۈرگەن ئىدى؟... شۇنىڭ بىلەن 47- يىلى 19- ماي گومىنداڭ دائىرىلىرى خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىق نامايىشلىرىغا پىسەنت قىلماي بىتىمنى ئاشكارا يىرتىپ تاشلايدۇ...؟ بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەلۋەتتە ستالىننىڭ قولىلىشى، يول-يورۇقى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى...؟ قېنى ئەمدى زېرىكمەي يەنە ھەممىز بىرلىكتە پىكىر يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن دۇنيا سىياسىتىنىڭ

ئۇچرىغان سوۋېتنىڭ ئون ئادىمى بىزنىڭ سەككىز ئادىمىمىز توغرىسىدا بىلدۈرۈلگەن تەزىيە ياكى قانداقتۇر بىر خەۋەر ئېلان قىلىنمىغان، مانا بۇ سۇيىقەستلىكنى ئاخىرغىچە پاكىز ئېلىپ بارالماي چاندۇرۇپ قويغانلىقىنىڭ ئەپتى بەشىرىسى بولماي نېمە؟

بىزنىڭ بۇ تارىخىمىز ھەققىدە يېزىلغان كىتاب ۋە ماقالىلەردە قانداق كۆرسىتىلگەن بولسا، شۇ بويىچىلا كىتاب مەلۇماتىغا ئىگە بولۇۋالغىچىلىك ياكى قۇلاق موللىلىرىنىڭ ئەپقاچتى سۆزلىرىگە باش قويۇپ كەتكۈدەك ئۇزۇن ئۆتمۈش زامانلاردىكى تارىخ بولماستىن، بەلكى بۇ تارىخنى ياراتقۇچى پېشقەدەم كوماندىر، ئوفىتسېر، قوماندانلار، رەئىس ھەم جەڭچىلەر يېقىنقى يىللارغىچە ھايات ئىدى. كۆپچىلىكىمىز ئۇ ئىنقىلاب شاھىدلىرىنىڭ ئەينى بويىچە بايان قىلىنغان ئىنكاس مۇڭ زارلىرىدىن خەۋەردار بولغان ئىدۇق. ئەمدىچۇ؟ سوقۇشتىن كېيىن پەيدا بولۇپ چىقىپ باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىۋاتقان بەزىبىر دانىشمەن پەرەزچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېنىقلانمىغان خام تەخمىن كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئە.قاسىمى باشلىق رەھبەرلىرىمىزنى كەمسىتىپ «بىلىم سەۋىيە ھەم سىياسىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىشمىگەن، چەكلىك سەۋىيىگە ئىگە ھەم رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيىتى يوق كىشىلەردىن تەركىب تاپقانلىقى ئۈچۈن ئىنقىلابنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان...» دەپ جۆيلىسە، يەنە بىرلىرى «ئۇلار جاسۇسلۇق خىزمىتىنى ئاتقۇرۇش ئۈچۈن كىرگۈزۈلگەن ك گ ب ئادەملىرىكەن» دەپ خىيال سۈرىدۇ.

بەزىلەر، ياق مەن ھەممىدىن كۆپ بىلىمەن «ستالىن ئالدىدا ياردەم قولىنى سوزدى، كېيىن خىتاي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ ئىنقىلابىمىزنى قانغا بوياپ يوققا چىقاردى...» دەپ تارىخنى ئۆز ئىدىيىسىگە بويسۇندۇرۇپ، تەشۋىق ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

بۇخىلدىكى بىريۈرۈش بىمەنە تەرغىباتلار ئاڭلاشقا بىرقەدەر راستتەك بىلىنىسمۇ، ئەسلى بۇ تەشۋىقاتچى باتۇرلار، بۇ ئالدانغان تارىخنىڭ سەۋەبىنى ئارتىپ قويىدىغان جاي ئىزدەپ ئىنقىلاب كۆرمەستىنلا رەھبەرلىرىمىزنىڭ بىرىنىمۇ ساق قويماي، بولۇپمۇ، سەيپىدىن ئەزىز، ئابدۇكېرىم ئابباسوف ئوخشاش كۆپلىگەن رەھبەرلىرىمىزنى ئەيىبلەپ

بارغان ئىدى. ئەجەبا، بۇ نۆۋەت ستالىن 49ـ يىلى 22ـ ئاۋغۇست سەككىز نەپەر ۋەكىلىمىزنى بېيجىڭدىكى قۇرۇلتايغا بېرىش ئۈچۈن ئالمۇتىغا كېلىشكە بۇيرۇق چىقاردى. زادى نېمە ئۈچۈن؟ ئەلۋەتتە شۇنداقكى، ستالىن خىتايىنى پۈتۈنلەي ئارمان قىلغان بارلىق شەرتلىرىگە بويسۇندۇرۇپ بولدى. نۆۋەتتىكى ئاساسلىق ۋەزىپە شەرقىي تۈركىستان نامى بىلەن تۈركىستان دېگەن نام قېتىلغان دۆلەتنى قۇرغۇچىلارنىڭ يىلتىزىنى كېچىكتۈرمەي قۇرۇتۇپ تاشلاش بولۇپ، ئۇ سۇيىقەستلىك ۋەھشىيانە ياۋۇزلۇق سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى، تارىخىمىزدىكى ئۇنتۇلماس پاجىئەلىك قىسمەت داغلىرى ئۈستىگە ساقايماس جاراھەتلەرنى قالدۇرغان ئىزلار، ھوشۇمىزنى تېپېۋېلىپ سەزگۈر ھوشيار بولۇشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ ساۋاق بولغان ئىدى؟

ستالىننىڭ تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ قۇربانى بولغانلار:

1. ئەھمەدجان قاسىمى، 2. گېنېرال، لىتىنات ئىسھاقبەگ مونونوۋ، 3. ئورۇن باسار گېنېرال مايور دەللىقان سۇغۇرباييۋ، 4. ھۆكۈمەت ئەزاسى ئابدۇكېرىم ئابباسوف، 5. ئىش باشقۇرغۇچى غېنى كىرىموۋ، 6. ئابدۇرېشىت ئىمىنوۋ، 7. مەدەنىيەت خادىمى لوجىز (لوجىز گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەت قىلغان تەشكىلات ۋەكىلى خىتاي)، 8. ئە. قاسىمىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئوسمانجان ناسىر.

سەككىز نەپەر شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ ھالاك بولغانلىقى توغرىسىدىكى سىياسىي ھىيلىگەرلىك ئۇقتۇرۇشى 6 ئايدىن كېيىن ئېلان قىلىندى. شۇنچە ۋاقىت رەھبەرلىرىمىز مىللىي ئارمىيە ھەم خەلقىمىزگە قانداق چۈشەنچە بېرىلىشى مۇمكىن؟ تەپەككۇر!

50ـ يىلى فېۋرالدا سەيپىدىن ئەزىز خىتاي ۋەكىللىرى بىلەن موسكۋاغا بارغاندا سەككىز نەپەر كىشىلەرنىڭ جەسىتى تېپىلدى ئالمۇتىدىن ئېلىپ كېتىڭلار... شۇنىڭ بىلەن 51ـ مارت جەسەتلەرنى غۇلجىغا ئېلىپ كېلىندۇ.

س س س ر نىڭ شۇ مەزگىلدىكى مەتبۇئاتلىرىدا، بۇ ھادىسىگە

ئۈچۈن ئۇلارغا سۇيىقەست قىلدى؟ ياكى ئۇلار ستالىنغا ئالدانغانمۇ؟ ياكى بولمىسا ستالىننىڭ ئادىل ھىلىگەر، ئىنسانپەرۋەرلىك سىياسىتىگە قايىل بولۇپ، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ستالىنغا سادىق بولۇپ، ئۇنىڭ يول يورۇقىدىن چىقماسلىقىقا ئىمزا قويۇپ قەسەم بېرىشكە رازى بولغانمۇ؟ تەپەككۇر!

نېمە ئۈچۈن ئە.قاسىمى تاشكەنتتە «شەرقىي تۈركىستان» مەخپىي تەشكىلاتىغا ئەزا بولغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى؟ ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن «شەرقىي تۈركىستان» ئازادلىقى ئۈچۈن ۋەزىپە بىلەن كىرگۈزۈلدى؟ قىزىق سىياسىي تېپىشماق، ھە؟

راست ئۇلار ك گ ب ئادەملىرى ئىدى. ئۇنى بىلىمىز، بۇ ھەقىقەتتۇر! شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ كونا چۈشەنچىمىز بويىچە ئۇلار جاسۇس، خائىن بولۇپ قالىدىكەندە؟... ئەلۋەتتە ياق! قايتا-قايتا، تەكرار-تەكرار يەنە ياق! بۇ ئەھۋالمۇ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغاندەك مۇرەككەپ سىياسەت بولغانلىقتىن، مەسىلىنىڭ رېئاللىقى بەزىلەرنىڭ تەخمىن قىلىشلىرىغا ھەرگىزمۇ يېقىن كەلمەيدۇ!

ئىنقىلاب رەھبەرلىرىمىز شۇ مەزگىل شارائىت تەسىرىدىن كوممۇنىستلارغا ئىجابىي كۆزقاراشتا بولغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي پەرەس ياكى رۇس پەرەس بولمىغان ھەم ئۇلارغا سېتىلمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋەزىيەت مەجبۇرىيىتىگە يارىشا مۇختارىيەت تەلىپىنى تەۋسىيە قىلىپ بۇ چېگىش سىياسەت توردىن چىقىپ كېتىش مەسلىھەتىنى كۆرسەتكەنلەرمۇ بار ئىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنيا ھېسسىياتىنى ۋە ۋەزىيەت قايىنىمىنىڭ قانداقلىقىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، بىلىملىكىمىزدىن دېموكراتىيە پەرەس نادانلىقىمىزنى ئېچىپ تاشلىماي، ئۆزىمىزنىڭ سىياسىي چۈشەنچە دەرىجىسىنى ئىسلاھ قىلىپ مۆلچەرلەپ كۆرگىنىمىز، خەلقىمىز ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئىش بولاتتى. مەرھەمەت چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىڭ!

گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇلار كېچىكىپ بولسىمۇ ستالىننىڭ مەككار ئالدامچىلىقىنى چۈشىنىۋېلىپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋالغانلىقىدىن، رۇسلارغا ھەم خىتايلارغا باش ئەگمەي ئۆز ئىرادە مەۋقەسىدىن

كەمسىتىپ، ئۆزىنىڭ دانالىقى بىلەن ئۆزىنى خۇشال قىلىۋالغىنى بىلەن، بۇ ئۇقۇم سەۋىيە دەرىجىسى، ئەينى زامان ۋەزىيىتىنى چوڭقۇر چۈشۈنۈپ مۇلاھىزە يۈرگۈزەلمىگەنلىكتىن، سىياسىي جەھەتتىكى ئېڭىنىڭ قانچىلىك تۆۋەن ھەم ئەھۋالىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەپ قويۇۋاتسىمۇ، ئۆزى تۈزۈكرەك چۈشىنەلمىگەن تارىخنى خاتا بويىچە ئېلان قىلىپ ئەۋلادلارنى تەربىيىلىشى بىر خاتالىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چوڭ جىنايەتتۇر!

بۇ بىز پەرەز قىلىپ گۇمان بىلەن تەرغىب قىلىپ كېلىۋاتقان گۆدەك بالىلارنىڭ باياناتلىرى، ستالىنىنىڭ خىيالىغىمۇ، چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان ھادىسە بولغانلىقتىن مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ شۇ ئاتالما بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىشىغا، ھەتتا ستالىندىن كېيىنكى ھاكىمىيەت ئىگىلىرىمۇ، بىز ھازىرغىچە تەسەۋۋۇر ئېتەلمەي خاتالىشىۋاتقان سىياسىي يوللار بىلەن، پىيىمىزنى قىرقىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئەمەلىي رېئاللىق بولۇپ تۇرسىمۇ، بىز ئۇنى سىزەلمىگەنلىكىمىزدىن پاجىئە داۋاملاشماقتا. تەپەككۇر قىلىڭ! **ئۇيغۇر** غۇرۇرى!

دۇنيا يۈزىدە مەيلى شەرقىي تۈركىستان ياكى غەربىي تۈركىستان بولسۇن، پەقەتلا تۈركىستان دېگەن نام قوشۇلغان دۆلەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى تۈركىي تىللىقلار بىرلىكتە ئىتتىپاقلاشقان قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ كېلەچىكى پۈتۈن ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ تەركىبىگە كىرىشىدىن ئۇچۇق دېرەك بېرىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇدرىتىدىن چۆچۈپ كەتكەن دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ستالىن ئۇ نام قېتىلغان بىر دۆلەتنىڭ شەكىللىنىپ چىقىشىغا ھەرگىزمۇ يول قويمايتتى. كۆپچىلىككە مەلۇمكى 33- يىل ھەم 44- يىلقى تۈركىستان دېگەن نام قېتىلغان ھەر ئىككى مۇستەقىللىقىمىز ستالىننى ئىنتايىن قاتتىق ئەندىشىگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆز خەلقىنىڭ نامراتلىقىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، كىچىكتۈرمەي يوقىتىش مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىدى.

44- يىلقى ئىنقىلاب رەھبەرلىرىمىز ستالىنغا سېتىلغان بولسا، نېمە

ئەمدى ھېلىقى ئۆزلىرىنى چەكسىز بىلىم ئىگىسى ساناپ، ئۇ رەھبەرلىرىمىزنى ئەيىبلەپ كەمسىتكەنلەرنىڭ ساددا قويۇلغان دىئاگنوزلىرىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن ئاسمانۇ يەر پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى تەپەككۇر قىلىپ باقامدىغاندۇ؟ ئادەم بالىسى ئاددىي بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈۋېلىش بىلەنلا ئۆزىنى چەكسىز بىلىم ئىگىسى دەپ كېتىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلەرمۇ؟

بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە تېخىمۇ ئوچۇقراق چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئەسلەتمىگە پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆرەيلى. ئىيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئەسلىمىلىرىدە يەنى 11 ماددىلىق بىتىمدىن كېيىن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۆز پائالىيەتلىرىنى باشلىغاندىن كېيىن، ئەھمەدجان ئەپەندى بىلەن بولغان سۆھبىتىنىڭ تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بىر جۈملە سۆزىنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىۋېلىڭ. «راست مەن رۇسىيىدە ئوقۇدۇم يېتىلدىم، غەربىي تۈركىستاننى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تەشكىلاتلارغا قوشۇلۇپ تۈرمىدە ياتتىم، سىزنىڭ كۆرگىنىڭىزنى مەنمۇ كۆردۈم، پەقەت ئىيسا بېگىم، بۇ يولغا كىردۇق چىقماق تەس چىقالمايمىز... ئەھمەدجان بۇ سۆزلەر بىلەن نېمە دېمەكچى؟ تاھازىرغىچە بىلمەيمەن»، دەيدۇ ئىيسا ئەپەندىم.

بىزنىڭ باش قاتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە تىلىمىز يەتمەي ئىزدىنىپ قىيلىنىۋاتقان تېمىمىز نەق مانا مۇشۇ چۈشىنىكسىز، ئەمما قىسقا، بەكمۇ چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە سۆزلەرنى يورۇتۇپ بېرىشنى نىشان قىلىمىز.

ستالىن 44- يىلى ئىنقىلاب پىلانىنى گېرمان سوقۇشىدىن خەۋىرى يوق مەزگىللەردە ئۆز پروگراممىسىغا كىرگۈزۈپ بولغانلىقتىن، ۋەتىنىمىزدە ئۇنىڭ ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان رازۋېدكا خىزمىتى ئاللىقاچان ئىشقا كىرىشىپ بولغان ئىدى.

بۇ ئىنقىلاب كۈتۈلمىگەن يەردىن گېرمان سوقۇشىغا دۇچ كېلىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ستالىن ۋەزىيەت شارائىتىنىڭ تەلىپىگە قاراپ ئالدىنقى تۈزگەن پىلانىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپ، ئوچۇقتىن-ئوچۇق بۇلاڭچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ.

چېكىنمەي سېتىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئىختىيارسىز پاجىئەگىمۇ رازى بولۇپ، ئەل-ۋەتەن يولىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلغان ئىدى. تەپەككۇر مەرھەمەت!

چۈنكى ئىنسانلار ھاياتىدا سىياسەت ماھىيىتىنى چۈشىنىپ كەتكەنلەرنىڭ تەقدىرى ھەرقاچان پاجىئە بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن رۇسلار ماقالىدا «سەن كۆپ نەرسىنى بىلىپ كېتىپسەن، ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان ۋاقتىڭ يېتىپ كەپتۇ» دەپ ئادەتتىكى تۈرمۇشلىرىدىمۇ چاقچاق قىلىشىدۇ.

1945- يىلى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئۈچ ئىتتىپاقداش دۆلەتنىڭ يالتا كېلىشىمىسگە ئىمزا قويۇشى، بىزنىڭمۇ تەقدىرىمىزگە سۇيىقەستلىك ئىمزاسىنىڭ قويۇلۇشى دەپ قارايمىز. ستالىن ئۆز بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تاشقى موڭغۇل مۇستەقىللىقى ۋە شۇنىڭدەك بىر يۇرۇش مەنپەئەتلىرىنىڭ بەدىلىگە ۋەتىنىمىزنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەن ئىدى.

كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز ئۇ مەزگىلدە خىتاي-سوۋېت دوستلۇق شەرتنامىسى ئىمزالانغان بولسىمۇ، ئېتىبارغا ئېلىنمىدى. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى سىياسەتتە يۈز بولمايدۇ. پەقەتلا قەغەز يۈزىدە ئاغزىدا خەلقنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئىپادىلىنىپ، ئەمەلىيەتتە دەل ئۇنىڭ ئەكسى قوللىنىلىدۇ...

شياڭگاڭ ئەنگلىيىگە 100 يىللىق قەرەل بىلەن بېرىلگەن بولسا، نېمە ئۈچۈن؟ بىز ئوقۇغان مەكتەپ كىتابلىرىدا شياڭگاڭنى ئەنگلىيىگە مەڭگۈ بېرىۋېتىش دەپ ئوقۇتۇلغانلىقى قانداق سىياسەت؟

نېمە ئۈچۈن ئە.قاسىمى ئاخىرىدا ستالىن تاپشۇرغان ۋەزىپىدىن باش تارتتى؟ ئۇ ھايات قايناملىرىنىڭ مۇشەققەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ دۇنيا سىياسىتىنىڭ نېگىزى ساختا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىپ خەلقنىڭ كېلەچىكىنى، كۆزئالدىغا روشەن كەلتۈرەلىدى. ستالىن ۋەكىللىرى ئە.قاسىمغا ئالداش تەھدىت قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللانغان بولسىمۇ ئۆز ئىرادىسىدىن قايتمىدى...

ئارقىلىق، پايدىلىنىش سىياسىي ئۇسۇلىنىڭ بىر خىل ئۇيۇنى ئىكەنلىكىدە ئىككىلىنىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر!
ئەگەر بۇ مەسىلىلەر ئۇستىدە ئەستايىدىللىق بىلەن داھىلىرىمىزنىڭ قەلبىنى چۈشىنىپ ئۆزىمىزنى ئەيىبلەشنى تونۇپ يېتەلىگەن بولساق، مانا بۇ ھەقىقى دانالىق ئالىي پەزىلەتنى ئىپادىلىگەنلىك بولۇپ، ۋەزىيەتنى تولۇق ئىنىق چۈشەنگەنلىك بولاتتى. ئامال قانچە؟ مەلۇمكى ئۇلار ئۆز خاتالىقلىرىنى تونۇپ، ئەپسۇسلارغا تولغان ئەلەملىك ھەسرەتلىرىنى ۋەسىيەت تەرىقىسىدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدىغۇ.
ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئىنىق بىلىدىغان سىياسىي مەخپىيەتلىكلەرنىڭ بىر قىسمىنى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنى پاش قىلىپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالماي ئۇھ دەپ ئاھ ئۇرۇپ تولغىنىپ تېشىغا چىقىرالماي ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتتى؟ سەۋەبى مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئۆز ئاغزىدىن ئاشكارىلىغانلىرىنىڭ بىرى، دۆلەت مەخپىيەتلىكى بىر ئويۇنچۇق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا قەسەم بېرىپ ئىمزا قويغان كىشى ئۇنى ساقلاپ قالالمىسا رەھىمسىزلىك بىلەن جازالىنىدىغانلىقى ئاگاھلاندۇرۇلغانلىقتۇر 2. خەلقىمىز مۇنداق مۇرەككەپ سىياسەتلەرنى توغرا چۈشىنەلمەي دۇشمەنلىك قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى، زار قاقشاپ كېلىۋاتقان تارىخ سەھىپىلىرىدە ئىبرەت قىلىنىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى؟
بۇ رازۋېدكا خادىملىرى كوللېكتىپ شەكىلدە ياكى مەخسۇس بەلگىلەنگەن مەھكىمە مەكتەپلەردە تەربىيىلەنمەيدۇ، بەلكى بىر-بىرىنى تونۇمايدىغان، بىلمەيدىغان يەككە ھالەتتە ئادرېسى نامەلۇم ئورۇنلاردا تەربىيىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىلغان جىنايىتى ئۈچۈن تۈرمىدە مەھبۇسلار قاتارىدا تۈرمە ئازابلىرىنى تارتىپ تەربىيىلىنىپ چىققىنىغا ھېچكىم گۇمان قىلالمايدۇ. بەزىلىرى خىزمەت ھەم ئوقۇش ئورۇنلىرىدا تەربىيىلەنگەنلىكىنى ھېچكىم سېزەلمەيدۇ، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتايىن قىيىن مەسىلىدۇر؟
شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي تۈرمىلىرىدە ئۇزۇن مۇددەت ئازاب چەككەن بەزىبىر خىتايلار بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كوممۇنىست خىتايلارغا

بۇيەردە يەنە ئويلاپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە، ئەجەبا، گېنېراللارغا كۈچ كېلەلمەي ھالسىزلىنىپ جان تالىشىۋاتقان بۇ پەيتتە، سوۋېتلىك ئۇيغۇر خەلقىنى ئۇنتۇپ قالماي، قورال-ياراغ ھەربىي قوماندانلار بىلەن ياردەم قولىنى توختىتىپ قويمىدى. ياكى ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئىنقىلابنى توختاتمىدى. ستالىن زىيان تارتمىدى، قورال سېتىۋالدى، بىر پاي ئوقنىمۇ بىكارغا بەرمىدى. سوقۇش ئېھتىياجىغا موھتاج بولغان ئوزۇق-تۈلۈك ۋە مەبلەغ بىلەن ئۆزىنى قامدىۋالدى. ستالىن بۇ ئادىللىق ياردىمى بەدىلىگە بىر مىلتىق ئۈچۈن بەش قوي، 100 پاي ئوق ئۈچۈن تۆت قوي، بىر پىلىموت ئۈچۈن 25 قوي ۋە مەخپىي ھەم ئاشكارا يوسۇندا بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئۆز تەشنالىقىنى ماددىي ھەم سىياسىي جەھەتتىن قاندۇرۇۋېلىشتا مۇنداق پۇرسەتلەرنى ھەرگىزمۇ قولدىن چىقىرىپ قويمىغان ئىدى.

ئىنقىلابىمىزنى يېتەكچىلىك رولىنى ئويناپ باشقۇرۇۋاتقان رۇس كوماندىرلارنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى، ئىنقىلابنىڭ ھەقىقى تۈردە ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كېتىپ قېلىشىغا يول قويماسلىق بولۇپ، ئۆز پىلان نىشانلىرىغا بويسۇندۇرۇپ، قاتتىق كونترول قىلىش ئىدى؟

بۇ نۆۋەتلىك ئالدىنىش نېگىزىنى خەلقىمىز چۈشىنىپ ئالالىغان بولسىمۇ، ۋەتىنىمىزدە بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ، تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئوخشاشلا بىر خىل پوچېركا، بىر خىل مەنىنى بىر كۈچنىڭ تەسىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرسىمۇ، بىزدىكى ئۇقۇم سەۋىيىسى رېئاللىقتىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقىنى ئېچىنىشلىق ئەلەم بولۇپ، ھۆكۈم سۈرمەكتە. تەپەككۇر!

دېمەكچىمەنكى، 44- يىلقى ئىنقىلابنىڭ پارتلىشىمۇ نىلقا باتۇرلىرىنىڭ خاھىشى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان بولماستىن، بەلكى يەنىلا شۇ تاشقى كۈچنىڭ دېموكراتىك، ئىنسانپەرۋەرلىك تۈغى ئاستىدا، خالىسانە قىلىنغان ئاتالمىش ياردىمى، نىلقا باتۇرلىرىمىزنى كۈشكۈرتۈپ كولدۇرلىتىپ، غەمخورلۇقىنى تەشەببۇس قىلىش

ئېيتسپ، ياتلاردىن تەمە قىلىش، دۈشمەنگە خىزمەت قىلغانلىق بولىدۇ دېگەن ئىدى.
نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك گاللىشىپ كەتتۇق؟ باشتىن كەچۈرگەن جەريانلىرىمىزنى ئەسلەپ نەزەر سېلىپ كۆرسەك، ئارىمىزدىن يېتىشىپ چىققان جەڭگىۋار ئەزىمەتلىرىمىزنى ساتقىنلار ۋاستىسى ئارقىلىق كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ ۋەھشىيلىك بىلەن جازالىغان رەھىمسىزلىكلەردىن يۈرىكى مۇجۇلۇپ كەتكەن خەلقىمىز بالىلىرىنى سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشتىن، بىلىم ئېلىشتىن قاچۇرۇپ دېھقانچىلىق، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلىپ، ھەممىدىن مەھرۇم قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى؟!
ھاكىمىيەت ئۈچۈن خەلقنى مۇنداق نادان جاھالەت ئىلكىدە مەرىپەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇپ ئاڭسىزلىققا تۇتۇش ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكتىن، ئەسلىمىزدىكى خىسلەتلىرىمىزدىن، قەتئىيلىكىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك قەتئىيلىك خاراكتېرىگە ئىگە كىشىلىرىمىزنى ئاچچىقى يامان دەپ باھالاپ كېلىۋاتىمىز. ئەگەر كېرەك يەردە ئاچچىقى يامان بولمىساق، ھەممىسىگە تازىم قىلىدىغان ۋىجدانسىز، ئىمانسىز ئاجىيىپ بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالمايتتۇقمۇ؟
بەزىلەر كىشىلەرنى ئەيىبلەپ كەمسىتىش ئۈچۈن، قۇۋ دەپ ئاتايدۇ. توغرا ئەگەر ئۇ كىشىدە ئەقىل ھەم زېرەكلىك بولمىسا، قەيەردىن قۇۋلۇق قىلالىسۇن؟
شۇنىڭغا ئوخشاش سىياسەتمۇ قۇۋلۇق بىلەن شۇملۇق ھەمكارلىشىپ ئۇنىڭغا سېھىرگەرلىكنى قوشۇپ ئالغاندىلا ھەرقانداق بىلىمدانىنى ئالداپ كېتەلەيدىغان قۇدرەت ئىكەن. مەيلى شۇنداق بولسۇن، ئىنسان بالىسى ھەرقانداق نەرسىنى بىلىۋېلىشقا قادىر بولالايدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىقتىن، سەۋيىنى ئۆستۈرۈپ سىياسەتنى چۈشىنىشكە قىزىققۇچى تىرىشچان ئەزىمەتلەر ھەرقانداق قىسقا سۆزمەنىسىدىن چۈشىنىۋالالايدىكەن. ئەمما كوچا پاراڭلىرىغا، ئاخبارات ھېكايىلىرىگە ئىخلاس قىلىپ كۆنۈپ قالغانلارغا، مەيلى قانچە زارلانماڭ ئۆز ئۇگىسى

قارشى ھەقىقى تۈردە ھەرىكەت قىلسا قانداق ئىشەنمەيسىز؟ نېمشكە قوللىمايسىز؟ ئەسلى سىياسەتنىڭ مۇددىئاسى ئەنە شۇنداق چۈشەنچىنى ھاسىل قىلىش ئەمەسمىدى؟ تەپەككۇر!

سۈيىقەستلىكنى ئەملگە ئاشۇرۇشمۇ ئاددىي بىر نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ساداقەتلىك، ئادىللىقنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا قايىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى زامانىۋى ئىلغارلىق ئۇسۇلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، تومۇرىمىزنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئاخباراتلارنى ئىگىلەپ ختاي كوممۇنىستلىرىنىڭ رازۋېدكا خىزمىتىنى بېجىرىۋاتقان ئاتالمىش دېموكراتىك ختايلارنىڭ كۆپچىلىكى شۇلار جۈملىسىدىندۇر، دەپ گۇمانسىز ئېيتىشقا ئاساسىمىز يېتەرلىك ھەم ئۇنى كۆرۈۋېلىشمۇ ئانچە مۇرەككەپ سىياسەت، بولمىسا كېرەك. ئىشتىرلىستمو گېتلىرنىڭ سادىق ھەربىي قوماندانى سۈپىتى بىلەن، رۇسلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان ئەمەسمۇ؟

ئەگەر دۈشمەن سېنى قولغا چۈشۈرۈپ كولدۇرلىتىپ ئويناش ئۈچۈن، ساڭا يارايدىغان يېڭى بىر چاپاننى كىيىۋېلىپ مېھرىبانلىقنى بىلدۈرۈپ ھېسداشلىق قىلسا، ئۇ بەلگە دۈشمەنلىكنى ئەملگە ئاشۇرغانلىقتۇر، بۇ ئەمەلىيەت!!!

مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئۆزۈڭگە سادىق، ئادىل كىشىنى ئىزدىسەڭ ئۆزۈڭدىن سادىق ئادىل كىشى يوق» دەپ تەكىتلەپ، داستىخان ئۈستىدە دۈشمىنىڭمۇ دوستلۇقنى ئىزھار قىلىدۇ دېگەن ئىدى.

«شەرقىي تۈركىستان» جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى پرېزدېنتى مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى مارشال ھەم دىنى ئالىم ئەلىخان تۆرە: «ئاڭىسىز، بىلىمسىز مىللەت قۇشخانىغا ھايدالغان بىر توپ ھايۋاندىن ھېچ پەرقى يوق» دەپ ئېيتقان ئىدى. بۇ دانا ھەم ئاچچىق سۆزلەرنىمۇ بۈگۈنكى ئەمەلىيىتىمىزگە ئىنتايىن ئۇيغۇن دەپ ھېسابلايمىز!

ئېمىر ھۈسەيىن سەبورى «دۈشمەننىڭ ئىگىلىپ تەۋەززۇ قىلىشى ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىغان قىلىچىنى نامايان قىلىشتۇر» دەپ

قېرىندىشىمىز خىتاي كونسۇللىرى بىلەن كۆرۈشكىنى ئۈچۈن ياكى ۋەتەنگە بېرىپ كەلگىنى ئۈچۈن، ئۇ خىتاينىڭ ئادىمى دەپ قارا چاپلاپ مۇتتەھەملىك قىلىپ ئۈچىمىزنى ئۈز قېرىندىشىمىزدىن ئېلىشنى رەسمىي ئادەت قىلىۋېلىش رەزىللىكىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى قەيەردە؟ بۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدىنىپ كەتكىچىلىك مۇرەككەپ ئەمەس، پەقەتلا سىياسىي كورلۇقتا ھەم بىلىمسىزلىكتە دەپ خاتالاشماي ئېيتالايمىز. چۈنكى بىلىپ قويۇڭكى، خىتاي ئۈچۈن ھەقىقى رازۋېدكا خىزمىتىنى قىلىۋاتقانلار خىتاي كونسۇلىنىڭ خادىملىرى بىلەن ئاشكارا ھالدا كۆرۈشكىنى كۆرۈنۈپ قالسا، ھەتتاكى ھەرقانداق دۆلەت قانۇنى بويىچە ئەڭ ۋەھشىي جازا بىلەن جازالىنىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز لازىم ئىدى. ئەگەر بۇ خىل شەكىلدىكى سىياسىي مەخپىيەتلىكلەر ھەربىرىمىز سېزىپ ئالغۇچىلىكى يوسۇندا ئېلىپ بېرىلسا ئۇ چاغدا ئۇ سىياسەتنىڭ ئۇ سۇيىقەستلىك دۈشمەنلىكىنىڭ ئەھمىيىتى بولارمىدى مۆھتەرەم ئەپەندىملەر؟

بۇ مەسىلىلەرگە ئائىت ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر مۇنداق يېزىپتۇ:

يىغلا كۆل ئەل-يۇرت بىلەن، مىللەت بىلەن تەڭ ھەر زامان،
دۈشمىنىڭگە نەپرىتىڭنى چاچ ۋۇلقان كەبى زارلىما!
مەيلى بول بوز چىت كېپەندە ئاچ قەلەندەر كەبى،
ھەققە تەشنا ئۇيغۇرۇڭنى پادىشاھ بىل، خارلىما!

سىياسەت توغرىسىدا كېتىۋاتقان سۆزىمىزگە كەلسەك:

ماۋدىن دۆلەت باشقۇرۇش ئۈچۈن سىياسەت بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى كاپىتالمۇ؟ دەپ سورىغاندا سىياسەت دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن.

چۈنكى چۈمۈلىدەك كۆپىيىۋاتقان خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ماددىي مەنىۋى ھەم سىياسىي جەھەتلەردىن گاداي ھالەتتە تۇتۇپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى لېنىن كۆرسەتكەن نەتىجىلىك يول ھېسابلىناتتى. ماۋ ئۆز كىتابىنىڭ يەكۈنلىشىنى «قىسقىسى رۇسلارنىڭ يولى بىلەن

نادانلىقتىن ئايرىلىشىنى خالىماي، تېخى سىزگە ھۇجۇم ئېلان قىلىپ ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىكەن؟؟؟

تەمسىل: ماڭا ئوخشاش بىر ۋەيران ئىناۋەتسىز پېكىرلىرىنى ھېچكىمگە ئاقتۇرالماي، بىر غار ئىچىدە بىرنەچچە كۈن ئاللاھقا سېغىنىپ زارلىنىپ «ئى ئاللاھ نېمە ئۈچۈن بەندىلىرىڭ ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىيالمايدۇ؟ ھەقنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ، ناھەقنى يالغاننى ياقتۇرۇپ، ئۇنى تېز قوبۇل قىلىشىپ خارابلىققا ئۇچرىسا، پاناھ ئىزدەپ سەندىن مەدەت تىلەيدۇ؟»، دەپ ئاللاھتىن ياردەم، شاپائەت سورايدىكەن. ئۇ بىر كۈنى سۇ ئىزدەپ چىقىپ يولدا ئۆتۈپ كېتىپ بارغان كارۋانغا ئۇچراپ قالىدۇ. قارىسا بىر ئېشەككە يۈكلەنگەن يۈك بىر چەتكە قىڭغىيىپ چۈشۈپ كېتەي دېگەندە، كۆرۈپ قېلىپ، قىيىنىلىپ ئاران دېگەندە كۆتۈرۈپ دۇرۇسلاپ قويۇۋاتقاندا، كارۋان ئىگىسى يېتىپ كېلىپ، سەن قاراقچى ئوغرىلىماقچى بولدۇڭمۇ؟ دەپ راسا ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋېتىپ كېتىپ قالىدىكەن. مانا بۇ چۈشەنمەسلىك، ياخشىلىققا يامانلىق تېپىلامدۇ؟ دېسە ئىزدىسە تېپىلىدۇ دېگەن مۇشۇ نادانلىق بولسا كېرەك.

ئەمدى كىم نېمە دېسە سېنىڭ راست دەيدىغانلار توغرىسىدا بىر يۇمۇر: «ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئۈچىنچى ئادەمنى گۇۋاھچى قىلىپ باشلاپ سودىيەنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. بىرىنچىسى ئەرزىنى ئېيتىپتۇ، سودىيە ئۇنىڭغا سېنىڭ راست دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئىككىنچىسى ئەرزىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشىپتۇ، سودىيە سېنىڭ راست دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. گۇۋاھچى بولغۇچى كىشى بۇ قانداق گەپ ھەر ئىككىسىمۇ راست بولامدۇ؟ زادى كىمنىڭ توغرا دەپ سورىسا، سودىيە سېنىڭمۇ راست دېگەن ئىكەن... تەپەككۇر قىلىڭ مەرھەمەت!

بىزدىكى سىياسىي چۈشەنچە ئۇقۇمى قاراڭغۇ زۇلمەت قەپەس ئىچىدىن چىقالماي كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن سايىمىزغىمۇ گۇمان بىلەن قاراپ، بۇنىڭدا خىتاينىڭ قولى بار بولمىسا مەن بىلەن ئەگىشىپ يۈرەمدۇ؟ دەيدىغان بىر خىل قاششاقلىق پالاكىتى، ئېشەككە كۈچىمىز يەتمىسە توقۇمنى ئۇرغاندەك خىتايغا كۈچىمىز يەتمىسە، بىگۇناھ

مەسلەن، بىر يەشلىك سېتىق ئالمىنىڭ ئىچىدە بىر تال ساق ئالما قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ تەركىبىدە ئەسلىدىكى خۇسۇسىيەت ساقلىنىپ قالمايدۇ. شۇنداقلا نەشىنىڭ ئىسسىدىن دۇت كەيپ بولۇپ قالغانغا ئوخشاش بىز ياشاۋاتقان مۇھىت تەسىرى ئىختىيارسىز سىڭىپ كېتىش قۇدرىتىگە ئىگە ئىكەن. بەلكىم شۇنىڭ تەسىرىمىكىن؟ ئۆزىمىزنى ماختايدىغان نەرسە تاپالماي بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بولمىغان بىلەن ھېچقانداق مىللەت يېتىشەلمىگەن ئۈچ خىل يېزىقىمىز بار دەپ ماختىنىپ كېلىۋاتىمىز. توغرا ئۆزىمىزنى تەنقىدلەۋەرمەي ماختىنىشمۇ كېرەكقۇ. بىراق بۇ ئەھۋالمۇ سىياسەت ھوسۇلىنىڭ مېۋىسى بولغانلىقتىن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشكە توغرا كېلىپ قالدى. (تىل-يېزىق توغرىسىدا ئايرىم تەپسىلىي ماقال يېزىلدى).

بۇ بىر ئاددىي مەسلە بولماستىن، بەلكى سىياسەت دېگەن جاسۇسنىڭ مىللەتنى ئازدۇرۇپ يوق قىلىپ تاشلاش بىر خىل ئۇسۇل بولغانلىقتىن، بۇ ئۈچ خىل يېزىقتىكىلەر ئۈچ خىل ئوخشىمىغان سەۋىيە، ئۈچ خىل كۆزقاراش، ئۈچ خىل مىجەز ئەدەپ-ئەخلاقلار بىلەن تەربىيلىنىپ چىققانلىقىنى يۇقىرىدا تەكىتلەنگەندەك ئېتىراپ قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەسلىكى، سىياسەت تەسىرىنىڭ رىزولتاتى بولۇپ، ئۇ رېئاللىقتا بىر ئاددىي مىسال ئېلىپ كۆرەيلى: تىجارەت قىلىش ئۈچۈن سوۋېتكە چىققان بىر قېرىندىشىم، خىتاي گىراژدانلىرىنى تازىلاش دولقۇنىغا دۇچار بولۇپ قالغان ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ قويۇپ جۇر ئەمدى قورقما دەپ ئۇنىڭ كىيىمىنى ئۆزۈم كىيىۋالدىم. بازارغا كىرىش ئالدىدا ھېلىمۇ ياخشى بىر يېقىن تونۇش ساقچى ئىكەن، كېتىپ بارغان قېرىندىشىمنى تۇتۇپ ماشىنىسىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا كەينىدىن بېرىپ، ھەي نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ئۇ مۇشۇ يەرلىك ئادەم، مېنى تۇتماسەن قارىغىنا كىيىمىگە دەپ ھەيرانلىقتا سوئال قويسام، كۈلۈپ كېتىپ ھەي ئەخمەق بىز ئۇنىڭ كىيىمىگە ياكى پاسپورتىغا قاراپ ئېنىقلىمايمىز، بىلەمسەن تەجرىبىلىك دوللارچىلار دوللارنى قولىدا تۇتماي تۇرۇپمۇ جىنىڭ ياكى جالىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا بۇ بىر ئاددىي مەسلە

مېڭىش كېرەك» دەپ تونۇشتۇرۇپ قويسا بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ساداقەتلىكنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، سىياسەت دېگەندە نومۇس بولمىغانلىقتىن كېيىنرەك ئۇ ماركسنى ئېلىپ تاشلاپ، ئەيىبلەپ شۇ جىڭجۇيى دەپ ئاتاشقا كىرىشىپ كەتتى. رۇسلار شيۇجىڭجۇيى ئاتاقنى ئالغاندىن باشلاپ تەرەققىي تېپىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. خەلقنىڭ قورسىقى تويدى. سەۋەبى كوممۇنىزمنىڭ نامراتچىلىق يامراپ كەتكەن يولدىن زېرىكىپ ئاتلىنىشتا كوممۇنىزم ئەمەلىيەتتە كاپىتالىزمنىڭ بەزىبىر ئىلغار يوللىرىنى تاللاپ ئالغان ئىدى.

ماۋ ئۆز مەۋقەسىدىن قايتماي ئۇستازىنى ئەيىبلەپ قارشى چىققان بولسىمۇ، نامراتچىلىقنى ئۆزگەرتەلمىدى. 1976- يىلى ماۋ ئۆلۈپ، دېڭ شياۋپىڭ چىققاندىن كېيىن 80- يىللاردىن باشلاپ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىش سىياسىتىنىڭ ئاتالمىش جۇڭگوچە كوممۇنىزم نىقابى ئاستىدا تەرەققىي تېپىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. شۇ ھالەتتە ھەر ئىككىسىنىڭ سىياسىي چۈمپەردىسى بىر خىل كوممۇنىزم ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ماڭغان يولى ئوخشىمىغانلىقتىن، خەلققە سىڭدۈرۈلگەن سىياسىي تەسىر ئېپادىسىمۇ ئوخشىمىغان بەلگىلەر بىلەن شەكىللىنىپ چىقتى.

سىياسىي مۇھىت تەسىرىنىڭ غەرەزلىك ھالدا قالدۇرغان ئىزى خۇددى سۇدا بېلىقنىڭ، ئاياللاردا ئەرلەرنىڭ ئىزى قالمىغاندەك كۆزگە كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھەر كىشىنىڭ ئۆزىگە ئاي كۆرۈنەر كۆزىگە دەپ ئۇنى سەزمەي كۆرەلمەپ يۈرۈۋېرىمىزكەن. بۇ ھەقتە رېئاللىق شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، ئىلغار مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردىن ئىلغارلىق مەدەنىيەتلىك يۇقسا، پەسكەش ئېپلاس مىللەتتىن ئەنە شۇ قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ناچار ئىللەتلەر يۇقۇپ قالىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىتىمىز قېنىمىز بىر بولسىمۇ ھەرقايسى دۆلەتلەردە ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ مىجەز خۇلقى، خاراكتېرى ھەتتا سەۋىيە ھەم كۆزقاراشلىرىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھالەتتە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال ئەلۋەتتە سىياسەت تەسىرىگە باغلىق بولغانلىقىدىن بىز ئۇنى سېزىۋالالمايمىز.

ھېسسىيات داغ دۇغلۇق بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇ قالپاقنىڭ ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغان ئىدۇق ئەمەسمۇ؟ مانا بۇمۇ مەيلى قەيەردە ئاڭلىمايلى ئاڭلاپ ئالغان تەشۋىقلارغا چوقۇنۇپ كەتكەنلىكىنىڭ، ئۆز بېشىمىزغا ئىشەنچ يوقلۇقىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

ھەربىر دۆلەت سىياسىي تەشۋىقلىرىنى ئۆز خەلقىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن شائىر يازغۇچىلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۇلار كېرەك بولسا تارىخ ۋە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى شۇ ھۆكۈمەت مەنپەئەتىگە، يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىگە بويسۇندۇرۇپ، خەلق قايىل بولغىدەك دەرىجىدە يېزىپ چىقالايدۇ.

شۇ مەزگىللەردە ماۋنى ماختاپ يازغانلارنىڭ بىرى، ماۋ زېدۇڭ ئاتامىز، سايىسىدا ياتامىز، ئەمدى كەلگەن غېنى ئوغرىنى، پەملەپ تۇرۇپ ئاتامىز، دەپ يازغان بولسا، سوۋېتكە چىقىۋېلىپ ماۋ زېدۇڭ باسقۇنچى، ئالدامچى ھەم قاراقچى، خىتايلارغا تېتىغان، غېنى باتۇر مەرگەنچى دەپ يازغىنىنى كۆرگەن يېقىن ئاغىنىسى، ئاق ماتامو توقۇيمەن، كوك ماتامو توقۇيمەن، كېرەك بولسا خېرىدارغا ئالاماتامو توقۇيمەن. دېسەڭچۇ ئاداش دەپ چاقچاق قىلىشقىنى ھېلىمۇ يادىمدا.

بەزىلەر رابىيە قادىر ئاللاھنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن قايتماس ئىرادىلىك خەلقسۆيەر قەھرىمان **ئۇيغۇر** قىزى دېسە، بەزىلەر ئۇ ئايال ساۋاتسىز ئاددىي بىر تىجارەتچى دەپ يەرگە ئۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ چۈشەنچىنىڭ كېلىپ چىقىشى، سىياسىي چۈشەنچىنىڭ ئاجىزلىقى بولۇپ، ئاخىر ئەقىل ھەم ۋىجدانىغا بېرىپ تاقىشىپ قالىدۇ.

چەت ئەلدىكى نوچىلىرىمىزمۇ ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ خىتايىنى سۆكۈپ ئەپتى بەشىرىنى ئېچىپ يازالايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. بىراق سەلبىي تەسىر يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان يېرى، ئۆزىمىزنىڭ ۋەتەندە ياشىغان ھاياتىمىزنى ئۇنتۇپ قېلىپ ئۇنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلمەي، زۇلۇم ئاستىدا غەزەپ ئوتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئازابلىنىۋاتقان خەلقىمىزنى قارىلاپ، بىلىمسىز نادانلار ئىشەنگىدەك سۆز ناتىقلىق قابىلىيىتى

ئەمەسمۇ؟ ئىشتىرلىستىنىڭمۇ كىچىك بىر ئاددىي ھەرىكىتىدىن رۇس مىللىتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغانغۇ... دەپ ئادەملەرنى قانداق يوللار بىلەن بايقاپ ئېلىش پسىخولوگىيە سىرلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى.

دېمەك، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىگە ئورغان سىياسىي تامغىنىڭ تاتۇق ئىزى سىرتىمىزدىن كۆرۈنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى سەزمەي يۈرۈۋېرىمىزكەن. بۇ سىياسىي تەسىرنىڭ ئەمەلىيەتتىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ كۆرۈنۈشىگە يەنە بىر مىسال: نېمە ئۈچۈن خىتاي كونسۇل خادىملىرى ئادەتتە بىز بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشقا تىرىشىدۇ؟ بۇ مەسىلە بەلكىم باشقا دۆلەت كونسۇلخانىلىرىنىڭ ئۆز گىراژدانلىرىغا سەمىمىي ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋەزىپىسىگە ئوخشاپ كېتەمدۇ؟ ياكى بولمىسا، دۈشمەنلىك نىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىز سېزەلمەيدىغان يوشۇرۇن تەرزدە ئۆزىمىزنىڭ قولى بىلەن ئۆزىمىزنى خۇنۇكلاشتۇرۇپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزگە دۈشمەن قىلىپ ئوينىتىپ كېلىۋاتقان پرىنسىپ يولى بىلەن يېقىنچىلىقنى بىلدۈرگەنلىك ئويۇنىمۇ؟

خىتاينىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلۈك رەڭۋازلىق ئوپېراتسىيە ئۇسۇللىرى بەزىبىر ئەقىلدىن ئاداشقان قاپاقۋاش گالۋاڭلارغا قارىتىلغان غەرەز بولغاچقا، بىر-بىرىمىزنى خىتاينىڭ ئادىمى دەپ ئۆزئارا ئىختىلاپ تۇغدۇرۇشقا مەجبۇرلاپ قويماقتا! بۇ ساددىلىق بۇ ھاماقەتلىك دەل تاجاۋۇزچى قانخور ئەزگۈچىنىڭ رولىنى ئوينىغانلىق ماۋنىڭ سىياسىي تەسىرىنىڭ قالدۇقلىرى بولماي نېمە؟ بۇيېرگىنچلىك ئەھۋال بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا ئىزدىمىسمۇ تاپقىلى بولىدىغان ھالەتكە ئايلىنىپ قالغىنى مەڭگۈ قۇللۇقتا قېلىشىمىزنىڭ بىر كۆرۈنۈشىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ماۋ، بۇ ئىنقىلابىمىزنى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دەپ قۇللۇق قىزىل بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۇك پاك خۇك ناخشىسىنى پاڭشۇڭ تووۋلاپ، بىر پاي ئۇقسىز بېسىپ كىرگەندە، بۇ ھالاكەت ئاپەت قەدەمنى مۇئەييەن قىزغىن

دۆلەتلىرى خىتايغا ئىتائەت قىلىپ بويسۇنۇپ كېلىۋاتقىنىغا نېمە دېگىلى بولىدۇ...؟ ئۇ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرغان سىياسەت بولغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن چوڭقۇر ئىزدىنىپ كېتىشمۇ تەلەپ قىلىنمىسا كېرەك.

بەزىبىر سىياسىي سەزگۈرلۈكى گۆدەك ھالەتتىن چىقالمايۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۆزى ۋەتەنگە بارالماستىن ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەنلەرنى خىتاينىڭ ئادىمىكەن بولمىسا ۋەتەنگە نېمە دەپ بارىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋەتەنگە بېرىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇش كېرەك دېگەن كومشالىق چۈشەنچىسىنى تەشۋىق قىلىپ يۈرىدىكەن.

ئۆز خەلقىمىزنى ساغلام ئەقىل بىلەن ئاڭلىق رەۋىشتە چۈشىنىشنى خالىساق، ئۇلارنىڭ جىسمىدا ئېقىۋاتقان قان، ۋۇجۇدى، قەلبى ھەم غۇرۇرى ئۇيغۇرنىڭ بولغانلىقىدىن ئۇ قان، غۇرۇر ئاخىرقى ھېسابتا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئويناپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا گۇمان قىلىش نادانلىقتىن كېلىپ چىققان بىلىمسىزلىكتۇر. ئامال قانچە ئۇستازىم ماۋ بىر-بىرىمىزنى خائىنغا چىقىرىشنى ئۆگىتىپ، ساغلام ئەقىل ئىللەتلىرىنى ھېچقايسىمىزغا ئۆگەتمەي ئۆلۈپ كېتىپتىكەن ئەمەسمۇ؟ ئېتىراپ قىلىڭ!

مىلادىنىڭ 84- يىللىرى، خىتاي ھۇن تەڭرىقۇتىغا سوۋغا قىلىپ ئۇزاتقان مەلىكىسى ۋاڭ جار جوندىن تۇغۇلغان ئوغلى بەيىنى، ھونلار ئۆزلىرىنىڭ ئوڭ قول باش خانى قىلىپ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىنى خىتاي ھۇجۇمىدىن ھىمايە قىلىش ئۈچۈن قويغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ قېنىدا خىتاي قېنى سوقۇپ تۇرغانلىقتىن ئانىسى ۋاڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە خىتاي ئىمپېراتورىغا قارشىلىقسىز تەسلىم بولۇپ، خائىنلىق قىلغىنى تەساددىپى بىر ھادىسە بولماستىن قاننىڭ رولى ئىدى.

1945- يىلى ماي ئېيىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كوماندىرى سۇپاخۇن خىل قورال‌لار بىلەن قوراللانغان 96 كىشىلىك ئاتلىق روتىسى بىلەن مىللىي ئارمىيىمىزگە قوشۇلۇپ ئۇيغۇر قېنى ھەم غۇرۇرىنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى كۆرسەتكەن نەمۇنىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىز

بىلەن، قارا چاپلاپ ـ تاجاۋۇزچىغا يار-يۆلەك بولۇپ يېزىۋاتقىنىغا نېمە دېسەك بولار. ۋەتەندە قايسى بىرىمىز خىتايغا قارشى ئۇچچۇقتىن ئۇچۇق سۆز قىلالىدۇق؟ چەت ئەلدىكىلەرنىمۇ ھەم شۇنداق چۈشىنىڭ. ئەزىز قېرىنداشلىرىم! ھەممىگە ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان ھەرقانداق تۈزۈمدىكى دۆلەت قانۇنلىرىغا بويسۇنۇپ ياشىيالايدىكەن ئەمەسمۇ؟

ۋەتەندە خىتاينىڭ تۆمۈر چاڭگىلىنىڭ ئىچىدە خىتاينى بىر ئېغىز يامان دېسە قامايدۇ. قارشى چىقىپ بىرەر ھەرىكەت قىلسا خەۋپكە ئۇچرايدۇ ياكى ئۆلتۈرىدۇ. جان ساقلاپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىمەن دەپ خىتاي قانۇنلىرىغا چارىسىز بويسۇنسا، نادان ئاڭسىزلار ئالدىدا خائىن، جاسۇس، ساتقىن، غالچا ئاتاقىغا ئىگە بولۇۋاتسا نېمە قىلىش كېرەك؟ ياكى قولىمىزدا بىر سۇنۇق تۆمۈرنىڭ پارچىسى يوق تۇرۇپ، كالتەك كۆتۈرۈپ چىقىپ قىرىلىپ تۈگەپ كېتىش كېرەكمۇ؟ ئەستايىدىللىق بىلەن تەپەككۇر يۈرگۈزۈشۈڭلارنى سورايمەن!؟

گەپنى ئۇزارتماي، ئۇنىڭ ئۈچۈن تۈگىمەس مىساللارنىڭ بىرىگە نەزەر سېلىپ كۆرەيلى. خىتاينىڭ غالچىسى ساتقىن سانىلىپ كېلىۋاتقان تۆمۈر داۋامەت بارىن ۋەقەسىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەندە كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاققان ئىدى... ئوتتۇرا ئاسىياغا چىققاندا دومبىرا چېلىپ ئۆلەڭ ئېيتىپ مىللىي قائىدىلەر بويىچە قارشى ئېلىپ ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىپ بېرىشىنى سورىغاندا، تەمتىرىمەستىن ناخشا ئېيتقان بولۇپ «مېھرىبان خەلقىمنى دەپ چۆللەردە قان يىغلاپ كېتەي» دەپ شازادىخان ناخشىسىنىڭ بىر قىسمىنى ئېيتىپ، چىدىماي ـ ئىچكى ھېسسىياتىنىڭ بىر تامچىسىنى بولسىمۇ شۇ بىر جۈملە سۆز بىلەن بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلالىغان مەردانە ئوغلان ئىدى...

دېمەكچىمەن، مېنىڭ دانا خەلقىمگە ئىلتىماسىم باشقا خائىن جاسۇس غالچا سانىلىپ كېلىۋاتقانلارمۇ خۇددى شۇنداقلا قەپەس ئىچىگە بېرىلگەن ھوقۇقتىن سىرتقا چىقالماي ئازاب چېكىۋاتقىنىنى سېزىۋېلىش ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك. مەرھەمەت تەپەككۇر قىلىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىزدىنىڭ.

كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز مۇستەقىل كۆپلىگەن دۆلەتلەر ھەتتا مۇسۇلمان

غۇرۇرۇم جان جىگەرلىرىم دېمەن». چۈنكى مۇقەددەس ۋەتىنىم «ئۇيغۇرىستانىم» **ئۇيغۇر** مىللىتىگە تەئەللۇق ئەجدادلار تەۋەررۇكى ئىكەن!

مۇبارەك ئەجدادلىرىم، ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ مىللىتى **ئۇيغۇر** دېگەن سەلتەنەتلىك شانلىق نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ئىكەن!

دۇنياغا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ، ئالەمگە تونۇلغان تارىخ **ئۇيغۇر** قېنى بىلەن يېزىلغان مۇنەۋۋەر جەسۇر تارىخ ئىكەن!

كۆپلىگەن ئۇيغۇر يۈرىكى جۇشقۇن سوقۇپ تۇرغان ئەۋلادلار قاتارىدا مىللىتى ئۈچۈن، ئاداققى تىنىقىغىچە ئاتلىق كۈرەش قىلىش يولىدا ئىزدىنىپ، **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ قېنى شانلىق، يۈرىكى ئوت، ئىرادىسى پولات خەلق ئىكەن دەپ تونۇلىدىغان نۇقتىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ماڭا ئوخشاش ئۆزى سەرسان، دىلى مىسكىن ئاددىي بىر **ئۇيغۇر** ئەۋلادىغا ئىلھام بەخش ئەيلەپ ئارام قويمايۋاتقان قۇدرەت مەنبەسىمۇ **ئۇيغۇر** قېنى ئىكەن!!!

قىسمەت گەردىشلىرىنىڭ زەربىسىدىن، ھەربىر نەپەسىمدە زارلىنىپ يېزىلىۋاتقان مەۋقەلىك ئىلتىماس تەكلىپلىرىم، تومۇرۇمدا جۇش ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان ساپ ئۇيغۇر قېنىنىڭ مۇڭ ساداسى ئىكەن! ئەنە شۇ ئويغانغان قان ساداسىنىڭ نالىسىنى، ئەلۋەتتە مەن غېرىبىنىڭ تەرجىمھالى بولۇشقا مەنسۇپ ئۆمۈر تارىخىم ئىكەن!!!

مەن بىر ئالىيجاناب ئىنسان بولمىساممۇ، تۇغما تەبىئىتىمدىكى ئاساسىم مىللەتچى ئۇنسۇر ئىكەنمەن. بۇ ھەقتە تۈگىمەس داستان كەبى ئۆتمۈشىمنىڭ بىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتەي: سوۋېتكە چىقىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، گرازدانلىق مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەش ئۈچ يىللىق ئارمىيە سېپىگە چاقىرتىلدىم. بەختىمگە يارىشا ماڭا ئوخشاش ئون نەچچە غۇلجىلىق باللار بىر چاسقا چۈشۈپ قاپتىمىز. ئەزەلدىنلا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ سولداتلىرى ئۆزلىرىگە رەسمى قائىدە ئادەت قىلىۋالغان يەنى كونا سولداتلار يېڭى كەلگەنلەرنى بىكاردىن بىكارغا

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جاراھەتلەنگەن قەلبىگە تۇز چېچىپ ناھەق يالا چاپلاپ دۈشمەننىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولغان ئەڭ خەتەرلىك ئۈچ ئېلىش مۇسابىقىسىنى ئۇلغايتىپ كېلىۋاتىمىز. بىز بىلىدىغان بىرنەچچە مىللەت ئەۋلادلىرىنى يىراق ئۆتمۈش تارىخلاردىكى ئەجدادلىرىنىڭ باشقا مىللەتتىن يېگىلىپ قالغان ئۈچىنى ئېلىش ئەقىدىسىنى سىڭدۈرۈپ تەربىيىلەيدىكەن...

ئاپئاق غوجىمۇ ئىسمايىل خوجىدىن ئۈچ ئېلىشقا كۈچ يەتمەي، قالماقلاردىن ياردەم سوراپ، ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولارى بىلەن كارى بولمىغان... مۇنداق مىساللار ئەمەلى ھاياتىمىزدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەكچى بولغان مۇددىئايىم — ئۈچ ئېلىش غەزىپى ئادەمنى ھەرقانداق پاجىئەگىمۇ ئىتتىرىپ قويالايدىغان، يەنى ئىمانىنى، ۋىجدانىنى، ئەل-ۋەتىنىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ھەتتاكى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەن ئۈچ ئېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلسا، شۇ دۈشمەننىڭ ھەرقانداق خائىنلىق خىزمىتىنى قىلىشتىن يانمايدىغانلىقىنى، ھەربىرىمىز ئۇقۇغان تارىخلار دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى.

ئەزىز قېرىنداشلار ئىلتىماسىم! بىگۇناھ مىللىتىمىزگە ئۆچمەنلىك قىلىشتىن ساقلىنىپ، دۈشمەندىن ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن ئەقىللىق تەدبىر ئاساسىنى يارىتايلى.

مەن ئۆزۈمنىڭ يېتەرسىزلىكىمنى تونۇپ ئېتىراپ قىلىشقا تىرىشىمەن، ئەيىبىمنى كۆرسەتكەن كىشىلەرگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. مىللىتى ئۇيغۇرلا بولسا ئۆزۈمنى راھەت ھېس قىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن بەزىلەر، ھەممىگە بىر خىل مۇئامىلە قىلغىنىمدىن نارازى بولۇپ، سىزدە مەيدان دېگەن نەرسە بارمۇ؟ سىز زادى قايسى تەرەپ دەپ ئەجەبلىنىپ سوراپ قىيىن قىستاققا ئالغان ۋاخلارمۇ بولغان ئىدى. بۇ ھەقىقەت! مەن ھەرقاچان ھەممە يەردە «تەرەپبازلىقىم ئۆزگەرمەيدۇ، مەيدانىم مۇكەممەل، پەقەتلا **ئۇيغۇر** مىللىتى تەرەپدارى مەن، **ئۇيغۇر** مىللىتىنىڭ بارلىقىنىڭ قېنى ئوخشاشلا ئۇيغۇرنىڭ قېنى دەپ تونۇيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قەلبىنى چۈشىنىشكە تىرىشىمەن. مەن ئۈچۈن **ئۇيغۇر** مىللىتى روھى ئوزۇق، ھايات مەغرۇرۇم، شادلىق

1111 ئەترەتتە خىزمەت قىلغان سەپداشلىرىمغا چىن قەلبىمدىن سېغىنىشلىق يالقۇنلۇق سالامىمنى يوللايمەن!

ئەمدى يازغۇچىلار توغرىسىدا توختىلۇۋاتقان سۆزىمىزنىڭ داۋامىغا كەلسەك ـ ۋەتىنىمىزدىكى شائىر يازغۇچىلارمۇ سىياسىي بېسىم مەجبۇرىيىتىدىن ـ چارىسىز كوممۇنىستلارنىڭ يولىنى مەدھىيىلەپ يېزىپ تەشۋىق ئېلىپ بارىدۇ؟ ھەتتاكى «ش ئۇ ئا ر» كومپارتىيە مۇئاۋىن رەئىسى جانابىل ئەپەندىمۇ خىتايىنى قوللاپ «شىنجاڭ مىلادىدىن ئىلگىرى ھەم جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان» دەپ ئېيتىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟

ئۇ بىر رەھبەر تۇرۇپ شۇنچىلىك ئاددىي نەرسىنىمۇ چۈشىنىپ ئېلىشقا ئەقلى يەتمىدىمۇ؟؟؟

س س س ر دەۋرىدىكى رىسپۇبلىكا رەھبەرلىرى شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي بېسىم تەسىرىگە بويسۇنۇپ كوممۇنىزمنى مەدھىيىلەپ كاپىتالىزمنى ئەيىبلەپ تەشۋىق ئېلىپ باراتتىغۇ؟ ئەمدىچۇ؟ تەپەككۇر قىلىڭ! ئەگەر بىز ھەرقانداق مەسىلىنى ئاڭلىق رەۋىشتە چۈشىنىشنى خالايدىكەنمىز ـ ئالدى بىلەن پىچاقنى ئۆزىمىزگە ئۇرۇپ كۆرەيلى، ئاغرىمىسا قېرىنداشلىرىمىزغا ئۇرۇپ خىتايغا تاماشا كۆرسىتىشنى داۋاملاشتۇرساق ياخشى بولاتتى؟

بىز ئۈچۈن ئەڭ چوڭ بىلىم سانىلىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر نەرسە، دۇنيا نەشرىياتلىرىدا ئېلان قىلىنىۋاتقان ۋەقەلەر، يېڭىلىقلارنىڭ كېلىپ چىققان يىل، ئاي، كۈن، ئىسىم ـ فامىلە، ئوخشاش پاكىتلارنىڭ ئوچۇق ئۇقتۇرۇلۇشى، شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرتۈرلۈك ساھەلەردىكى سىفىرلارنىڭ ياسالما بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوچۇق يېزىلغىنىنىلا ئەڭ مۇھىم ئىلىم مەنبەسى دەپ ئىشىنىپ، ئۇنى ئىلىم تەرىقىسىدە ئىسپات قىلىپ قوللىنىپ ماختىنىپ كېلىۋاتىمىز؟ يەنى پالانچى دۆلەت پالانچى ئىشقا مۇنچە مىللىيئارد دوللار سەرپ قىلدى، پايدا ئالدى، زىيان تارتتى، ياردەم قىلدى، ئىمزا چەكتى ياكى رەت قىلدى، قارار چىقاردى... ئەمدى ئىش باشقىچە بولىدۇ دېگەنگە ئوخشاش مەسخىرە ئاڭ ئۇقۇمىنىڭ خەلققە ئېلان قىلىنىشى، خۇددى ئۇيغۇر ئەدەبىي

ئۇرۇپ تىللاپ، بوزەك قىلىش بىر خىل شەكىللىك ئەنئەنە كېيىنكىلەر ئۇچۇن يالداما قىلىپ قالدۇرۇلۇۋاتقانلىقى مەلۇم بولغان ئىدى.

ئەسلى غۇلجولۇقلارنىڭ مىجەز خاراكتېرى گاڭگۇڭ، بوزەك بولغاننى ئانچە كۆپ كۆتۈرەلمەيدىغان كەلگەنلىكى ئۇچۇن، بۇ ئاللاھ قوشقان ۋەتەنداش دوستلىرىم مۇنداق قانۇنغا ئايلىنىپ كەتكەن كەمسىتىش ناھەقلىق زۇلۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. تېخى كەلگىنى بىر ئاي بولمايلا بۇ زومىگەر كونا سالداتلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇش پۇرستى تۇغۇلۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈزدىن ئارتۇق كونا سالداتلار بىلەن جەڭ باشلىنىپ كېتىپ، ئۇرۇشنى توختىتىپ ئالغىچە بولغان ئارىلىقتا قول، پۇت، باش بىلەن جاسارەت كۆرسىتىپ كۆپچىلىكنى مەيداندا ياتقۇزۇپ قويۇپ بىرنەچچە ئاتامانلىرىنى قاتتىق ياردار قىلىپ تاشلىغان ئىدۇق! بۇ بىر كىچىك مىسال بولسىمۇ، ماھىيىتى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان بۇ ۋەقە ئۇيغۇر قىنىنىڭ ھەقىقى جانلىق ئوبرازىنى نامايان قىلىپ بەرگەن ئۆملۈك قۇدرىتىنىڭ بىر كۆرۈنۈشى بولۇپ، سوۋېت ئارمىيىسىدە بۇزۇلماس قانۇن بولۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە قائىدىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ شۇ چاستىكى ھۆكۈمرانلىقنى ئۆز قولىمىزغا ئېلىۋالغان ئىدۇق.

ئەتىسى مەن باشلىق تىلغا ئېلىنغانلاردىن ئۆچىمىزنى كوماندىرى چاس چاقىرتىپ ئالدى. ئۇ دەيدۇ «تېخى ياش سالداتلار كونا سالداتلارنى ئۇرۇپ چوڭ ھادىسە تۇغدۇرۇش ئەھۋالى پۈتۈنلەي سوۋېت تارىخىدا بولۇپ باقمىغان ۋەقە... ياپتوۋايىمايت كىتايىسكى باندىت» بۇ تارىخنى كېيىنكى ماقالىلەردە تەپسىلىي يېزىشنى نىيەت قىلىمەن. ئۈچ يىللىق مەجبۇرىيەتنى تىنچ ئامان پۈتتۈرۈپ كەلدۇق. بىرنەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ چاسقا بارغان دوستلىرىمنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، كېيىن كەلگەن **ئۇيغۇر** باللىرىغىمۇ، بۇ خەتەرلىك مىللەت دەپ ھېچكىم تەگمەيدىغانلىقىنى، بىز قالدۇرۇپ كەتكەن مىراس يالداملار شۇ بويىچە بۇزۇلماي ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كەلگەن ئىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاشكەنت OCB

ھېلىقى دىۋانە ساپاسىنى دەسمى قىلىپ ئالغاندەك، ئۇ نىجىس
تەشۋىقلارنى كاپشىپ تارقىتىپ يۈرگەنلەرنى كۆرمىگەن بىرمۇ ئۇيغۇر
بولمىسا كېرەك؟

بۇ سەپسەتە توقۇلمىلارنىڭ بىر جۈملىسى: ـ«خىتاي ئورتا ئاسىيا
ئۇيغۇر تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەن زىيالىيلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش
ئۇسۇلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرۇپ غەلبە قازاندى... بىلىم
سەۋىيىسى يېتەرسىز ھەم تەربىيە ئالمىغان تىجارەتچىلەرنى سىياسەتكە
ئىگە قىلدى» دەپ غالجىرلىشىپتۇ؟

بۇ خىتاينىڭ تەربىيىسىنى ئالغان ئويدۇرمىچى، ئۆزىنىڭ
ئەسەبىيلەشكەن سىياسىي كورلۇقىنى ۋەھەقىقى خىتاي كوممۇنىستلىرىغا
قەلبىدىن مايىل ئىكەنلىكىنى، تىجارەتچىلەرنى كوممۇنىستلارغا
ئوخشاش كەمستىپ ئەيىبلىگىنىدىن دەلىل قىلىپ ئاشكارىلاپ
قويۇپتۇ!؟ گەپنىڭ قىسقىسى رۇس خەلقىنىڭ ماقالىدا «ئەگەر سەن
بولساڭ ئەقىللىق، قەيەردىن ساڭا يوقتى گادايلىق!» دېگەن سېنىڭ
ئەقلىڭ رەزگى ھەم مېيىپ بولمىسا، ئالەمنى گۈللەندۈرۈۋاتقان
تىجارەتچىلەرنى كەمستىمەن دەپ، ئۆزۈڭنىڭ ئەبلەخ ئىكەنلىكىنى
ئۆزۈڭ ئېچىپ تاشلاپ شەرمەندە بولامسەن؟ توغرا، سەندە ئادىمىلىك
ۋىجدان نومۇس ئەقىل نېمە قىلسۇن؟ يۇقىرىدا ئاتالغان خەلقىمىزنىڭ
مەغرۇرى بولۇپ تونۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئالىي پەزىلەت گۈزەل ئەخلاق
ئوغلانلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ مىللىي غۇرۇر، پاك ۋىجدان، مەردانە،
ساخاۋەتلىك خىسلەتلىرى بىلەن مىللىتى ئۈچۈن بۈگۈنكى زامانىمىزدا
كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان يالقۇنلۇق ئىزلارنى قالدۇرۇپ، شانلىق
تۆھپىلىرىنى قوشۇپ كېلىۋاتقان جان پىداكارلىقىنى تىلغا ئېلىپ
نامايان قىلىش بىلەن بىللە، نامىنى كۆككە كۆتۈرۈپ مەدەت بېرىپ
ئاپىرىن ئېيتىشىمىز، پەقەتلا ئۇيغۇر ۋىجدانىغا ئىگە ئىنسانلىرىمىزغا
خاس پەزىلەت دەپ قارايمەن! تۆۋەندە ئۆز ھېسسىياتىمنى دىلمۇرات
شەرىپىگە بىر كۇپلېت شېئىرىم بىلەن ئىزھار قىلماقچىمەن.

تىلى يەتمىگەندەك ياتلارنىڭ تىللىرىنى دەسمى قىلىپ ئالغانلارغا ئوخشاش، بىزمۇ ئۇ ساختا سىياسەت تەشۋىقلىرىنى دەسمى قىلىپ ئېلىپ بىلىمدانلىقىمىزنى ئىپادىلىمەكچى بولغان شوۋەرەتپەرەسلىكىمىز خەلقىمىزنى تويۇق يولغا باشلاپ قويماقتا!

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماقالىمىزدا تۇرمۇش مۇھىتىدىن ئېلىنغان ئاددىي بولسىمۇ ماھىيىتى چوڭقۇر مىساللارنى كۆپرەك نەقىل كەلتۈرۈۋاتىمىز. ئاڭلىق چۈشىنىڭ!

ھەممىمىز چۈشىنىمىز خىتاي ئۇيغۇرنىڭ نوپۇس سانىنى كېمەيتىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئۇ بولسا دۈشمەنلىك ئۇسۇلىنىڭ بىر تورىدىن ئىبارەتتۇر.

ئەمدى مىڭ يىللار مابەينىدە بىر قەۋم بولۇپ ياشاپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا قېرىنداش دۆلەتلىرىچۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ سانىنى ئازايتىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ؟ دۈشمەنلىك نىيىتى بىلەنمۇ ياكى دۇنيا سىياسىي ئېقىم ۋەزىيىتىگە بويسۇنۇپ ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلىكمۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسى مۇرەككەپ سىياسەت، سىياسەت، سىياسەت.

بەزىبىر ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچىلىرىمىز تېلېۋىزوردا مونتاژ قىلىپ ياساپ كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان سىياسىي ئەپكارلىقلارغا باش قويۇپ ئېلىپ، قايسى دۆلەتلەردە قانداق ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكى توغرىسىدا، خۇددى بىر **ئۇيغۇر** مىللىتىنى يەرشارىغا خوجايىندەك ــ ئۇ دۆلەتلەر بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزگە يول قويامدۇ، قويمامدۇ؟ ئۇلارنىڭ دۆلەت قانۇنلىرىغا دەخلى يەتكۈزەمدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشماي، شۇنچىلىك ئۈستۈن تەلەپ شەرتلەرنى تەشەببۇس قىلىپ قويۇپ، لايىھەلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ھۆكۈم چىقىرىپ يازالايدىكەن؟ ھەيياھاناس!؟

خەلقىمىزنىڭ سىياسىي تەشۋىقاتلارغا كۆپرەك ئىخلاس قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا يەنە بىر مىسال: ـ**ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئەزىمەتلىرى ـ دىلمۇرات كۆزىيېۋ، پەرھات خاسانوۋ، مۇرات ئەخمىدىيېۋ يولداش ئازاماتوۋلار ئۈستىدىن توقۇلغان تۆھمەتلەرنى،

قالدۇرۇپ چوڭقۇر ئويغا چۆكتۈرۈپ قويغان نەرسە، يەنە نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئالنى قويىمەن.
نېمە ئۈچۈن؟ شۇ تەئزىيە ماقالىلىرىدا ھەققىي تونۇپ يېتىلىپ ئاڭلىق ساغلام رەۋىشتە يېزىلغان تۆھپىلىرى، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا سەمىمىي ساداقەتلىك بىلەن مەدەت بېرىلىپ ماقال يېزىلىپ مەدھىيىلەنمىدى؟ بەلكىم بەزىلەرگە پۈتلۈشاڭلىق قىلدىغۇ دەيمەن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سوقۇشتىن كېيىن پەيدا بولۇپ چىققان باتۇرلارغا ئوخشاش، ئۆلگەندىن كېيىن قەدىرلەپ ھېسداشلىق بىلدۈردۇقمىكىن؟ ئېتراپ قىلىشقا تىرىشىپ بېقىڭ؟؟؟
مەن كۈرەشنىڭ، كۈرەشكە چاقىرغان ئۆتكۈر قابىلىيەتلىك ئىجادىيەتلىرىنى كىچە-كۈندۈز تويماي ئاڭلاپ، تەشنالىقىمنى قاندۇرۇپ ئالغان ئىدىم. ئۇنىڭغا تىلەكداشلىق ھېسسىيات تەسىراتىمنى، سۇنۇق تىلىم بىلەن بولسىمۇ ئىپادىلەپ يېزىلغان ماقالەمنى قىسقارتىپ 3-بەت قىلىپ (ھايات ۋاقتىدا تېلېفوندا سۆھبەتلىشىپ 2006-يىلى ئىيۇل ئېيىدا) ئەۋەتىپ بېرىپ يورۇقلۇققا چىقىرىشنى قايتا تەلەپ قىلغان ئىدىم.
ئەپسۇسكى ھايات ۋاقتىدىمۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ بەزى سەلبىي كۈچلەر تەسىرىدىن رەت قىلىندى؟ ئەگەر ئۇ مەسىلىگە بىرەر ئەپەندىم مۇھىم سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بانا قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر بىر شەخس كۆزقاراش سىياسىتى ئىكەنلىكى ھەققىدە كېيىنكى ماقالىلەردە غەرب شامىلى ژۇرنىلىنىڭ بەلگىلىگەن كىشىلەرنىڭ ماقالە بېسىلىدىغان ژۇرنال ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىمىز. توگەنچىدە يېزىلغان يېقىملىق چىرايلىق سۆزلەرمۇ سىياسەتنىڭ سەھنە كۆرۈنۈش ئەمەسمۇ نېمە؟
مېنىڭچە، بىر-بىرىنى سەمىمىي ساداقەتلىك بىلەن توغرا چۈشىنىشنى، قەدىرلەشنى، سۆيۈشنى بىلەلمىگەنلىكتىن تەرەپبازلىق بۆلگۈنچىلىك ئەخلەتخانىسىدىن چىقالمىغان مىللەت قانداقلارچە خارابلىقتىن قۇتۇلالىسۇن ھە؟ بۇ ئەھۋاللارغا يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مىللەت ئۈچۈن نۇر چاچتى شەپقىتىڭ،
تىلدا ھەم دىلدا دىلمۇرات ئىتىڭ!
ئاپىرىن ئىپىتقاي ئەجىرىڭگە خەلقىڭ،
بىر ئاللاھ بەرگەي سىپنىڭ بەرىكىتىڭ!!!

(كېيىنكى ماقالىلەردە ئەزىمەتلىرىمىز ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمىز)

ئەل ۋەتەننى سۆيمەن دېمەك بەك ئاسان، بىراق ھەققى ئەرزىيدىغان پايدىلىق خىزمەتنى قىلىش ئىنتايىن مۈشكۈلدۇر!!!

بىزنىڭ خەلقىمىز ئەمەلىيەتكە قارىغاندا مەتبۇئات تەشۋىقلىرىغا كۆپرەك ئىشىنىپ ئىخلاس قىلىپ تۇرىۋالىدۇ؟

بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ: -«تەشۋىقنى ئاڭلىغىن! لېكىن راست يالغاننى تەكشۈر! راستىنى ئۆزۈڭگە قالدۇر يالغاننى جازالىغىن!» دېگەن ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر مىسال: -خەلقىمىزنىڭ جەڭگىۋار پەرزەنتى مەرھۇم كۇرەش كۈسەن! ئەيىب بىزدە ئەمەس؟ ئەيىب تىل دېگەندە سۆگەك يوقلۇقىدا بولسا كېرەك؟؟؟ دەپمۇ ئويلاپ قالىمەن؟

ئەلىشىر ناۋايى «چىن ئېيتالايدىغان تىلنى، يالغان بىلەن بۇلغىما!»

ئەلىشىر ناۋايى «كىشىلەرگە بەخت ۋە روھ بېغىشلايدىغان ھەم تىل! نەسلىك، بەختسىزلىك يۈلتۈزىنىڭ چىقىدىغان ئورنىمۇ ھەم تىل! ئۆز سۆزىگە ئىگە بولالمىغان كىشى پەس تىل! يامان تىللىق كىشى ئەلنىڭ كۆڭلىگە جاراھەت يەتكۈزىدۇ. ئۆز بېشىغا ئاپەت!»

كۇرەش ھايات ۋاقىتلىرىدا تىلنىڭ ئەۋرىشىملىكىدىن پايدىلىنىپ نېمىلەرنى يازمىدۇق، نېمىلەرنى دەپ قەلبىنى جاراھەتلەندۈرمىدۇق؟ ئۇنىڭ دىلىغا شۇنچىلىك ئازار بېرىشكە نېمە سەۋەبچى بولدى؟ ئۇ نېمە گۇناھ قىلدى؟ بۇ سوئاللارغا ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىلدۈرۈلگەن تەئزىيە ماقالىلىرىدىكى كەڭ دائىرىلىق جاۋاب بېرىلىپتۇ؟ بۇ ئەلۋەتتە ھەربىرىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ سانايمەن، لېكىن مېنى تاڭ

چېگرادىن قوشقاچ ئۆتەلمەيدۇ دېگەن سىياسىي تەشۋىقاتقا ئوخشاش گەپ-سۆزلەرگە ئالدىراپ ئىشىنىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن جانلىق مىسالدۇر!

ئاڭلىغان گەپنىڭ ھەممىسى راست ئەمەسلىكى توغرىسىدا: 46-يىلى سوۋېتكە چىقىپ كەتكەن بىر تۇغقىنىمىز 57- يىلى غۇلجىغا كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن غۇلجا شارائىتىنى ياراتماي كوچىلار نېمىدېگەن پاتقاقچىلىق خەلق نامراتچىلىق بىزنىڭ سوۋېتتە يوللار تۆمۈر يول، ھەممە نەرسە ئاپتومات ئاشخانىلىرىدىمۇ قانداق تاماقنى خالىساق كونۇپكىنى باسساقلا شۇ تاماق چىقىدۇ... دەپ كۆپلىگەن ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە ئاغزىمىز ئېچىلىپ قالغان ئىدى. نېسىپ بولغان ئىكەن كۆپ ئۆتمەي سوۋېتكە چىقىپ قالدۇق. ئەمدى بۇ ئاكىمىزنى يوقلاپ كېلەيلى دەپ سەھرا بولغاندىمۇ تازىمۇ بىر چەت سەھرا كوچىلىرىدا ئىزدەپ پاتقاققا پېتىپ قېلىپ ئاران تاپقان ئىدۇق. ئاشخانىلىرىدىكى كونۇپكىلار بىر ياقتا تۇرسۇن، قورسىقى تويغۇدەك تويىدىغان نەرسىگە يېتەلمەي ھاراق ئىچىپ يۈرۈپتىكەن؟ تۆمۈر يول دېگەن سۆزنى ئاڭلاپتىكەن، كۆرمەپتىكەن؟

شۇنداقلا 94- يىلى كانادادىن ئالمۇتىغا كەلگەن كىشى، كانادادا قىشنىڭ كۈنلىرى قار ياغسىمۇ خۇددى ياز دېگۈدەك يوللار قۇرۇق ھەم ئەينەكتەك تۈپتۈز، يولنى ئاستىدىن ئىسسىق چىقىپ قۇرۇتۇپ تۇرىدۇ...

كېيىنرەك ئۇ كىشى بىلەنمۇ كانادادا كۆرۈشۈپ قالدۇق. ھېلىقى قىزىقارلىق سۆزلەپ بەرگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ نېمىشكە شۇنداق ئېيتىپ بەرگەنىدىڭىز دېسەك، «مەن ئانچە - مۇنچە ماقال تەمسىللەرنى يېزىپ ئېلان قىلىمەن، ئۇنى تەسۋىرلەپ ئوقۇغان كىشىنى جەلپ قىلارلىق دەرىجىدە قىزىقارلىق قىلىپ يازمىساڭ، كىم ئۇنى ئوقۇيدۇ؟ نامىڭنى قانداق چىقىرالايسەن!» دېگەن ئىدى.

بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ «شائىر يازغۇچىلار سۆز تىزغۇچىلاردۇر ۋە كىشىلەرنى ماختىغۇچى ھەم سۆككۈچىلەردۇر!

«ئۇچار قۇشلارمۇ ئۆز ھەمراھىنى ئۆز توپىنى ھىمايە قىلىپ قوغدايدۇ، سەن ئادەم سەنمۇ شۇنداق قىل» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ ۋەتەنپەرۋەرلەر ۋەتەندىكى خەلقىمىزنى خىتاينىڭ ئادەملىرىگە چېقىرتىۋەتكىنىنى ئاز دەپ ئورتا ئاسىيا تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ خىتاي بىلەن سودا مۇناسىۋەت قىلغىنى ئۈچۈن خىتاينىڭ ئادىمىگە چېقىرتىۋېتىپ، دۆلەتلەر ئۆزئارا بىر-بىرى بىلەن بولۇۋاتقان سودا ئالاقىلىرىنى دوستلۇقنى ئىپادىلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ كىچىك بالىنىڭ چۈشەنچىسىدىن چىقالمىسا، ئۇ چاغدا ئامېرىكا، رۇسىيە، خىتاي سودا مۇناسىۋەتلىرى بىر-بىرى بىلەن دوست بولغانلىقىنى بىلدۈرەمدۇ؟ ياكى بىر-بىرىنى دۇنيا يۈزىدىن يوق قىلىپ تاشلاش ئاداققى غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يول ئىزدىگەنلىك بولامدۇ؟؟؟ تەپەككۇر!

توغرا سودا ئالاقىسى بىلەن سىياسەتنىڭ ئالاقىسى بولمىسىمۇ، دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزئارا سودا مۇناسىۋەت قىلىنىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە سىياسەت ئۆز يولى بىلەن سودا مۇناسىۋەت ئۆز يولى بىلەن ھېچقاچان بىر-بىرىگە پۈتلاشماي كېتىۋېرىدۇ.

مەسىلەن: -سوۋېت خىتاي دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى 20 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بۇزۇلۇپ كېتىپ، دۈشمەنلىك ھۆكۈم سۈرگەن ئىدى. شۇ مەزگىللەردە چېگرادىن بىر قۇش ئۇچۇپ ئۆتسە ئېتىپ تاشلىنىدۇ دېگەن سىياسەت يۈرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، سودا مۇناسىۋەت ئۆز يولى بىلەن توختىماي داۋاملاشقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ساناقسىز مىساللارنى ئېلىپ ئولتۇرمايمىز.

شۇ يىللىرى غۇلجا چاپچال تەۋەسىدىن سوۋېت ئالمۇتا ئوبلاستى غالجات يېزىسىغا قېچىپ ئۆتكەن بىر قېرىندىشىمىز چېگرادىن غالجات يېزىسىغا كەلگىچە تۇتۇپ ئالىدىغان ئادەم تاپالماي، غالجات مەھەللىسىدە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان نەزىرگە دۈچ كېلىپ قالىدۇ. ئۇ نەزىرنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن گۇمان بىلەن تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغان كىشىدىن، بۇ يەرنىڭ ساقچى ئىدارىسى قەيەردە دەپ سورىغاندىلا، يات ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغان. مانا بۇ مىسالمۇ،

ئامېرىكا ياكى كاناداغا بارسام يوللارنى كۆرۈپ تەسىراتىمنى خاتىرىلەپ مېڭىش ئۈچۈن پويىز بىلەن باراتتىم... دېگەن كىشى ماڭا ئوخشاش ئاددىي بىر پۇقرا ئەمەس جۇمۇ؟ باشقىلار يازغاننى ياراتمايدىغان تىل ماھىرى ئىدى. دېمەكچى، خەلقىمىزگە ئۆلگە بولۇپ كېلىۋاتقان بەزىبىر زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ئۆز كەسپى ئۇقۇم چۈشەنچىدىن سىرتقا چىقالماي تۇرسا، دۈشمەنلىك تۈمۈر چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشنى خىيال قىلىش ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلەرمۇ؟؟؟

سوۋېت خىتاي مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلغان مەزگىللەرنىڭ بىرىدە بىرىژنىۋ زامانىدا، ۋەتىنىمىزگە رازۋېدكا خىزمىتىنى ئاتقۇرۇش ئۈچۈن، مەخپىي تەييارلىنىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ بىرى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئوفىتسېرى بولغان. كېيىن سوۋېتكە چىقىپ ھەممىگە تونۇلغان نوپۇزلۇق بىر زىيالىي ئەپەندىمدىن، بۇ ئىشنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى بىلىش ئۈچۈن مەسلىھەت سوراپ بېرىپ، بۇ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. ئۇ ئالىم ئەھۋالنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن «بۇ ئىنتايىن ياخشى ئىشكەن، رۇسلار ۋەتىنىمىزنى ئازاد قىلىشقا ياردەملىشىپ مۇستەقىللىققا ئېرىشسەك بىزگە ئوخشاش زىيالىيلارنى ئاپىرىپ يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتلەرگە قويىدۇ» دېگەن مەسلىھەتنى بەرگەنىكەن...

دېمەكچىمەن، يالغۇزلا بەزىبىر ماقال كىتاب ياكى ئاڭلىتىشلاردىكى يېزىلىۋاتقان تەشۋىقلارلا ئەمەس، بەلكى خېلى چوڭ بىلىملىك سانىلىۋاتقان زىيالىيلىرىمىز ئىچىدىمۇ، سىياسەتنى چۈشىنىپ كېتەلمەيۋاتقانلار خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان ئوخشايدۇ...؟؟؟ ئەستاغپۇرۇللا؟ تەپەككۇر قىلىڭ! ئەزىز قېرىنداشلىرىم!

سىياسەت كۈچىنىڭ زەھەرلەش پاكىتى قىلىپ يەنە بىر رېئاللىققا مۇراجەت قىلىپ كۆرەيلى: -1765- يىلى مانجۇ خاندانلىقى ئىلى ۋادىسىنى بېسىپ ئالغاندا ئۆزى بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان مانجۇ، قالماق، شىبە، سولۇن قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان قوشۇنلىرىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئالتە شەھەر خەلقىنى كۆچۈرۈپ چىقىپ دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن زورلىغان ئىدى. ئۇلارنى قالماق تىلىدا تارانچى دەپ

ئۇلارنىڭ تىلى قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈررەك، ئۇلار ماختىسا، ماختىشى دەرھال ئەلگە يېيىلىدۇ، ئەگەر سۆكسە كىشىنىڭ نامى يامان بولۇپ قالىدۇ؟؟» دېگەن.

دېمەكچىمەن، ھەرقانداق ئۇقۇپ ياكى ئاڭلاپ ئالغان سۆزلەرنى ئىنقلاپ كۆرمەستىن، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداپ ھايات كەچۈرۈش ئادىتىدىن ساقلىنايلى! ھەممە كىشى يازغان ئەسەرلىرىنى نام چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى خەلقىنى ئويغىتىش پايدىلىق خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يازىدىغانلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

بەزىلەر تۇرلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەدەبىي تىل گراماتىكىسى جەھەتتىن ئاجىز بولسىمۇ، ئۆزىگە خاس ئۆزچىلىكى يېزىش ئۇسلۇبى بىلەن يازغان ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەملىك ئىلمى يوسۇندا مۇلاھىزە قىلىنغان، رېئاللىققا ئائىت نۇقسانلاردىن تەمىنلەنگەن، ماھىيىتى ئىنتايىن چوڭقۇر مەزمۇنى تەبىئىي بولۇش بىلەن بىللە ئەڭ مۇھىمى خام، ساددا، تۇتامى يوق تەسەۋۋۇر ئوبزورلارغا ئاساسلىنىپ ئۇنى دەسمى قىلىپ ئالمايدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈن يات مىللەتلەرنىڭ ئاتالغۇلىرىنى **ئۇيغۇر** ئەدەبىي تىل قاتارىغا كىرگۈزۈپ ئۇنى بىلىم قىلىپ ئالمايدۇ!؟ بەلكىم ھەممىگە چۈشىنىشلىك مەزمۇنغا باي ئاددىي تىل يارقىنلىقىدىن قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتۇپ، مۇتلەق چىن ھەقىقى تارىخ ماھىيىتىنى ئېچىپ ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئەڭ زور مەجبۇرىيەت دەپ سانايدۇ! تەپەككۇر! تەپەككۇر!

بەزى كەسىپ ئىلگىرى ئۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ماھىيىتى بىلەن كارى بولماستىن، قۇسۇر تېپىش ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا جۈملىلەر تۈزۈلۈشى ئىملا جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقلار ئۈستىدە توختىلىپ ئېلىپ، كەسىپ بويىچە كەمستىش ئۈچۈن ئاۋارە بولۇپ كېتىدىكەن؟؟؟ ئەسلى ئۇلارنىڭ تىل ماھىرلىرىغى يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنى ئۆز ئىدىيىسىگە بويسۇندۇرۇپ پەدەزلەپ يېزىش ئۈچۈن ئەمەس! ھەقىقەتنى ئەينى بويىچە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى خەلققە سىڭدۈرۈشى، تازا ۋىجدان پاك نىيەتلىكنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەجبۇرىيىتى ئەمەسمىدى؟

شۇنىڭغا ئوخشاش ھەممىگە مەلۇم بىر زىيالىي ئەپەندىم مەن

بىر مىللەت تارانچى دېسە ـ خوپ تەقسىر سىلى ئۆزلىرى راست دەيلا خوجام دەيدىغان بىلىملىك قىزىق خەخكەنمىز؟ شىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك سىڭدۈرگەن ئىدىيىسى بويىچە، بىر مىللەتنىڭ مەكتەپ، مەسچىت، تۇرلۇك پائالىيەتلىرى ھەتتا ئۆلۈكلەرنىڭ مازارلىرىمۇ ئايرىم مىللەت شەكلىدە بۆلۈنۈپ چىقىپ بۇ خىتاينى مۇرات-مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەن ئىدى؟ ئەلۋەتتە بىزنىڭ خەلقىمىز بۇ كۆزگە ئۇچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان رەسۋاچىلىقنى كېيىنرەك بولسىمۇ چۈشىنىپ ئېلىپ ھوشىنى تېپىپ ئالغان بولسىمۇ، سىياسەت دېگەن ۋابا كېسىلىنىڭ تەسىرى بىلەن قەلبىمىزگە ئورۇلغان تامغىنىڭ ئىپادىسى ھېلىغىچە ئۆز كۈچىنى يوقاتماي، ئۇ ئۇياتلىق لەقەم بىلەن مەغرۇرلىنىپ شىنىڭ بىلەن قالماقلار روھىنى خۇشال قىلىپ كېلىۋاتقانلار ساقلىنىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ؟ مەن ئۆزۈم شاھىت بولۇپ كېلىۋاتقان مىساللارنىڭ بىرى.

بۇ مەسىلە ھەققىدە كۆپلىگەن كىشىلەر خۇددى گەپلىشىپ ئالغاندەك «سەن ئۇيغۇرمۇ، تارانچىمۇ؟» دەپ سورىغاندا **ئۇيغۇر** دەپ مىللىتىمنىڭ نامىنى ئېيتسام ھوي مەن سېنىڭ ماۋۇ، ماۋۇ، دەپ سۆزلىگەنلىرىڭگە قاراپ قاشقارلىق دەپ يۈرۈپتىمەنە روي...

بىر تونۇش كىشى ھەج قىلىپ كېلىپمۇ قاپاق پېۋا ئىچىش ئادىتىنى تاشلىيالماي قاپاق ھاجى دېگەن لەقەمگە ئىگە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ چەت يېزىلارغا ئەۋەتىلگەندە، بىرنەچچە يىل شۇ سەھرا خەلقى بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ ئۇرۇق-تۇغقاندەك بولۇپ كەتكەن. بىر كۈنى قەشقەردىن ئاكىسى يوقلاپ كېلىپ قالسا بولىدۇ. بۇ ئەھۋالغا ھەيران قالغان سەھرا خەلقى بىر-بىرى بىلەن ھوي مۇنۇ غاپپارنى **ئۇيغۇر** ئەمەس تارانچى دەپ يۈرسەك قاشقارلىقكەن ئەمەسمۇرەي...

يەنە بىر ئەھۋال غۇلجا مەكتەپلىرىنىڭ بىرىدە ئىلمى مۇدىر بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان تۇغقىنىمىزنى يوقلاپ بارغان ئىدۇق، بۇ ئىلمى مۇدىر ھەدىمىز بىلەن ئەھۋاللىشىپ ئۈرۈمچىدىكى كىچىك ئانىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەندە :

ئاتىدى. ئەسلى تاران دېگەن بۇغداي دېگەن سۆز بولۇپ تارانچى دېگەن سۆزنى سۆز بويىچىلا تەرجىمە قىلغاندا بوغدايچى دېگەن سۆز بولىسمۇ، ئۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش ئورۇن مەنا تەرجىمىسى قالماقنىڭ مالىي دېگەن مەنانى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

1863ـ يىلى باشلىنىپ 15 يىل داۋام قىلغان قىرغىنچىلىقلاردىن قېچىپ قۇتۇلغانلارنىڭ كۆپچىلىكى يەنى 50 مىڭ دىن ئارتۇق كىشى پەرغانە ۋادىسىغا ئورۇنلىشىپ ئۆزلىرىنى ئۆزبېك دەپ ئاتاپ كەلمەكتە؟

شىڭ شىسەي دەۋرىگە كەلگەندە كۆپىنچە بىلىملىك كىشلىرىمىز تەرىپىدىن بۇ تارانچى دېگەن لەقەم ئايرىم مىللەت سۈپىتىدە ئاتىلىپ كەلگىنىنى ئاز دەپ ئۇيغۇر، تارانچى، قەشقەرلىق دەپ ئۈچكە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەلىي ھاياتىمىزدىكى مىساللارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ ئولتۇرساق بىرنەچچە توم كىتاب بولۇپ كېتىشى چوقۇم! بۇ مەسىلە جەھەتتىكى كۆزقاراش ئاڭ سەۋىيە چۈشەنچىسى ۋەتەن ئىچى ھەم سىرتىدا بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدىكەن. بۇ مەزگىللەردە پەرغانە ۋادىسىدىكى **ئۇيغۇرلار** ئارىسىدىمۇ قەشقەرلىق تارانچى دېگەن ئايرىمچىلىق ئاڭسىزلىقلار تۈپەيلىدىن كۆڭۈلسىز ۋەزىيەتلەر ھاسىل بولغان ئىدى.

بىر مىللەت ئىچىدىن ئۆزئارا ئىختىلاپ بىلىمسىزلىكىنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشى شىڭ شىسەينىڭ بۇ پۇرسەتنى قولدىن چىقارماي، ئۇيغۇرنى سىياسىي ئويۇن سەنىمىگە دەسسىتىپ ئويناش مېتودىكىسىنى قوللىنىپ يەنى جاھالەت ئىلكىدە مەرىپەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇپ پارچىلاپ باشقۇرۇش يانپىشىغا چىقىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىڭ چىقارغان بۇيرۇق قارارى بويىچە يېڭى كەشىپ قىلىنغان تارانچى دېگەن مىللەت شۇ چاغدىكى ۋەتىنىمىزنىڭ 13 مىللىتىگە قوشۇلۇپ 14ـ مىللەت مەيدانغا چىققان ئىدى.

ئۆز تەسىرىنى پەيغەمبەر ھۆرمىتىگە ئىگە قىلالىغان شىڭ، سەن ئۇيغۇر ياكى قەشقەرلىق ئەمەس، ئۆز ئالدىڭغا ئالاھىدە بىر ئالامەت

زاۋۇتى» دېگەنلەرمۇ ئاسماندىن ئېلىنغان ئاساسسىز سۆزلەر بولمىسا كېرەك!

بۇ نەچچە مىڭ يىللىق يىللىق **ئۇيغۇر** ماكانى ئاتىلىپ كەلگەن قەشقەردە بىرمۇ ئىنستىتۇت چوڭ زاۋۇت-فابرىكىلار بولمىغانلىقى ئۇچۇنمىكىن بەلكىم، 50 يىللىق تارىخقا ئىگە شىخەنزە ئوخشاش ھەشەمەتلىك بىلىم يۇرتلىرى زاۋۇت-فابرىكا بىنالار سېلىنغان شەھەردە تۇغۇلۇپ قالغانلار، ئاتا-بوۋام قەشقەرلىق، خوتەنلىك دېسەم ئۆزۈمنى كەمسىتكەن بولۇپ قالىمەن دېگەن قاپاقۋاشلىقى بىلەن ئاتا-بوۋام شىخەنزىلىك، قارامايلىق، مايتاغلىق، تىكەسلىك، جىلىيۈزلۈك، قۇراملىق، چېلەكلىك دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقىنىمىزغا ئايلىنىپ كەتمەمسىز؟

ئەسلى ھەرقانداق ئادەمنىڭ سەۋىيە دەرىجىسىگە قاراپ سۆزلەشىشىڭىز ئىنتايىن قاملىشىپ ئۇ كىشىگە ياخشىچاق بولۇپ قالىسىزكەن؟

مېنىڭ يېڭى تونۇشقان كىشىدىن ئاتا-بوۋىڭىز قەيەرلىك دەپ سوراپ بىلىشكە ئالدىراپ كېتىدىغان ئادىتىم بولغانلىقتىن،يۇقىرىقىدەك جاۋاب بېرىپ كۆرەڭلەپ كەتكەندە بىرنەچچە قېتىم سورۇن ئەھلىنىڭ خوش كەيپىياتىنى بۇزۇپ، سەپرالىقىمنى باسالمىغىنىمغا ھازىرغىچە ئەپسۇسلىنىمەن.

يەنە بۇ ئەخلاقسىزلىقىمنى ئېتىراپ قىلىمەنكى، بىرنەچچە كىتابنى ئوقۇپ ئېلىپ ئۆزۈمنى بىلىملىك ساناپ كەتكەنلىكىم - نادانلىق ئالامىتى بولسا كېرەك؟ ئەسلى بىلىملىك كىشىلەر مۇنداق ئەھۋاللارغا كەمتەرلىك بىلەن كۈلۈپلا قويىدىكەن.

يەنە بىر مىسال: ئاتاقلىق شائىر، ژۇرنالىست مەرھۇم دولقۇن ياسىن ئالمۇتىغا چىقىپ يېڭى تونۇشقان قەلەمداش دوستى... بىلەن ئەھۋاللاشقاندا «ئاتا-بوۋىڭىزنىڭ يۇرتى قەيەرلىك» دەپ سوراپ قالىدۇ. بۇ ئالىم مەغرۇرلانغان قىياپەتتە «چېلەكلىك «دەپ جاۋاب بېرىدۇ. دولقۇن ئۇ ئالىمدىن بۇ جاۋابنى كۈتمىگەن بولسىمۇ، مەنالىق كۈلۈپ قويىدۇ-دە، ئېچىدە ئالىمنىڭ بىلىم سەۋىيىسىگە باھا بېرىپ بولىدۇ. ئۇ ئالىم دولقۇندىن سىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىڭىز قەيەرلىك دەپ

- توۋا قاراڭلار، ئۇنىڭ توت بالىسى **ئۇيغۇر** مىللىتى تېپىلمىغاندەك ھەممىسى باشقا مىللەتلەر بىلەن توي قىلىپ ئالدى، بىر قىزى قازاققا، بىر قىزى تاتارغا، بىر ئوغلى قەشقەرلىقتىن، كەنجى ئوغلى ئاتۇشلۇققا ئۆيلىنىپ ئالدى...».

ئويلاپ قارىسام، مەنمۇ سازلىقتا پېتىپ قېلىپ چىقالماي يۈرگەن چاغلىرىمدا بۇ ئەھۋاللارغا دۇچار بولۇپ قالسامۇ ئېتىبار بەرمەيتتىم. چۈنكى مەن بىر قارا قورساق ئادەمدە، لېكىن ئەۋلادلارغا ئىلىم بېرىۋاتقان مەكتەپ ئىلمى مۇدىرىنىڭ ئىلىم سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكى شۇنچىلىك تۇرسا ئوقۇغۇچىلاردىن نېمىنى ئۈمىد قىلىشقا بولىدۇ؟ كەچۈرۈشكە بولامدۇ؟

يەنە بىر ئەھۋال ئالمۇتىدا بىر ئاغىنىمىز ئۆيلەنمەكچى بولۇپ قىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرىغا ئەلچى كىرگۈزگەن ئىدى. ئۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرى قىزىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ھوي قىزىم سېنىڭ يىگىتىڭنى سۈرۈشتە قىلدۇق. ئۇ **ئۇيغۇر** ئەمەس قاشقارلىقكەن دېسە، قىزى ياق دادا، ئاپا مەن پاسپورتىنى كۆردۈم **ئۇيغۇر** دەپ يېزىلىپتۇ.

يەنە بىر ئالىم بولغۇچى كىشى دىسسېرتاتسىيە ماقالىنىڭ ماۋزۇسىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» تاللاپ ئالىدىكەن «مەخمۇت قەشقەرى دېسە قۇلىقىمغا مۇش ئۇرغاندەك بىلىنەتتى مەن ئۇنى ئۆرۈمچىلىكمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن...»

بىز تارىخلىرىمىزدا شانلىق نەمۇنىلارنى ياراتقانلاردىن ماختىنىش ئۆچۈن جەنۇبنى بولۇپمۇ، قەشقەر، خوتەنلەرنى تىلغا ئېلىپ ماختىنىپ كېلىۋاتىمىز. ئەجەبا، پەقەتلا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ماكان بۆشۈگىدىن چىقىپ دۇنياغا ئۇيغۇرنى تونۇتقان زاتلارنى تونۇپ بىلىپ مېنىڭ ئەجدادلىرىم دەپ ماختىنىشنى ياخشى بىلىمىزگەنۇ، ئەمەلىيەتكە كەلگەندە قەشقەرلىق، خوتەنلىك دەپ كەمسىتىپ كۆزگە ئىلماسلىققا ئىمان، ۋىجدان ھەم ئۇيغۇر غۇرۇرى يول قويغانلىقنى قايسى يېقىملىق سۆز بىلەن ئىپادىلىسەك بولار؟؟؟

ئايرىم ئۇيغۇرشۇناس ئالىملارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، ئالتە شەھەر ئاتىلىپ كەلگەن شەھەرلەر «ئۇيغۇر مىللىتىنى ئىشلەپچىقىرىش

ئىلمىساق، ئۆز ئانىسىدىن يۇز ئۆرۈپ ئالغانلىق بولۇپ تۇرسىمۇ، ۋەتەن ئانا توغرىسىدا سۆز ئېچىش مۇمكىنمىدۇ؟ ئۇ ئائىسىزلىق خاتالاشقان ئەجدادلىرىمىز چۇشۇپ كەتكەن ئورىغا كولدۇرلاپ چۇشۇپ كەتكەنلىك بولۇپ قالامدۇ؟

ئەجدادلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىگەن مىللەت راۋاج تېپىپ خەلقى ئۇچۇن بىرەر پايدىلىق ھەرىكەت قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر! بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەيىب بىزدە ئەمەس، سىياسىي بېسىم پالاكەت كۈچىنىڭ تەسىرى دەپ ئاتلىق قارىغان تەقدىردىمۇ، ئۆنىڭدىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىمەي كېلىۋاتقانلىق گۇناھى ئۆزىمىزدە دەپ ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم!

بىز يېقىنقى تارىخلىرىمىزدا ئىككى قېتىم قان تۆكۈپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدۇق. بىراق ئۇنى ھېچكىم ھەتتا قېرىنداش دۆلەتلەرمۇ قوللىمىدى ئېتىراپ قىلمىدى؟ چېچەنلەرمۇ مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى ھېچكىم قوللىمىدى ئېتىراپ قىلمىدى؟ نېمە ئۇچۇن مەۋجۇتلۇقنى داۋاملاشتۇرالمىدى؟ چۈنكى باشقىلار قوللاپ ئېتىراپ قىلىنمىغان مۇستەقىللىقنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ؟ مانا بۇ ئەھۋالمۇ سىياسەتنى چۈشىنەلمىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر!

بىز ئۆز بەختىمىزنى ئىزدەپ پەرۋانىدەك ھەريان ئۆزىمىزنى ئۇرۇپ ئاۋارە بولۇپ كېتىۋاتىمىز. ئۇ بەختسىزلىكنىڭ نېگىزى قەيەردىن كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا ئىزدىنىپ ئۇ ھالقىلىق نۇقتىلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمىگەنلىكىمىز ئۇچۇن، بۇ ئېتىبارسىز قېلىۋاتقان بوشلۇقلار بۈگۈنكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى تەلەپ ئىستەك خاھىشلىرىنى قاندۇرالماي كېلىۋاتىدۇ.

بۇ مەسىلىلەرگە ئائىت، «ئابدۇخالىق مەخمۇت ئەپەندىم» مۇنداق يۇمۇرلۇق تەمسىل قىلىدۇ. بىر سورۇندا بەخت توغرىسىدا سۆز ئېچىلىپ، ھەربىرى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى يېتىشكەن، ئۆي، قورا جاي، قىممەت ماشىنىلار، مىليونېر بولدۇم دەپ بۇ دېگەن مېنىڭ ئەڭ چوڭ بەختىم دېسە، باشقىسى - ئارزۇ قىلغان پەن دوكتورى بولدۇم بۇ مەن ئۇچۇن ئەڭ چوڭ بەخت دەپ ھەممىسى بىر-بىرلەپ

سورىغاندا «مەن ئۇيغۇرنىڭ ۋەتىنىدىن چىقتىم» دەپ جاۋاب بېرىپ، كۆزۈمگە سىرلىق قاراپ قويغان ئىدى دەپ گېزىت سەھىپىسىگە ماقال يېزىپ ئۆزىنىڭ نادان چۈشەنچىسىگە ئەپسۇسلىنىپ خىجالەت بولغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى ھەقىقى ئالىملىق سالاھىيىتىگە ئىگە دانالىقىدۇر!

مەن دولقۇن ياسىنىنىڭ كام ئۇچرايدىغان ئەقىل-پاراسىتىگە باش ئېگىپ قاتتىق تەسىرلەنگەن يېرىم ئۇ ئۆزىنى پالانچى شەھەرنىڭ پالانچى رايونىنىڭ ياكى ھازىرقى يېڭى پەيدا بولغان ئۇيغۇرلاردەك پالانچى دۆلەتنىڭ ئۇيغۇرى مەن دېمەي ئۆزىنىڭ دانىشمەنلىكىنى قىسقا مەزمۇنلۇق سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىگەن پەخىرلىك ئوغلانلىرىمىز ئىدى!

دولقۇن ياسىن ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆرسەتكەن يۈكسەك تۆھپىلىرى شەرپىگە 1998-يىلى ئامېرىكا خەلقئارا ئاكادېمىيىسى «ئاكادېمىك» ئۇنۋانى بىلەن مۇكاپاتلىدى، 2003-يىلى 11-ئۆكتەبىر كۈنى ئالمۇتا دىروژبا ئۇيغۇر مەكتىپىدە ئۇنىڭ 65 يىللىق ئەدەبىي كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خۇشاللىق بەلگىسى بولغان خەلقئارا ھۆرمەتكە ئىگە «نوبېل «مۇكاپاتىنىڭ ئالتۇن مېدالى تەقدىم قىلىندى!

ھەممىمىز ئۈچۈن مۇنداق بىلىملىك ئىنسانلىرىمىزنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىشى ئىستىقبالىمىزنىڭ يېقىنلاشقانلىقى بولۇپ، ئەركىن دۇنيالاردىكى پاراۋان ئالدامچى تۇرمۇش ھېچقاچان بىزنىڭ كامالەت بەختىمىز بولالماس!

بەخت توغرىسىدا ئەبۇ نەسر فارابى «بەخت ھەرقانداق ئادەم تەلپۈنىدىغان مەقسەت بولۇپ، ئۇ چەكسىز كامالەتتىن ئىبارەتتۇر!» دېگەن ئىدى. رۇسلار «قورساق تويغۇزۇشى ئۈچۈن ياشاش كېرەك ئەمەس، ياشاش ئۈچۈن قورساق تويغۇزۇشى كېرەك» دەپ ئېيتىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئالىم، زىيالىي ئەپەندىملەر! بىز شۇنچىلىك چەكلىك چۈشەنچە تار كۆزقارىشىمىز بىلەن سىياسىي ئۇقۇم سەۋىيىسىگە يېتەلمەي تۇرۇپ، ئانا ماكانىمىز قەشقەر، خوتەنلەرنى ياراتماي كۆزگە

ئالغانلىقى ئۈچۈن، خىتايلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ ھۆكۈمەتنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ پاراكەندە قىلالىغان ئىدى.

بۇ تەشۋىقنىڭ قۇدرىتى بىلەن خەلققە تەسىر يەتكۈزەلىگەن ئەھۋال خۇددى بەزىلەر پەرەز قىلغاندەك، ئۆركەش ئۆزلۈكىدىن خىتايلار بىلەن بىرلىشىپ جۇڭگودا دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان بولغانمۇ؟ ياكى كۈزىتىپ كونترول قىلىپ تۇرغان تاشقى كۈچنىڭ قۇترىتىپ قوللىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ يول يورۇق تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇنلىماقچى بولغانمىدى؟؟؟

ئەسلى بۇ مۇرەككەپ سىياسىي ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى، تاشقى كۈچنىڭ خىتاينى پارچىلاش ئۈچۈن پىلانلانغان تەدبىرنىڭ بىر خىل كۆرۈنىشى بولسىمۇ، ئۆيدىكى مەسلىھەت تالاغا توغرا كەلمىگەندەك، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تيەنئەنمېن مەيدانىنى، تانكىلار ئاستىدا يانجىلىپ ياتقان جەسەتلەرنى ھەم ئاققان قانلارنى تازىلاش بىلەن ئاياقلاشقان ئىدى؟

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىدىن قايتمىدى ياكى قورقۇپ كېتىپ قانۇنلىرىنى ئۆزگەرتىپ قويغىنى يوق!؟ بۇمۇ سىياسەت؟

ھەرقانداق دۆلەتلەردىكى نامايىشلارمۇ ئۆزلۈكىدىنلا كېلىپ چىقمايدۇ. ئۇنىڭ مەنبەسى نامايىش ئۇيۇشتۇرغۇچى، ھوقۇقلۇق قانۇنى كۈچنىڭ يوشۇرۇن ھالەتتە قوللىشى بىلەن، ياكى نامەلۇم تاشقى كۈچنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن تەشكىللىنىپ چىققانلىقىنى نامايىش قىلغۇچىلارنىڭ بىلمەسلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

لېنىنمۇ پادىشاھنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ پىرسەنتنى تەشكىل قىلغۇچى ئىشچى ـ دېھقانلارنىڭ پسىخولوگىيىسىگە خوش ياقىدىغان، تۇسالغۇسىز دەررۇ قوبۇل قىلالايدىغان توچكىنى تېپىپ تەشۋىق ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نېگىزىنى چۈشىنىپ كېتەلمىگەن خەلق، بايلارنى بۇلاش ئۈچۈن كەلگەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن چىقارماي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ رېۋالىيوتسىيە قىلىپ بايلارنى قىرىپ تاشلىدى؟

موسا جارۇللايېۋ لېنىن بىلەن بەس مۇنازىرە ئۆتكۈزگەندە لېنىنغا

ئۆزلىرىنىڭ بەختلىكىنى بىلدۇرۇپتۇ. ئابدۇخالىق ئەپەندىم «مەن بەختسىز تۇرسام سىلەر قانداق بەختلىك بولىسىلەر؟» دېسە ئۇلار «سېنىڭ بىلەن بىزنىڭ نېمە ئالاقىمىز بار؟» دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ.

مۇئەللىپ «ھەممىڭلار ماڭا ئوخشاش بەختسىزلەر، سەۋەبى ۋەتەن ئاسارەتتە، پۇقراسى جاھالەتتە يۈرگەن مىللەت ۋەكىللىرى قانداق قىلىپ بەختيار بولغۇلۇق؟ كېلىڭلار ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالدىمايلى قېرىنداشلار!» دەپتىكەن. تەپەككۇر!

يەنە بىر رىۋايەتنى قىسقارتىپ ئالايلى: «بىر پادىشاھ ئەڭ ياخشى پايدىلىق ھۈنەر كۆرسەتكەن كىشىگە يۈز تىللا بېرىشنى ئېلان قىلىپتۇ. بىر ماھىر چىقىپ يۈز دانە يىڭنىنى ئون قەدەم نېرىدىكى جوۋالدۇزنىڭ تۆشۈكىدىن قولى بىلەن ئېتىپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ، ھەممە ھەيرانلىقتا ياقا تۇتۇشۇپتۇ. پادىشاھ بۇ كىشىنىڭ ئارقىسىغا يۈز دەررە ئۇرۇڭلار! ئاندىن قولىغا يۈز تىللا بېرىڭلار! دەپتۇ. بۇيرۇق ئىجرا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، پادىشاھتىن: -يۈز دەررىدىن كېيىن يۈز تىللا بەرگىنىڭىز نېمىسى، دەپ ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ؟

پادىشاھ - يۈز تىللانى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ھۈنەر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، يۈز دەررىنى شۇنداق ئەقىل-ئىدىرەك تالانتىنى ھېچكىمگە پايدىسى تەگمەيدىغان ئىشقا سەرپ ئېتىپ يۈرگىنى ئۈچۈن بەردىم؟! دەپتىكەن.

ئەلقىسسە؛ ئاشۇ پادىشاھ ھازىر بولغان بولسا بىزنىڭ لىدىرلىرىمىزنىڭ قانچىسىنىڭ ئالدىغا يۈز تىللا تاشلاپ قويۇپ، ئارقىسىغا يۈز دەررە ئۇرغۇزغان بولاتتىكىن؟! «ئى خۇدا بىزگىمۇ شۇنداق پادىشاھلارنى ئاتا قىلغىن» ئابدۇخالىق مەخمۇت.

ئەمدى سىياسىي تەشۋىق يۈرگۈزۈۋاتقان ناتىقلارنىڭ تىلى قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈر ئىكەنلىكى توغرىسىدا مىسال قىلىپ ئۆركەشنى ئېسىمىزغا ئېلىپ كۆرەيلى. بۇ سىياسىيون يىگىت قانداقلارچە بىرنەچچە مىڭلىغان خىتايلارنى ياشىسۇن ئۆركەش! ياشىسۇن **ئۇيغۇر**! دېگۈزۈپ شوئار توۋلاتقۇزۇلدى؟ ئۇ ئۆزىنىڭ تىل قابىلىيەت ئۆتكۈرلۈكى بىلەن خەلقنىڭ زارلىنىۋاتقان ئەڭ نازۇك پىسخىكا توچكىسىنى تېپىپ

قالدۇرۇپ ئۆزى قېچىپ كەتكەن ئىدى. بۇمۇ تەشۋىق كۈچىدىن بىر كۆرۈنۈش!

بىز كۈندە ئوقۇپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقان رېكلاملارغا پۇلنى ئايىماي چىقىرىدۇ. ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق كىچىك بولسىمۇ، ئالدامچى مەخپىيەتلىك تەسەۋۋۇر قىلىنغانلىقى بىزگە مەلۇمدۇر؟ ھەتتا بىز سەۋىيە ئۈستۈرۈشنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزگە ئەنئەنە قىلىپ ئالغان كورت ئويۇنىمىزدىمۇ قولىمىزدىكى كارتىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاپ ئوينايمىز. ئەگەر قارشى تەرەپ قولىمىزدىكى كورتىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ ئالسا، ئۇ ئويۇننىڭ ئەھمىيىتى بولمىغاندەك سىياسەتمۇ خەلق چۈشىنىپ ئالغۇدەك ھالەتتە يۈرگۈزۈلسە ئۇ سىياسەتنىڭ ئەھمىيىتى بولمايتتى دۆلەتمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى؟

نېمە ئاڭلىسا شۇنىڭغا ئىشىنىپ كېتىش توغرىسىدا. كۆپلىگەن زىيالىيلار يىغىلغان بىر نەزىردە «ش تۇ» تەشكىلاتىنىڭ بىر ئەزاسى «پاكىستاندا ئەڭ يۇقىرى زامانىۋى قوراللار بىلەن قوراللانغان 20 مىڭ ئۇيغۇر مۇجاھىدلىرى مانا پات يېقىندا ۋەتەنگە بېسىپ كىرىدۇ. ۋەتەن چوقۇم ئازاد بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن زايوم سېتىپ ئېلىڭلار، ۋەتەن ئازاد بولغاندا بىزگە ئۈچ قىلىپ قايتۇرۇلىدۇ» دېگەندە دانىشمەن لىدىر زىيالىي ئەپەندىملەرنىڭ ئىشىنىپ خۇشاللىقىدىن قانداق ئىپادە بىلدۈرگەنلىكىنى يېزىپ ئۇياتقا قالدۇرۇش مەقسەت ئەمەس، پەقەتلا ئالدامچى تەشۋىق ئاخباراتلارنى ئاڭلاپ ئالدىراپلا باش قويۇپ تۇرۇۋالمايلى دېمەكچى بولۇپ ئەمەلىيەتتىن نەقىل ئېلىۋاتىمەن؟

كۆپىنچە كىشىلىرىمىز داۋاملىق ئالدىنىۋەرسە ئالدىنىش نورمىسى توگەپ قالامدىكىن؟ كۆتە قاسقىنىڭنى دەپ ئالدانمايدىكەن، بەزىلەر داۋاملاشتۇرىۋېرىدىكەن توۋا!؟

يەنە بىر مىسال: غۇلجا ساراڭلار جەمئىيىتىدە، ساراڭلار زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ، كۈندە چىرايلىق تىزىلغان خىشنى ئىككىنچى يەرگە توشۇتقۇزۇپ شۇنداقلا چىرايلىق تىزىشنى ئۆگىتىدىكەن، ئەتىسى ئۇ يەردىن يەنە قايتىدىن ئۆز ئورنىغا تىزغۇزىدىكەن. بۇ ئىش كۈندە شۇنداق داۋاملىشىۋەرگەندىن كېيىن ئارىسىدىن بىرى

«سىلەر دېموكراتىيىنى نەقشلەۋېرىپ ئۆتمە تۆشۈك قىلىۋەتتىڭلار، پادىشاھنىڭ بالا چاقىلىرىغىچە ھەم بايلارنى قىرىپ تاشلاپ، رۇس خەلقىنىڭ ئۈۋۈلىغا قالدىڭىز» دېگەندە، لېنىن «سىياسەت دىكتاتورا ھەممىنى قوغدايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن؟

لېنىن موسا جارۇللايىۋنىڭ ھەققى دانىشمەنلىكىگە قول قويغاندىن كېيىن «سىزدەك پەيلاسوپ ياشىشى كېرەك مەن تىرىك بولسام سىزگە ھېچكىم تەگمەيدۇ ئەمما كۆزۈم يۇمۇلسا بولشېۋىكلار مۇنداق بىلىملىك ئادەملەرنى ئامان قويمايدۇ؟؟؟ سىزگە سوۋېت تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىش مەسلىھەتىنى بېرىمەن» دەپتىكەن. بۇ مىسالدىن سىياسەت توغرىسىدا پايدىلىق نەرسە تېپىپ ئېلىڭ!

جەلپ قىلارلىق ئىشلارغا ئالدىنىپ كېتىش توغرىسىدا مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى: ـ«ئەقىللىق قۇش تۇزاقتىكى داننى يېمەيدۇ!» دەپ ئېيتىدۇ.

1994 ـ يىللىرى ئالمۇتىدا يېڭى ئېچىلغان ئىسماگولوۋ بانكىسىنىڭ داڭقى ئالمۇتا شەھىرىدىن ھالقىپ پۈتۈن قازاقىستان خەلقىگە ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە پۇر كەتكەن ئىدى. قاچان قارىسىڭىز بۇ بانكىغا پۇل سېلىش ئۈچۈن خەلق ئۆچىرەتتە تۇرۇپ كوچىغا تىقىلىپ كېتەتتى. بۇ نېمە گەپتۇ دەپ مەنمۇ قىزىقىپ قالدىم. پۇل سالغانلار قانچە پۇل سالغان بولسا 5ـ6 ئاي ئېچىدىلا شۇنچىلىك پۇل قېتىلغانلىقى ئۈچۈن، بىرنەچچە كۈن ئۆتلىماي پۇللىرىنى ئاران سالالايتتىكەن، ئەمما سومكىدىكى لىق پۇلنى كۆرسەتسە، ئىشىكتە تۇرغان ساقچىلار ئۆچىرەتسىز دەررۇلا كىرگۈزۈۋېتىدىكەن . ئۇنى كۆرۈپ تىجارەت قىلىۋاتقان دەسمىنىڭ ھەممىسىنى پۇلغائايلاندۇرۇپ بىرنەچچە قېتىم لىق سومكا پۇلنى كۆرستىپ ئۆچىرەتسىز كىرىپ سالغان پۇلنىڭ ھالاۋىتىنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ، تىجارەت قىلغاندىن ياخشىراق باي بولۇشقا باشلىغان ئىدۇق. بۇ ئەھۋالنى مىسال ئېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى پۈتۈنلەي ھەرقانداق ھىيلىگەرلىك ئالدى بىلەن غەمخورلۇق قىلىپ جەلپ قىلىش ئارقىلىق باشلىنىپ، سىياسىي قاپقان ئويۇنغا ئوخشاش ئاخىرقى ھېسابتا ئالدامچىلىق پاش بولغاندەك، ھەممىمىزنى داقتا

دېموكراتىيىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ پۇرسەت ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ستالىن بېسىپ ئالغان ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتۋا ئۈچ بالتىق رېسپۇبلىكىلىرى ئامېرىكىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن يارىتىلغان قۇلايلىق شارائىتنى قولدىن چىقىرىپ قويماي كونستوتسىيە كېلىشىملىرى بويىچە مۇستەقىللىقنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىپ ئاخىر مۇستەقىللىق ئېلان قىلدۇ.

گارباچىۋ بۇ ئەھۋالنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ۋاستىلەرنى قوللىنىپ جان تالىشىپ باققان بولسىمۇ، بۇ دولقۇننى توختىتىپ ئېلىشقا ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن «دېموكراتىيە» دېگەن سۆزى مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى؟

بەزىلەرنىڭ خىيال سۈرگىنىدەك سايوزنىڭ پارچىلىنىشىغا گارباچىۋ سەۋەبچى دەپ ئېيتىشقا توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ياكى ئامېرىكىغا سېتىلىپ كەتتى دېگەنگە ئوخشاش كۈلكىلىك گەپلەرنى قىلىشقا خىجىل بولمىساقمۇ، ئويلاپ كۆرەيلىچۇ؟ كىم ئۆز ئىختىيارى بىلەن پادىشاھلىقتىن ئاددىي بىر ھوقۇقسىز ئابرۇيسىز پۇقراغا چۈشۈپ قېلىشنى خالايدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن رۇسلارنىڭ ماقالىدا «مېنىڭ تىلىم مېنىڭ دۈشمىنىم» دەيدۇ دېمەكچى س س س ر نى گارباچىۋ پارچىلىدى دېگەن بەكمۇ تۆۋەن سىياسىي چۈشەنچە رېئاللىققا ھەرگىزمۇ يېقىن كەلمىسە كېرەك؟...

بۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان ھادىسىگە كىم سەۋەبچى ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ئامېرىكا رۇسىيە مۇناسىۋەتلىرى تاشقى كۆرۈنۈشتە بىر-بىرىگە دۈشمەنلىك قىلمايدىغان ئاتالمىش دېموكراتىيە سىياسىتىنى قوللاندى. بۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرى شۇنچىلىك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقان شارائىتتىمۇ، مۇستەقىللىق دېگەن نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇلار بۇ كۈتۈلمىگەن يەردىن تەساددىپىي ئاسماندىن چۈشۈپ قالغان مۇستەقىللىقنى باشقۇرالماي تەمتىرەپ قېلىپ، بىرنەچچە يىل توپىلاڭدا تۇقاچ ئۇغرىلايدىغان قانۇنسىز بۇلاڭچىلىق مىللەتچىلىك ئوخشىغان

چىقىپ، باشقۇرۇۋاتقان دوختۇرنى تىللاپ «سەن نېمە بىزنىڭ ساراڭ چاغلامسەن؟ بۇ ساراڭ ئاخماقنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ قىل» دېگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. ھازىرغىچە ئويلايمەن تۇۋا ساراڭمۇ ئالدىنىۋەرسە ھوشىنى تېپىپ ئېلىپ ئالدانمايدىغان بولۇپ قالىدىكەن ھە؟

تەمسىل: ـ بىر تۈلكە ئەمدىلا بەش كۈنلۈك بولغان بىر چۈجىنى تۇتۇپ ئېلىپ يەيمەن دەپ تۇرغاندا، چۈجە ھەي تۈلكە مەن ساڭا بىر ياخشىلىق قىلاي، مېنى يېسەڭ بىر چىشلەممۇ گۆشۈم يوق، كاتەكتە ئاپام بار ئۇنى باشلاپ چىقاي ئۇنى يېسەڭ قورسىقىڭ تويىدۇ، دەپ (چۈجىمۇ ئالدىدا غەمخورلۇق مېھرىبانلىقنى بىلدۈرۈپ ئاندىن دۈشمەنلىك غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان سىياسەتنى ئوقۇغان بولسا كېرەك) ئېيتىپتۇ، تۈلكە ئويلاپ قارىسا بۇ ھەقىقى راست ئادىللىق بولغاندىن كېيىن ماقۇل بوپتۇ. چۈجە ئاپىسنى باشلاپ چىقىمەن دەپ كاتەككە كىرىپ كېتىپ چىقمىغۇدەك، تۈلكىنىڭ تاقىتى قالماي ھەي چۈجە قېنى ئاپاڭ؟ چاپسانراق ئەپچىقمامسەن قورسىقىم ئېچىپ ئۆلەي دەپ قالدىم دەپ چاقىرغاندا، چۈجە ئاپام يوق! دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. تۈلكىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ھەي ھازىرلا ئاپام بار دېگەنتىڭغۇ؟ دېسە قەيەردىن مېنىڭ ئاپام بولسۇن، مەن ئىنكو باتۇردىن چىققان تۇرسام!؟ بايا سەندىن قورقۇپ كېتىپ ئىنكو باتۇردىن چىققانلىقىمنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، دەپ قۇۋ تۈلكىنى چۈجىنىڭ ئەقلى ئالدىيالىغان ئىكەن؟!

«ئەقىللىق دۈشمەننى ئالدىسا، ئەقىلسىز ئۆزىنى» دەپ، ستالىن ئۇيغۇرغا قانداق سىياسى ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئالدىغان بولسا، ئامېرىكىمۇ خۇددى شۇنداقلا سىياسەتنىڭ بىر تاللا پۇتىقىنى ئىشلىتىپ گارباچونى ئالداپ قويىدى؟

ۋەھالەنكى، ئالدانمايدىغان دانىشمەن ناتىق گارباچونى، ئامېرىكا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك سېھىرگەرلىك سىياسى يوللار بىلەن بابلاپ قويدى. ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن ئەرباب سالۇر ھەر باب بىلەن دېگەن شۇ بولسا كېرەك؟

گارباچو ئامېرىكا بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتىن كېيىن

نەزەر سېلىپ، تەپەككۇرنى ئەمەلىي رېئاللىقتىن ئېلىپ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەلىسەك، مۇنداق پارچىلىنىش خىتايدا ياكى بولمىسا باشقا دۆلەتلەردە ھەم تەكرارلىنىشى مۇمكىن؟ بىراق چېكى يوق ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆمۈرنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بۇ ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىگە تولىمۇ ئىشەنچلىك ئۈمىد قىلىپ كېتىشكە ئەرزىمەيدۇ؟؟؟ بەلكىم تەكرارلىنىش ئېھتىمالى يېقىنقى بىرنەچچە ئون يىللاردا يۈز بېرىش مۇمكىن ئەمەسلىكى ئۇ ئەمەلىيەتتۇر!

بىزنىڭ پرىنسىپىمىز تارىخ ھەم سىياسىي مەسىلىلەرنىڭ ئەينى ماھىيىتىنى پەرەزلىمەي خەلقىمىزگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم!!!

س س س ر نىڭ ۋۇجۇدقا چىقىپ قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ پارچىلىنىشمۇ، **ئۇيغۇر** خەلقى ئۈچۈن ھېچقانداق خۇشاللىق ئېلىپ كەلمەستىن، بەلكى قانلىق پاجىئەلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ يۈرۈتۈپ بەرمەسلىك، ئەۋلادلار ئالدىدا سادىر قىلىنىۋاتقان كەچۈرۈشكە ھەم بولمايدىغان جىنايەتلىرىمىزنىڭ ئۈستىگە جىنايەت قوشقانلىق بولۇپ قېلىشى ھەقىقەت دەپ چۈشەنسەكلا تولىمۇ ياخشى بولاتتى؟

1986- يىلى موسكۋا قازاقىستان بىرىنچى سېكرېتارى قونايېۋنى ئېلىپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا رۇس ھۆكۈمدارى كولبىن گىنادا ۋاسلىۋېچ قويغان ئىدى. بۇ ئەھۋالمۇ، ئۆزلىرىنىڭ كانىستوتسىيىسىگە خىلاپلىق قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ كېلىشىم توختاملار ئېتىبارغا ئېلىنمىدى؟

بۇ زوراۋانلىققا نارازىلىق بىلدۈرۈش نامايىشى 86- يىلى 16- دېكابىر كۈنىدىن باشلاپ بىرنەچچە كۈن، قىشنىڭ ئەڭ قاتتىق سوغۇق كۈنلىرىگە دۇچ كېلىپ قالغىنىغا قارىماي غەزەپلەنگەن خەلق توپى ئۇخلىماي نامايىش قىلىپ قانۇن بويىچە سىياسەت قوللىنىشنى تەلەپ قىلىپ مەيداندىن كەتمىگەن ئىدى. بۇ نارازىلىق نامايىشىمۇ بارلىق دۆلەتلەردە باستۇرۇلۇۋاتقان ئۇسۇللار بىلەن باستۇرۇلغان ئىدى.

ئەھۋاللار ئەزۋەيلەپ ئەۋج ئېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلىنىشىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن خەلق كېچىكمەي ئۆز ھوشىنى تېپىپ ئېلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ گۈللىنىپ تەرەققىي ئېتىشىگە جان كۆيدۈرۈپ ئىلگىرىلەپ دۇنياغا تونۇلۇپ كەلمەكتە!

رېسپۇبلىكا رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى تۇغۇلغان چاغدىن تارتىپلا شۇ زامان شارائىتىدا مودا سانىلىۋاتقان كوممۇنىست قالپىقىنى كىيىپ ئالغان ئىدى. مۇستەقىللىق ئېلان قىلىنىشى بىلەن بۇ زامان شارائىتىغا ياراشمايدىغان مودىدىن قالغان ئەسكى قالپاقنى تاشلىۋەتتى؟...

بىز ھەممىمىز شۇنداق بىر سىياسىي ساددىلىقىدىن ئايرىلىشنى خالىمايمىزكى، ئۇ گومىنداڭ خىزمىتىنى قىلغان ياكى قىزىل بولغان ئاق بولغان كوممۇنىست بولغان دەپ، ئۇنىڭ زامان مەجبۇرىيىتىدىن كىيىپ ئالغان قالپىقىغا قاراپ باھا بېرىدىغان، ئەڭ قالاق ناچار ئىللەت ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلالماي تويۇق يولغا كىرىپ قېلىۋاتىمىز؟؟؟

سۆزىمىزگە كەلسەك مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان رېسپۇبلىكا خەلقى، ئۆز رەھبەرلىرىنى سەن كوممۇنىست بولغان دەپ نادانلىق خۇراپىيلىق قىلىپ ئەيىبلىمىدى ھەم قارشى چىقمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللەت تەقدىرىنى ھەل قىلغۇچى ئامىل بولغان بىرلىك ئىتتىپاقلىقنى ساقلاپ قالالىدى!!!

سايوزنىڭ پارچىلىنىش ھادىسىسى پۈتۈن دۇنيا دىققىتىنى بولۇپمۇ خىتاي ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئاگاھلاندۇرۇش ئاچچىق ساۋاق سىگنالى بولۇش بىلەن خىتايدا بۇ ھادىسىنىڭ يۈز بېرىش ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تېخىمۇ قاتتىق بېسىم، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىگە مەلۇم بولسا كېرەك؟

سايوزنىڭ پارچىلىنىشىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان ئىدى. بىز خىتاينىڭ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا پارچىلىنىشىنى پات يېقىندا دەپ پەرەز قىلىپ ئۈمىدۋار بولۇپ كېلىۋاتىمىز؟ ئەگەر ھەممە نەرسە بىز ئويلىغاندەك بىز ئۈمىدۋار بولغىنىمىزدەك دېگىنىمىزچە بولسىغۇ گۈل ئۈستىگە گۈل قوشۇلۇپ كېتەتتى. بىراق زامان بىزگە باقمايدىغان ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بۈگۈنكى سىياسىي ئېقىم ۋەزىيىتىگە چوڭقۇرراق

قەغەز يولۋاس جاھانگىر دېگەن ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن بولسا، ئۇ قەغەز يولۋاس ئاتاقنى ئالغان جاھانگىر شۇ چاغدا تەيۋەن بوغۇزىدا، جۇڭگو سۇ تېررىتورىيىسىگە كىرىپ ئەتەي خىتاينىڭ چىشىغا تەگكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تېگىشكە پېتىنالماي ھەر قېتىمدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىپ يۈز قېتىملاپ ئېلان قىلىنغان نارازىلىق باياناتلىرى، ئامېرىكىنىڭ ئالدىغا قويغان شەرت پرىنسىپلىرىنى ئۆزگەرتەلمىگەن ھەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ؟

بىز ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ كۈچلۈك دولقۇن تەسىرى ئاستىدا دۆلەتلەر تۈرلۈك ساھەلەردە ئۆز-ئارا قويۇلۇۋاتقان ئىمزا، كېلىشىم، توختاملار كۈچى مەنپەئەتكە قارشى كېلىپ قالغان مەزگىللەردە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتتۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىمۇ يەھۇدىيلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىم تۈزۈلۈپ ئىمزا قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قارىماي يەھۇدىيلار خىلاپلىق قىلغان ئىدى؟

دېمەك بۇ شەكىل ئۈچۈن قويۇلۇۋاتقان ئىمزالار ھېچقاچان كۈچكە ئىگە بولالمىدى ھەم بولالمايدۇ؟! ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن دۆلەتلەر ئارا كېلىشىم توختام تۈزۈپ ئىمزا قويۇلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىياسەت بولغاچقا ئۇنىڭ ماھىيىتى ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق رەڭۋازلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە كىتاب توشتۇرۇپ ئولتۇرمايلى؟

بەزىبىر زىيالىيلىرىمىز ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈنمىكىن تاڭ؟ خىتاينى قەغەز يولۋاس دەپ دەللەشكە تىرىشىۋاتقىنىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىدىم، بەلكىم بۇمۇ ئۆز ئالدىغا بىر سىياسەت بولسا كېرەك؟...

ۋەتىنىمىز رۇسلارنىڭ رېسپۇبلىكىسى بولمىسىمۇ، ئۇلار خالىغىنىچە ئۆز پايدىسىغا پايدىلىنىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتتۇق. ئەمدى سايوز پارچىلانغاندىن كېيىن، خىتاي رۇسلارنىڭ ئورنىغا دەسسەپ چىقىپ ئېلىپ، ئورتا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى ئۆز قارمىقىدىكى ئۆلكىلەر رىتىدە رەھبەرلىك قىلىپ كېلىۋاتقىنى سىر بولمىسا كېرەك؟ كۆپىنچە كىشىلىرىمىز بۇ يېقىنچىلىقنىڭ سەۋەبىنى شۇ دۆلەت رەھبەرلىرى ياخشى چۈشىنەلمەيدۇ؟ دەپ ئويلاپ، بىر دۆلەتنى

ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت چۈچۈپكېتىپ قانۇنلىرىنى ئۆزگەرتكىنى يوق! بۇ خىلدىكى قورالسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نارازىلىق نامايىشلىرى، ھۆكۈمەت ئۈچۈن ھېچقانداق خەتەر تۇغدۇرمايدىغان، تىنچلىق شەكلىدە پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان، تەبىئىي ئىشلار بولغانلىقتىن، پۈتۈن يەر شارىدا بىر خىل بولۇپ، قۇشلارنى دان ئالدىيالىغاندەك، كىشىلەرنىمۇ سىياسەت قۇدرىتى، كىچىك باللارنى شاكىلات بېرىپ ئالدىغانغا ئوخشاش ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە ئوخشايدۇ؟

بۇ ئەھۋاللارنى قايتا ئەسلەپ ئۆتۈشىمىزدىكى مەقسەت، شۇ چاغدا ھەربىرىمىز قانداق كۆزقاراشتا بولدۇق. نېمىلەرنى دېمىدۇق، قانداق نادانلىق ئۈمىدلىرىنى قىلمىدۇق؟ ئامېرىكا ئېراققا بېسىپ كىرگەندىچۇ؟ سىڭدۈرۈلگەن رەزىل سىياسەت تەسىرىدىن، ئۆزىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، دىنىمىزنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالىدىقمۇ؟؟؟

شۇ چاغلاردىكى بىزدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان كۆزقاراشلارنى ئەسلەپ تىلغا ئېلىشىنىڭ ئۆزىمۇ دەھشەت نومۇس بولغاچقا، ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ،ھەربىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە ئېنىق باھا بېرىپ جۈملىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!؟

رۇسلار ئاۋغاننى بېسىپ ئېلىپ بۇ ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن قىلىنىۋاتقان خالىسانە ياردەم دېگەن سىياسىي تەشۋىقنى يۇرگۈزگەندە بىرمۇ ئادەم ئۇنى تاجاۋۇزچى دەپ چۈشەنمىدى؟ ئۇلار شۇ ياردەمگە موھتاجمىدى؟ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىچۇ؟ بىز بۇ پاجىئەگە ئاگىلىق چۈشەنچىدە بولدۇقمۇ ياكى ئاۋغاننى بېسىپ ئالغىچە بىزنى بېسىپ ئالغان بولسا ياخشى بولاتتى دەپ پاجىئەنى ئارمان قىلدۇقمۇ؟

رۇسلار، چېچەنلەر ئۆزئارا قورالىق توقۇنۇش قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كىرگەندە، ئۆز مەۋقە پوزىتسىيىسىدە قانداق تۇرالىدى؟ ھەممىمىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئىسلاھ قىلىپ بېقىشىمىزنى ئىلتىماس قىلىمەن!

سىياسىي تەشۋىقنىڭ تەسىرى ھەققىدە ـ ماۋ دەۋرىدە ئامېرىكا

ئۆز سىياسىتىنى بىزنىڭ پايدىمىزغا ئۆزگەرتىدۇ، ئاجىزلاپ كېتىدۇ، ياكى خەلقئارادىكى ئابرۇيىنى يوقۇتۇپ قويىدۇ دېگەن ئاجىز خاتا چۈشەنچىدىن ئۆزىمىزنى قەتئىي ئازاد قىلىشىمىز لازىم !؟

يېقىنقى تارىخ سەھىپىلىرىمىزدىكى ئىزلارغا نەزەر سالساق بولۇپمۇ 60 يىللاردىن 80_ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا خىتاي سوۋېت مۇناسىۋەتلىرى بۇزۇلۇپ دۈشمەنلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەنىدى. بۇ چاغلاردا كۆپلىگەن قېتىم كەسكىنلەشكەن ۋەزىيەتلەرگە دۇچار بولغىنى يەنى خىتاي رۇسلارنىڭ قويغان تەلەپ شەرتلىرىگە كۆنمەي چىچاڭشىغاندا، رۇسلار ھېچنەرسىنى بىلمىگەندەك چەتتە تۇرۇپ، ئۇيغۇرنىڭ قولى بىلەن خىتايىنى پاراكەندىچىلىككە سېلىپ ماقۇل كەلتۈرۈش ئۇسۇلى لېنىن قالدۇرۇپ كەتكەن مىراس بولغانلىقتىن، بۇ مەسىلىنى خىتايمۇ ئىنتايىن ياخشى چۈشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي «ئۇيغۇرىستان» ستالىننىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى سۈپىتىدە تونۇپ، تولۇق ئىشەنچلىك ئىگىدارچىلىق قىلىشتىن ئەندىشە قىلىپ ھەر دائىم ۋەھىمە قىلىپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئۆلگىسى قىلىپ 77_78_ يىللىرى بولسا كېرەك، خىتايلار سوۋېت بېسىپ كىرىدىكەن دەپ ئالدى كەينىگە قارىماي قاچقان ئىدى. نېمە ئۈچۈن؟ ئەھۋال ئەمەلىيەتتە ھەقىقى شۇنداقمىدى؟ ئەلۋەتتە شۇنداق ئىدى لېكىن بۇ مەخپىيەتلىك بولغانلىقىدىن سوۋېت چېگرا موداپىئە يۇقىرى قوماندانلىرىدىن باشقا ئوفېتسىرلەرمۇ گىراژدانلىق چوڭ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىمۇ بىلمەيتتى ھازىرغىچە بىلمەيدۇ. ئەجەبا بۇ شۇنچىلىك مەخپىيەتلىك ئۆز ۋاقتىدا خىتاي رازۋېتكىسىنىڭ ئېنىق ئىگەللىشى بىلەن پۈتۈن جۇڭگو خەلقىگە ئاشكارىلىنىپ قالدى؟ مانا بۇمۇ سىياسەت ئويۇنى بىلەن رازۋېدكا كۈچىنىڭ قۇدرىتىدۇر! تەپەككۇر!

بىرىنچىسى بۇ نۆۋەتلىك سۈيىقەستلىك ئۈچۈن ئۇيغۇرىستانغا رازۋېدكا خىزمەتلىرىنى كىرگۈزۈپ ئالدىنئالا ئەھۋالنى ئىگىلەپ بولغان

باشقۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئەقلى ئۆزىنىڭ بىلىمدانلىق چوڭقۇر، چوڭقۇر نادانلىقىدىن كام ئىكەنلىكىنى دەلىللەيمەن دەپ ئاۋارە بولۇشتىن قەتئىي ساقلىنىشى دۇنيا سىياسىتىنى چۈشەنگەنلىك بولۇپ ھەقىقى بىلىمدانلىق بولاتتى؟؟؟

مەسىلەن: باش پانايىمىز سانىلىپ كېلىۋاتقان تۈركىيە ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتا كۆيۈپ پەرياد ئۇرۇپ پانا ئىزدەپ زارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، تارىخى قېرىنداشلىرىنىڭ ھېسداشلىق بىلدۈرۈشكە موھتاج ئىكەنلىكىنى، ھېچبولمىغاندا ئاغزىدىكى بىر ئېغىز ساداسىغا تەشنا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆز قېرىندىشىنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈش بەدىلىگە، خىتايغا خۇشامەتچىلىك قىلىپ جاڭ زېمىنغا مېدال تاقاپ قويۇپ مۇسۇلمان تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ھادىسە يارىتىشقا جۈرئەت قىلالىدى...؟؟؟

بۇ دېگەنلىك تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە قانداق قىلىش ئىكەنلىكى توغرىسىدا يول-يورۇق كۆرسەتكەنلىك ياكى ئەيىبلىگەنلىك بولماستىن بەلكى قېرىنداشلىق سەممىي ساداقەتلىكىمىز بىلەن نارازىلىق پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقتۇر!؟ بۇ ھەقتە بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىز تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە دوكلات يوللىدى، مەتبۇئاتلىرىدا ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى، ئەيسا ئەپەندىمنىڭ يولىنى تۇتتى !ئۇنىڭغا جاۋابىنى بىز توختۇلۇۋاتقان تېما مەزمۇنىدا تەكىتلىنىۋاتقان سىياسىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئادەتتىكى دۇنيا سىياسىتىگە ئوخشاشلا، بەزىبىر ئەمەلدارلارنى بىز تەرەپ قىلىپ كۆرسىتىپ ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى؟ بىز ئۇنىڭغا ئىشىنىپ خۇشال بولۇپ كەتكەن بولساقمۇ، ئۇلارمۇ پۈتۈن دۇنيامۇ ئۆزىنىڭ تۇتقان سىياسىي يولىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىغا ئىشەنمەي كېلىۋاتىمىز؟؟؟

شۇنىڭغا ئوخشاشلا چەت ئەللەردە خىتايغا قارشى بولغان-دەۋايىمىزنى خەلقئارا مۇنبىرىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان پائالىيەت ھەم نامايىشلىرىمىز، باش تارتىپ بولمايدىغان ئەڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيەتلىرىمىز بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن خىتاي قورقۇپ كېتىپ

نادانلىقتىن قوتۇلدۇرۇپ، كۆزۈمنى ئېچىپ سىياسەتنىڭ يىلتىزىنى كۆرۈپ تۇتۇپ چۈشىنىپ ئېلىشىمغا شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئىكەن؟! بۇ ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكى تەمسىل بىلەن قوشۇمچە مىسال قىلىپ بېرەي:

-«بىر كېپىنەك بالىسىنىڭ ماڭا ئوخشاش تەلۋە گۆدەك چاغلىرى بولسا كېرەك، شىرغا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلار ئاجىزلىرىنى يەپ ياشايدۇ، قالغانلىرى نۆۋەت كەلگىچە ئەركىن ھايات كەچۈرىۋېرىدۇ دەپ ئويلاپ، شىرنىڭ ئالدىغا ياردەم سوراپ ھالىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ھەي شىر سەن جاڭگالنىڭ خوجايىنى، سەن ھەممىدىن قۇدرەتلىك، قارىماسەن بىگۇناھ ئانامنى بۆرە يەپ كېتىپ مەن يېتىم قالدىم. سەن ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئېلىپ بەرسەڭ، قانداق خىزمىتىڭ بولسا قىلىپ بەرسەم دېگەندە: شىر ئويلاپ قاپتۇ-دە، خۇدايىم بەرسە پەيغەمبىرىم غىڭ قىلالمايدىكەن راست! دېگەنمىش ؟ ئەمدى داۋاملىق رۇسلار ۋەتىنىمىزگە كىرگۈزگەنلەرنىڭ خىزمەت ئەقىدىلىرىنىڭ نەتىجىسى رۇسلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۇيغۇرنى قىرغىنچىلىقلارغا ئۇچراتت؟!

دېمەك بۇ كىچىك مىساللاردىن شۇنى خۇلاسە چىقىرىپ ئالالايمىزكى، ئاددى پۇقرالارنىڭ باشقا دۆلەتلەردىن ياردەم سوراشلىرى تېخى توختام كېلىشىم تۈزۈشكە ئىنتىلىشى ھېچقانداق رامكىغا سىغمايدىغان كۈلكىلىك مەسخىرە سىياسىي چۈشەنچە ئىكەن؟...

ھەقىقى تۈردىكى توختام كېلىشىملەر شۇ دۆلەتكە كاپالەتلىك قىلىدىغان ھوقۇقتا ئىگە رەھبەرلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىكەن. شۇنىڭدىمۇ ئۇ كېلىشىملەر %100 كاپالەتكە ئىگە بولالامدىكەن؟

دەل مۇشۇيىللىرى چەت ئەللەردىكى بەزىبىر زىيالىيلىرىمىز قۇدرەتلىك دۆلەتلەردىن ياردەم سوراش سالاھىيىتى يوق بولسىمۇ، خەت ئارقىلىق ئامېرىكا پرېزدېنتلىرىغا مۇراجەت قىلىپ ياردەم سورىغان ئىدى ئۇنىڭ جاۋابى سىلەر داھىيسى كۆپ چېچىلاڭغۇ مىللەت ئىكەنسىلەر دېگەن ئاتاقنى ئېلىش ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى؟

ھەقىقى چېچىلاڭغۇ مىللەت ئىكەنلىكىمىزگە بىر تال كىچىك

بولسىمۇ، بۇ ئوپېراتسىنى تەييارلىق تەدبىر تاكتىكا پىلانلىرى بىلەن چېگرا رايونلىرى جىددىيلەشكەن ھەربىي ھالەتتە كېچە-كۈندۈز موسكۋا بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تەييار تۇرغان ئىدى.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا خىتاي بۇ ئەھۋالنىڭ پەۋقۇلئاددە ئېغىرلىقىنى ئىگىلەپ ئالغاندىن كېيىن بىرېژنېۋنىڭ قويغان شەرتىگە بويسۇنماي باشقا ئامالنىڭ يوقلۇقىدىن ماقۇل كېلىشىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەربىي ھالەت ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، ۋەتىنىمىزگە سوۋېت تەۋەسىدىن مەخپىي ئوغرى يوللار ئارقىلىق داۋاملىق كىرگۈزۈلۈپ تۇرغانلار ساناقسىز ئىدى، ئۇلارنىڭ خىزمەت بېجىرىش مۇددىتى ھەم ۋەزىپىسى ھەرتۈرلۈك بولۇپ، ئاساسلىق تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى، بەلگىلەنگەن يەرلىك كىشىلەر ئارقىلىق خەلقنى خىتايغا قارشى قوزغىلاڭ ۋە نامايىش قىلىش ئۈچۈن، ھەر تۈرلۈك چوڭ-كىچىك ۋەقە، كەسكىنلەشكەن ۋەزىيەت تۇغدۇرۇش تەشۋىق يۈرگۈزۈپ قۇترىتىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېتلەر ئىتتىپاق قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان كىشىنىڭ ئۆزىلا بىلىشى شەرت قىلىنغان بولىدۇ...

ئەمدى ۋەتىنىمىزدىن ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا شۇ يوللار بىلەن سوۋېتكە چىققانلارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس بولۇپ، ئۇلارغا ھېچكىم ۋەزىپە بېرىپ تەربىيىلىمىگەن بولسىمۇ، ئەل ۋەتەن يولىدا كۆرەش قىلىمەن دەپ سوۋېتتىن ياردەم، قورال-ياراغ سوراش مەقسىتى بىلەن چىققان ئىدى، بۇ سىياسىي چۈشەنچە ئۈچۈن، ئۆزۈمنى مىسال قىلسام بەزىبىر رومان كىتابلاردىكى تەسۋىرلەنگەن ھېكايىلەردىن، خەلق ئاغزىدىن ئاڭلاپ ئالغان سۆزلەر تەسىرىدىن سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيە بولۇشى مۇمكىن؟ ئەمما ئەمەلىيەتتە مۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك بوۋاق بالىنىڭ چۈشەنچىسى بولغانلىقتىن پايدا ئورنىغا زىيان كەلتۈرگەن ئىدى؟... مەن ئۆزۈممۇ ئەنە شۇ قارا قورساقلار قاتارىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ئۈلگىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بىھوش قىلىنغان بەغەرەز ھەم تەماخورلىقىمنىڭ ئاقىۋىتى ئەڭ ئۈچىغا چىققان نادانلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ بەرگەن ئىدى؟ بىراق ئۇ يولدا ئۆتكەن ئۆمرۈم

ئىچىگە پاتماي قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كېتىشى ئەمەلىيەت ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم؟
ئەيسا ئەپەندىمۇ ئۆز ئۆمۈردە بەندىچىلىك خاتالىقلاردىن خالىي بولمىغىنى سىر ئەمەستۇر، ئەمما مۇنداق چوڭ نۇقتىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ھاماقەتلىككە ھەرگىزمۇ يول قويمىغان، ھەقىقى داھىيلىق سالاھىيىتىگە لايىق مەۋقەلىك مەردانە ئەرباب ئىدى!
ئەمدى خەلقىمىز ئۇنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ھەم خەلق ئۈچۈن ئىچ كۆيدۈرۈپ قىلغان جان پىداكارلىقىنى قانداق چۈشەندى؟ ئۇنىڭ ئۆز خەلقىنى ئويغۇتۇشى ئۈچۈن ئەل ۋەتەن يولىدا جان تىكىپ قوشقان تۆھپىلىرىگە ھېسداشلىق قىلىپ مەدەت بېرىشنىڭ ئورنىغا كوچىدا سۆرىلىپ يۈرگەن قالاق كىشىلەرنىڭ سەپسەتەلىرىگە ئۇسۇل ئويناپ نادانلىق تولۇپ-تاشقان تۆھمەت ئوقلىرى بىلەن ئېتىپ ۋاپاسىزلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ كەلدى؟
ئەيسا ئەپەندىم ئېچىنارلىق ھالەتتە زەھەرلىنىپ كەتكەن ساددا خەلقىنىڭ سىياسىي چۈشەنچىسىنى ئىنتايىن ياخشى بىلگەنلىكىدىن، ئۆز خەلقىنى ئەيىبلىمىدى ھەم رەنجىمىدى! بۇ ئەھۋاللارنى پەقەتلا سىياسىي تەسىرنىڭ خارابلاشقان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى دەپ ئاڭلىق چۈشەندى!؟
ئەيسا ئەپەندىم بالىلىرىغا قىلغان نەسىھەتلىرىدىمۇ، «بالىلىرىم تەنقىدلەشنىڭ ئۆزىمۇ دېموكراتىيىنىڭ بىر شەكلى، ئەگەر ئىنسانلار ئۆز كامچىلىقىنى چوڭ، باشقىلارنىڭكىنى كىچىك كۆرۈشنى ئۆگەنمىسە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلالمايدۇ! ئەگەر سىلەر بۇ يېقىن كىشىلەرنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا، تۆھمەت ئەيىبلەشلىرىگە رەددىيە بېرىشكە ئۇرۇنساڭلار، ئۇ چاغدا سىلەرمۇ ئاشۇ كىشىلەردەك ئەينى سەۋىيىگە چۈشۈپ قالىسىلەر!؟ ئۇ كىشىلەرگە قارىتا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك!!!» دەپ دانا ئۆچمەس سۆزلەرنى ۋەسىيەتنامە قىلىپ قالدۇرغان ئىدى!
بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ «جاپا قىلغۇچىغا ۋاپا قىلىۋەرگىن،

مىسال غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان خەلقىمىز شۇ دۆلەتلەرنىڭ پۈتۈن شەھەرىگە چېچىلىپ تارىلىپ كېتىپ ياشىغاننى تاللاپ ئېلىپ، ھېچبولمىغاندا بىر شەھەردە، مۇمكىن بولسا بىر مەھەللە شەكىلدە جامائەت بولۇپ ياشاشنى ئۈنتۈپ قېلىش، مىللەتنىڭ خاراكتېر سەۋىيىسىنى ئىپادىلىگەنلىكتۇر!؟

شۇ مەزگىللەرنىڭ بىرىدە بىرىنچى خىتايىنى ئۆزىنىڭ شەرتىگە كۆندۈرمەكچى بولغان ئويۇننى، مۇھاجىرلىقتا **ئۇيغۇر** خەلقىگە ھوقۇقلۇق ۋاكالەتلىك قىلىپ ۋەتەن دەۋاسىنى قىلىۋاتقان ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىننىڭ ئۇيغۇرىستان ھۆكۈمەت ۋەكىلى ھۆرمىتىدىن پايدىلانماقچى بولۇپ، بۇ مەسىلىنى قوللاپ كېلىۋاتقان **ئۇيغۇر** زىيالىي ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىدۇ.

ئەپسۇسكى بۇ نۆۋەتلىك ئوپېراتسىيە ئۇسۇلى رۇسلارنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلاپ چىقالمىدى؟ چۈنكى ھەرقانداق ئۇچار قانات ھايۋانلارمۇ جىندا ئۈگۈشسىزلىق خەتەرگە ئۇچرىغان جايغا كەلگەندە دىققەت قىلىپ ھوشىنى تېپىپ ئېلىپ ئۈنىگغا يېقىن كەلمەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ ئەيسا ئەپەندىم چوڭقۇر بىلىملىك ھەر تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك بولۇپلا قالماستىن، سىياسىي جەھەتتىنمۇ ئالىي دەرىجىلىك ئۇستۇنلۇككە ئىگە بۈيۈك زات سۈپىتى بىلەن، مۇنداق تەكرارلىنىۋاتقان تولىمۇ ئاددى سىياسەت ماھىيىتىنى ھەم ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ھېچقانداق تەھلىل مۇنازىرىسىز كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بولۇپ، دۈشمەننىڭ بۇ كونا ئۇسۇل پەدە سادىسىنىڭ تەكلىپىگە، يۈكسەك ئىلمى سىياسىي قىممىتىگە ئىگە تەگدىشى يوق ئەقىل-پاراسەت جاسارەتلىكى بىلەن دادىل پىكىر بىرىپ رەت قىلغانلىقى ،خەلقىمىزنى ئۆزۈن مۇددەتلىك پىلان قىلىنغان قىرغىنچىلىق پاجىئەسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىدى!؟

مۇبادا بۇ مېھرى شەپقەتلىك، ئالىيجاناب غەمخورلۇق تەكلىپنى، كېچە-كۈندۈز ئاززۇ قىلىپ ئىنتىزارلىقتا يېتەلمەيۋاتقان سىياسىي چۈشەنچىسى نۆل بۆگۈنكى ۋەتەنپەرۋەرلەرگە قويغان بولسا خۇشاللىقى

ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇق ئۆلچىمىنىڭ ئارىلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا تىرىشىۋاتىمەن؟!

پەلەك ھۆكۈمى شۇنداقمىكىن مەنپەئەت بارلىق ئىنسانلار ئۈچۈن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىكەن؟ رۇسلارمۇ شۇ پرىنسىپ يولىدىن سىرتقا چىقالماي، ۋەتىنىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتىنىڭ ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتىنىڭ قۇلايلىق ھەم مۇھىم تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز رېسپۇبلىكىسى بولغىنىدىن كۆرە، تاشقى كۆرۈنۈشتە خىتايغا گۆرۈگە قويۇلغان خەلق سۈپىتىدە، ئەمەلىيەتتە ئۆز بىخەتەرلىكىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا ئۇيغۇرنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇ خەلقنى ئۆزىنى قوغداپ تۇرىدىغان سېپىل ھەم قالقان قىلىپ ئىشلىتىشنى ئەۋزەل ساناپ كەلگەن ئىدى...؟؟؟

ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستان ئەزەلدىن غەرب دۆلەتلىرىنىڭمۇ نەزىرىنى جەلپ قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ رۇسلار تۈرلۈك توسالغۇلۇقلارنى قىلىپ يول قويمىغان ئىدى؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دۆلەتلەر يىراقتا تۇرۇپ ئاڭلىنىشتا ئىنتايىن ئورۇنلۇق پىكىر تەكلىپلىرىنى قويۇپ «ئۇيغۇرىستاندا نەقەدەر زۇلۇم قاتتىق بولسا، نېمە ئۈچۈن زۇلۇمغا قارشى جەلپ قىلغۇدەك بىرەر ھەرىكەت يوق» دېگىنى، ئۇلارنى جەلپ قىلىپ تەكلىپ قىلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ؟ ئەگەر ئۇلار بىز بىلەن چېگرىداش بولغان بولسا، بۇ غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش رۇسلارنىڭكىدەك ئوڭايغا توختىلاتتى، مۇنداق ئىنسانپەرۋەرلىكنىمۇ قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ كەتمەيتتى؟ ئەگەر ھەقىقى شۇ نىيەت بولغان بولسا ئالدى بىلەن خەلقئارا سەھنىسىدە خىتايغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئەيىبلەپ، ئادەتتىكىدەك بىزنى ئىشەندۈرۈپ قايىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىرغىنچىلىقتا ئۇچۇرتۇپ تاماشىمىزنى كۆرگەن بولسا، بەلكىم بىز يەنىلا ئالدىنىپ قالار ئىدۇق؟؟؟

ئەپسۇسكى بۇ خىلدىكى غەمخورلۇق قاپقىنىغا چۈشۈپ ئالدانغان **ئۇيغۇرلار** ئۆچمەس ۋەسىيەتلىرىنى قالدۇرۇپ ئۆزلىرى يەر ئاستىدا ھەسرەت چېكىپ پۇشايمان قىلىپ ياتىدۇ ئەمەسمۇ؟

بىز ھەممىمىز تارىخلارنى ئوقۇدۇق ياخشى بىلىمىز، شۇنداق ئىكەن

مەرد كىشى ۋاپا قىلىدۇ، يامانلار جاپا قىلىدۇ، كىمگە ۋاپا قىلساڭ، جاپاچى تەييياردۇر، ئۇ سېنى يامانلىق بىلەن پەرياد، نادامەت چەكتۈرىدۇ «دەپ ئېيتقان ئىدى. ئەلىشىر ناۋايى بولسا: -«نامەرد قانداق بىمەنە گەپلەرنى ئېيتمايدۇ، توخۇ قانداق نىجاسەتلەرنى يېمەيدۇ؟ ياخشىلارنىڭ نىيىتى سۆزىنىڭ مەنىسىدە، چاكىنا پەس ئادەم ماختانغىنى بىلەن بۈيۈك بولالماس! ئۆچكە يۇڭگۇرگىنى بىلەن كېيىك بولالماس!؟ ئەگەر ئىنسانلاردا ئەقىل ئوخشاش بولسا، خەلقنىڭ غېمىنى قىلىپ كېتىشۋاتقان كىشىگە ھاۋشىمايتتى» دەپ بىلگەندەك بىزگە قارىتىپ ۋەسىيەت قالدۇرغان ھە؟

سۆزىمىز خەلقىمىزنىڭ بېشىغا كېلىشۋاتقان بالايى ئاپەت سىياسىي چۈشەنچىنىڭ ئاجىزلىقى ئىكەنلىكى ھەققىدە يەنە بىر مىسال.

68ـ70ـ يىللىرى بىرىنچى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قارشى قوزغۇتۇپ ئۆز پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ۋەتىنىمىزگە چېگرىداش رايونلارنىڭ بىرىدە «ۋەتەننى قۇتقۇزۇش رادىئو ئىستانسىسىنى» قۇرغان ئىدى. ئۇ رادىئو ئىستانسىسى خادىملىرى، ۋەتەندىن چىقىپ قازاقىستانغا ئورناقلىشىپ قالغان، سىياسىي چۈشەنچىسى ئېچىلمىغان، زىيالىيلارنى جەلپ قىلىش ئارقىلىق، تەشۋىق ئېلىپ باراتتى. گويا كۈچلۈك بىر قۇدرەتكە ئىگە بۇ رادىئو ئىستانسىسى ۋەتىنىمىزنىڭ تاغلىرىدا قورال‌لىق پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ نامىدىن بۇگۈن ئەتە بېسىپ كىرىدىغان ھالەتتە تەييار ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ خەلقنىڭ قوزغىلىش ئۈچۈن تەييار بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۇراتتى. نېمە ئۈچۈن رۇسلار شۇنچىلىك ئاۋارە بولۇپ كېتىدۇ؟ بەلكىم ئىنساۋىغا كېلىپ ئۇيغۇرنى ئازاد قىلغۇسى كېلىپ قالغانمۇ؟ ياكى بەزىبىر تەنتەكلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالايدىغان بۇ خىل مەككارلىق ئۇسۇلى بىلەن نۆۋەتلىك سۇيىقەستلىكىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانمىدى؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟ زادى رۇسلار ئۇيغۇرلارنى شۇنچىلىك ئۆچ كۆرەمدۇ؟ ياق! ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن؟ مانا مۇشۇ نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئال قىيىنماسلىقى ئۈچۈن سىياسەت دېگەن نېمە؟ دېگەن تېما ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ

بۇ يەردە يۈز بەرگەن ھەربىر ۋەقە ئۈستىدە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز يەنى 1962ـ يىلى 29ـ ماي غۇلجا ۋەقەسى 69ـ يىلى ئاخۇنوپ يېتەكچىلىكىدىكى قەشقەر ئىنقىلابى 97ـ يىلى 5ـ6ـ فېۋرال غۇلجا ۋەقەسى، 90ـ يىل ئاپرېل بارىن ۋەقەسى قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك قوزغىلاڭ، تۆرلۈك نامايىش قىرغىنچىلىقلارنىڭ كېلىپ ـ چىقىش مەنبەسى تاشقى كۈچنىڭ داۋاملىق تاماشا كۆرۈپ كېلىۋاتقان ئويۇنى ئىكەنلىكىگە گۇمانلانساق، تا ئەبەد سىياسەتكە ئالدىنىشنى ئەنئەنە قىلىپ ئالىمەن دېگەنلىك بولۇپ قالىدۇ دەپ شۈبھىسىز ھۆكۈم چىقىرالايمىز!

ئۇنىڭ ئۈچۈن بارىن ۋەقەسىگە مۇنازىرە يۈرگۈزۈپ كۆرەيلى. بارىن ۋەقەسىگە يول باشچىلىق قىلغان زەيىندىن يۈسۈپ ئۆز سەپداشلىرىغا بەرگەن جاۋابىدا پۇلنى بايلاردىن ئالىمىز. قورالنى دۈشمەندىن دېگەن سۆزى قايسى دۈشمەننى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلغان سۆز؟ ئۇ دۈشمەن قورال بىلەن تەمىنلەشكە ۋەدە بېرىپ ئىشەندۈرمىگەن بولمىسا بۇ سۆز نېمىگە ئاساسلىنىپ چىقىشى مۇمكىن؟ مەن بۇ سۆزنى پاكىت ـ دەلىل دەپ ھېسابلاشتىن ساقلىنىمەن! بۇ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن پەرەز قىلىشنى ئىلتىماس قىلىپ قويۇلۇۋاتقان سوئال! ئەسلى بەزىبىر مەنبەلەرنىڭ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشىچە... ھەممىسى رۇسلارنىڭ قولى دەپ ئۇچۇق ئېيتالايمىز!

ئەگەر سىياسەتكە قىزىققۇچى ئەزىمەتلىرىمىز دۇنيا سىياسىتىنىڭ نېگىزىنى ئوڭاي يول بىلەن چۈشىنىپ ئېلىشنى خالىسا، ھەممىمىز ياخشى بىلىپ كېلىۋاتقان كانادا گىراژدانى ھۈسەنجان جېلىل تاشكەنتتە قولغا ئېلىنغان كۈندىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە سوتلانغان كۈنگىچە ئۆتكەن جەريانلارنىڭ ھەر بىرىگە، قايسى دۆلەت قايسى خىلدا رەڭلىك سىياسىي تەشۋىق تەرغىباتلارنى كىشلەر قايىل بولغىدەك دەرىجىدە ئېلىپ بارالىدى؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن؟ سەرپ قىلىنىۋاتقان مەبلەغ ۋاقىت دىققەت ئېتىبارىنى ئايىمىدى؟؟؟

ئەجەبا، بىر دۆلەت خەلقنى سىياسەت بىلەن قايىل قىلىپ كېلىۋاتقان ھۆكۈمەت، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولارىنى چۈشىنەلمەي

تارىخ ئۆز پېتىنى بۇرماي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقىنىنىمۇ ئىنتايىن ياخشى چۈشىنىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ھەقتە ۋەتەنپەرۋەر ئەربابلىرىمىزدىن بولغان سۆيۈملۈك غۇلامىدىن ئەخمەت پاختا ئەپەندىم مۇنداق دەيدۇ «بىزنىڭ تارىخلىرىمىز ناھايىتى ئۇلۇغ، شانلىق تارىخلىرىمىزنى يەپ، شۇمەپ شوراپ شېرىن لەززىتىدىن ھۇزۇرلىنىۋەرمەيلى! كەچكىچە شوراپ شۇمەپ يۇرىۋەرسەك ئۇنىڭ تەمىمۇ لەززىتىمۇ قالمايدۇ! ئۇ شانلىق تارىخىمىزنى ئۈلگە قىلىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۆزىنى قوغداش ئىزىنى بويلاپ ئىلىم-مەرىپەت، ھۈنەر-سەنئەت، پەن-تېخنىكا بابىدا يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم!» دېگەن يالقۇنلۇق سۆزلەرنى ئېيتقان ئىدى.

بىز تارىخلىرىمىزدىن ساۋاق ئالماي مۇستەملىكچىلەردىن ئاغرىنىپ زارلىنىپ شىكايەت قىلغىنىمىزدىن بۈگۈنگىچە ھېچقانداق پايدا چىقمىدى؟ دېمەك بىزمۇ ئۇلار ئۇستىمىزدىن غالىب چىقىشىدىكى ئەقىل تەدبىر تاكتىكىلىرىنى ۋە باش ئەگدۇرەلەيدىغان جاسارەت ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ ئېلىشىمىز زۆرۈر ئىكەن!

بىز بىرلىك تۇغى ئاستىدا ئۆزىمىزگە يولۇنۇپ كۈرەش قىلىشنى كومپاس قىلىپ ئالغاندا ھەرقاچان غالىب چىققان ئىدۇق، ياتنىڭ ياردىمى ئاستىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدۇق؟ ئالداندۇق؟! بۇ يەرگە بىر كۇپلېت شېئىرىمنى قېتىپ ئۆتۈپ كەتمەكچىمەن.

ھايات مامات جەڭ ھەم مۈشكۈل سەپەر ئىكەن،
ئاچماق توساق يوللار بەك كۆپ ئۇچرايدىكەن.
دىندىن ئازساڭ، ئەقىل زەپ ئادىشىدىكەن،
ئۇ يول كۈرەسەتكۈچ نەق چولپان كومپاس ئىكەن!

بىز جەڭگىۋارلىق ھوشيارلىقىمىزنى جانلاندۇرۇپ بېرىدىغان ئىسلام ئەقىدىسىنى تولۇق جارى قىلالمىغانلىقىمىزدىن، چىن رېئاللىقتىكى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە چۆكۈنەلمەي ئىستىقلال يولىدىن ئېزىپ كېتىۋاتىمىز؟؟؟

ئىزدەپ يۈرگەن تىزىمدىكى مۇھىم ئادەملەرنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ چوڭ مەسىلىگە سەل قاراپ ئۇنى قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىق بەرگەن بىلەن باراۋەر بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ سودا ئالاقە بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ» دەپ ھەق گەپنى ئېيتقاندا مەن بىلەن بىللە ئاڭلىغۇچىلار، ئۇ كىشىنىڭ يۈزىگە ـ مانا بۇ ھەقىقى خىتاينىڭ ئادىمى ئىكەن جۇمۇ، خىتاينى ئۇچۇق قوللاۋاتىدۇ دەپ قارىشى چىققان ئىدى.

قانداق خەلق بىز ھە؟ ئۆزىمىزنى ئالداپ كۆن كەچۈرمەسلىكىمىز ئۈچۈن، ھەقنى يوشۇرماي ئېيتساقمۇ، خىتاينىڭ ئادىمى بولۇپ قالساق، يالغانچىلىق ئالدامچىلىقا كۆمۈلۈپ قېلىپ ھەقنى تونۇشنى خالىمىساق؟ يەنە قايتا ھەم تەكرار تەسىر قىلمىسىمۇ، ئالىملارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە مۇراجەت قىلىپ كۆرەيلى! يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تەرسالار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ بىرىنچىسى تۇغما، ئۇنىڭغا داۋا يوق! ئۇلار دۇنيا ئۈچۈن بالا خەلق ئۈچۈن جۇتتۇر! يەنە بىرى تەقلىد يولى بىلەن بولغانلار، بۇلارنىڭ دوستلىرى ياخشى بولسا ياخشى بولغا ماڭىدۇ، ياخشى يامانغا قېتىلىپ يۈرسە ئەقىل بولسا توغرا يولنى تاللاپ ئالالايدۇ!» دېگەن ئىدى.

ئەلىشىر ناۋايى «يامانىنى يامان، ياخشىنى ياخشى دەپ بىل، ئەگەر يامانىنى ياخشى دەپ گۇمان قىلساڭ ياخشىنى ھەم يامان دەپ قالىسەن! راست سۆزدە پاساھەت بولمىسىمۇ، راستچىللىقىنىڭ ئۆزى ئۇ سۆزنىڭ زىننىتىدۇر! راست سۆز قانچە تەكەللۇپسىز ئېيتىلسىمۇ، ئىبارىنىڭ سادىقلىقى بىلەن قايىل قىلىش كۈچى ئازايمايدۇ! يالغانچى سۆزنى ياساپ ئېيتقانسېرى ئۇنىڭ سۆزى خۇنۇكلىشىدۇ! يالغان سۆزگە ئەقىلسىزلەر ئىشىنىدۇ!!! (يالغان سۆز دېگىنى بەلكىم سىياسەتمۇ بولۇش كېرەك) ئەبۇ نەسىر فارابى «بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئادەملەر بىر-بىرىگە ياردەم قىلىشىپ توغرا چۈشىنىدىغان بولسا، پۈتۈن يەر يۈزى پەزىلەتلىك بولۇپ قالاتتى!!!» پاھ نېمىدېگەن يالقۇنلۇق، نېمىدېگەن يارقىن، نېمىدېگەن بىزنىڭ ھاياتىمىزغا شىپالىق كىسلورود ئىكەن بۇ سۆزلەر!!!

خىتايغا ئادۋوكاتلارنى ئەۋەتتىمۇ؟ بۇ سوئالغا بەزىمىز بىردەكلا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولارىنى بىلمىدى ـ دەپ جاۋاب بېرىمىز! سىياسەت يۈرگۈزۈشىنىڭ مەقسىتىمۇ دەل مۇشۇ جاۋابنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىدۇ ئەمەسمۇ؟ چۈنكى سىياسەت ھەرقانداق ئۇسۇل ئويناشنى بىلمەيدىغانلارنىمۇ بۇ ئويۇنغا دەسسىتەلەيدىغان قۇدرەتكە ئىگە مۇزىكا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىمىز؟

شۇ مەزگىللەردە ھەربىرىمىز قانداق چۈشەنچە قانداق كۆزقاراش قانداق ئۈمىدۋارلىق ئوي-پىكىر خىياللارنى قىلغىنىمىزنى ئەسلەپ كۆرۈپ، بۈگۈنكى ئەمەلىيەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتەلىگەن بولساق، باشتىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى يېزىپ قەغەز بوياشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى. تەكرارلىماقچىمەنكى سىياسەتنىڭ سەھنە كۆرۈنۈشى قىزىقارلىق ئىسپېكتاكىل، تەشۋىق ئۇنىڭ رولىنى ئوينىغۇچى ئارتىستۇر! ئۇنى دەسمى قىلىپ ئالغان كىشى تۈگەشكەنلىك بولۇپ مىللەتكە زىيانكەشلىك رولىنى ئوينىغانلىق بولىدۇ!؟

مەن بۇ مەسىلىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ئاڭلىتىشلاردىكى ۋە كىشىلەرنىڭ كۆزقاراش پەرەز قىلىش سىياسىي چۈشەنچىلىرىنى ئاڭلاپ بىلىشكە ئىنتايىن قىزىقتىم؟ چۈنكى خەلقىمىزنىڭ سىياسىي چۈشەنچىسىدە ئۆزگىرىش ئىلگىرىلەش بارمۇ ياكى تېخىچە شۇ بۇرۇنقى قېلىپتىن چىقالمىدىمۇ؟ شۇنى بىلگۈم كېلەتتى... كۆپلىرىمىزنىڭ كۆزقارىشى ئەگەر قايتۇرۇپ بەرمىسە كانادا ھۆكۈمىتى سودا ئالاقىنى توختىتىپ قويىدىغان بولدى، دېگەن كۆلكىلىك سىياسىي كۆزقاراش چۈشەنچىسىدە بولدۇق. مەن ھۈسەنجان جېلىل توغرىسىدا مۇنازىرە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ پىكىرى ھېچكىمنىڭ پىكىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىپادە بىلدۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بىرىنچى دەيدۇ «ئۇ خىتاينىڭ قولىغا چۈشكەن ئەنگۈشتەر، ئۇنىڭغا قانچىلىك بەدەل تەلەپ قىلىنىسمۇ كانادا ياكى ئۆزبېكىستان ھۆكۈمەتلىرى بىلەن يەك ئىچىدە كېلىشىپ ئالىدۇ» دېگەن بولسا، ئىككىنچىسى «ھۈسەنجان جېلىل خىتاي

باتۇر ئوقۇمىغان باتۇرلاردىن بولغاچقا قارا ھەم سېرىق ئىتلاردىن باشقا رەڭلىك ئىتلارنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر ئېتەلمىگەن بولسا كېرەك؟

1984 ـ يىلى ۋەتەنگە بارغىنىمدا جىلىيۇزدىن غۇلجىغا كېتىۋاتقان بىر ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇۋالغان ئىدۇق. بۇ بوۋاي ھال سورۇشۇپ بولغاندىن كېيىن رۇسلار توغرىسىدا سوراپ قالدى، مەن رۇسلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپ، قاراڭ، چوڭ دادا رۇسلار بىر ئاز قوپاللىراق كېلىدۇ بىراق ھەرقانداق سۆزنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېيتىشىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن خىتايلار يۇمشاقراق ھەم سىلىق كېلىدىكەنۇ، مەقسەتنى ئوچۇق ئېيتماي يوپۇرۇپ سىلىقلاپ ئېيتىدىكەن؟ مەن 22 يىل چېگرا يېپىق بولۇپ، دەسلەپ چېگرانىڭ ئېچىلىشى بىلەن بىرىنچى بولۇپ ئۆتكەنلىكىم ئۈچۈنمىكىن؟ خىتاي تاموژنا خىزمەتچىلىرى مېنى خۇددى بىر بىرىنچىنى كۆتۈپ ئالغاندەك قىزغىن مۇناسىۋەتتە خۇشامەت قىلىشىپ قارشى ئېلىۋالدى. رۇسلارنىڭ تاموژنىسىدا بىرلا رۇس ئادىمى ئىشلەيدىكەن. خىتاي تاموژنىسىدا ئوتتۇزدەك خىتاينى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى رۇسچە ھەم ئۇيغۇرچىنى ئۆز تىلىدەك سۆزلىگەنلىرىگە ھەيران قالدىم...

ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈش بولسىمۇ، رۇسلارغا ئوخشاش سومكىنىڭ ئۈچەي باغرىنى چۇۋۇپ تاشلاپ، سومكىلارنى ئېچىپ تەكشۈرمىدى. پەقەتلا ئوچۇق سومكىدىكى پاچكىلىق ئاق مايغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، نېمە قىلارنى بىلمەي ئۆزئارا ئۇزۇندىن ئۇزۇن باش قاتۇرۇپ سۆزلىشىپ كېتىشتى. مېنىڭ چۈشۈنىشىمچە ئۇلار بۇ مايلارنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىر مەخپىيەتلىك بار دېگەن قارارغا كېلىشىپ، ئاخىر ماڭا كېلىپ، ناھايىتى سىلىقلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، خاپا بولمىسىڭىز بۇ ماينى سىزگە ئېرىتىپ بەرسەك، بولمىسا بۇ ئىسسىقتا بۇزۇلۇپ قېلىپ مەسىلە چىقىشى مۇمكىن دەپ گەپ ياسىدى. مەن قارشىلىق بىلدۈرمىدىم... دەپ رۇس بىلەن خىتاينىڭ تۈزۈمى بىر بولسىمۇ، ئىككىسىنىڭ ئىككى ئوخشىماس دۇنيا ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، شۇنىڭغا قارىغاندا خىتايلار يۇمشاق كېلىدىغان ئوخشايدۇ دېسەم بۇ بوۋاي دىققەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇپ، بىر

دېمەك، دۆلەتلەر ئارا سودا مۇناسىۋەت ئالاقىلىرىنى ھېچقانداق دۆلەت سىياسىي مەسىلىلەرگە ئارىلاشتۇرمايدۇ! سىياسىي مەسىلىلەر سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بىلەن ھەل قىلىنىدۇ!

ئەگەر كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا خىتاي ئىزدەپ يۈرگەن خىتاي گراژدانى بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ باھاسى، مۇھىملىقى، ھۇسەنجان جىلىل بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە بولۇپ ئۇنىڭ شەرتلىرىگە توغرا كېلىپ بىر-بىرىگە قايتۇرۇپ بېرىپ تېگىشكەن ھالەتتىمۇ، ئۇ مەخپىيەتلىك ئەينى بويىچە ئېلان قىلىنمايدۇ!

ئاخبارات تەشۋىقلاردا قانداق ياسىلىپ ئېلان قىلىنسا شۇنى راست دەپ يۈرىۋېرىمىز؟ نېمىسلار ستالىنىنىڭ ئوغلىنى ئەسىرگە ئالغاندا، ستالىنىنىڭ قولىدا ئەسىردە تۇرغان، گىتلېر ئۈچۈن مۇھىم نېمىس گېنېرالىغا تېگىشمەكچى بولغان تەكلىپنى قويىدۇ. ستالىن بۇ سىياسىي مەسىلىنى ئاتا-بالىلىق ياكى ھەرقانداق مەنپەئەتكە ئارىلاشتۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، «گېنېرالنى ئاددىي سالداتقا تېگىشمەيمەن» دەپ كەسكىن جاۋاب بەرگەن ئىدى؟ (بۇ مەزگىل گېتلېرنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ستالىندىن ئۇيغۇرنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى).

ۋەھالەنكى بۈگۈنكى ۋەزىيەت شارائىتىدا خىتاينىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان بىرلىك، مۇقىملىق، پۈتۈنلۈك دېگەنگە ئوخشاش، داغلىق ئاخباراتلىرىنىڭ نېگىزى كېڭەيمىچىلىك زامانىۋى تاجاۋۇزچىلىق ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئالالىدۇق. بىراق نەق شۇنىڭدىن پەرقلەنمەيدىغان باشقا دۆلەتلەرنىڭ سىرلىق سىياسەتلىرىنىڭ ماھىيىتىنىمۇ چۈشىنىپ ئېلىشىمىز ئىنتايىن مۇشكۇل مەسىلىگە ئايلىنىپ كەلمەكتە؟ ئەسلىدە سىياسەت يۈرگۈزۈش مەقستى ھەم نەق شۇنداق چۈشەنچىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟

1946 - يىلى غېنى باتۇر ستالىن تەكلىپى بويىچە ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا بولغان ئىدى. ستالىن غېنى باتۇردىن «سىزنىڭ خىتاي ھەم رۇسلارغا بولغان كۆزقارىشىڭىز قانداق؟» دەپ سورىغاندا «قارا ئىت سېرىق ئىت ئوخشاشلا بىر ئىت» دەپ كۈتۈلمىگەن جاۋابنى بەرگەنىكەن. غېنى

ئۇچۇن قىلىۋاتقان دىققەت ئېتىبارىنىڭ بىرنەچچە ئۇن مىڭدىن بىرىنى بىلدۈرۈپ قويمايۋاتقىنىنى قايسى كىشىلىك ھوقۇق؟ قانداق دېموكراتىيە؟ قايسى ئادىللىق؟ قانداق سىياسەت؟ دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ؟ بىز، بىر ئىنسانغۇ؟ بىزنىڭ جاڭگالدىكى ئېيىقچىلىكمۇ ئېتىبارىمىز يوقمۇ ؟ ئاھ خۇدا!...

ھە راست، ماۋ زېدۇڭمۇ ۋەتىنىمىزنى جاڭكەيشى زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىپ بەرگەندە، گومىنداڭ زۇلۇمىنىڭ بەدىلىنى بىز كوممۇنىستلار تۆلەپ بىرنەچچە يىلدىن كېيىن چىقىپ كېتىمىز. دەپ مېھرىبانلىق قىلغان ئىدى. لېكىن **ئۇيغۇر** خەلقىنى يېتىم قالدۇرۇشقا كۆزى قىيماي، پېتىنالماي بۇگۈنگىچە ئىنسانپەرۋەرلىك خالىسانە ياردەم قولىنى ئۈزمەي رەھىمدىللىق قىلىپ كېلىۋاتقىنىنى مەن ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئەمما سىزنىڭ پادىشاھىڭىز ئەمرى ۋاجىپ دېگىنىڭىز تېخى ئېسىمدىن چىقمىدى كەچۈرىسىز، دېسەممۇ بوي بەرمەي ئاغزى ئېچىلىپ كۆزى يۇمۇلۇپ، ئۆزىنىڭ چېكىدىن ئاشقان سىياسىي كور ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېچىپ كۆرسەتمەكچى بولدىمىكىن؟ «ھەي قاپاقۋاش سەن قارىغۇ ئوخشىمامسەن؟ كۆرسەن! ئامېرىكا ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقىغا قىزىقىپ پات يېقىندا خىتاينىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ قويىدۇ. بىزنى ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقى ھۆرلۈككە يەتكۈزىدۇ. بىلەمسەن، ئەسلى نۆۋەت بىزگە كەلگەندە ئىراق دېگەن ئىپلاسنىڭ مەسلىسى پۈتلىكاشاڭ بولۇپ، تەقدىرىمىزنى ئۇن يىل كەينىگە سوزۇۋەتتى... ئامېرىكا ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئىنسانپەرۋەرلىك ئادىللىقى بىلەن ئىراق ۋە باشقا دۆلەتلەرگە ياردىمىنى ئايىماي مەبلەغ ئاجرىتىپ كېلىۋاتقىنى ئادىل سىياسەت بولماي نېمە؟

ئادەملەر مۇنداق ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇپ ئالسا ـ ئىماندىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۈمىدۋار بولۇش لازىم. سەن رۇسلارنىڭ ئاۋغانغا خالىسانە ياردەم قىلغىنىنىمۇ بىلمەيدىغان ئەبلەخ ئوخشىمامسەن؟ دەپ قايناپ توختىماي كايىپ كەتسىمۇ، ئۇنى توغرا چۈشىنىپ خاپا بولۇپ كەتمىدىم! چۈنكى بۇ قايغۇ ـ ئەلەملىك، بىلىمسىزلىك چۈشەنچە كېسىلى، ئەينى ئۆزۈمنىڭ 25 يىل ئالدىدىكى قاششاق گاللۋاڭ

ئۇلۇغ تىنىپ ئالدىدە ئاندىن توغرا دەيسىز بالام «يۇمشاق قورۇت قاتتىق ياغاچنى يەپ تۈگىتىۋېتىدۇ ئەمەسمۇ؟ مەن ئۈچۈن بالام يۇمشاق قوپال قورۇتلارنىڭ ھەممىسى بىر قورۇت» دېگەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرى ھازىرغىچە قۇلىقىمدا جاراڭلاپ تۇرىدۇ. كۆپ ئىنقىلابلارغا پائال قاتنىشىپ ھەرتۈرلۈك سىناق جەريانلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن 80 ياشلار چامىسىدىكى بۇ بوۋاي مېنى سوۋېت ئادىمى ساناپ ئىچكى ھېسسىيات نادامەتلىرىنى ئىخچاملاپ ئېيتىپ بەرگىنىنى ئويلىسام، سىياسەت دېگەن نەرسىنىڭ ھەقىقى نېگىزىنى ئېچىپ بەرگەن ئىكەن!؟

ئەمدى كۈلكىلىك ھەم ئېچىنارلىق ھالەتتىكى بىر تالاش ـ تارتىشنى قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي. بىر دانىشمەن قېرىندىشىمىز مۇنداق بىر يېڭىلىقنى تەشۋىق قىلىپ يۈرۈپتۇ «مەن تېلېۋىزوردا، جاڭگالدا پۇتى سۇنۇپ قالغان ئېيىقنىڭ پۇتىنى داۋالاش ئۈچۈن مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن بېرىپ، ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ داۋالىغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇ دېموكراتىك دۆلەتلەر ئىنتايىن ئادىل رەھىمدىل بولىدىكەن...» دەپ خۇشاللىق ھەيرانلىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يېتەي دەپ قالغاندا، مەن تېڭىرقاپ قېلىپ ئىچىمدە تووۋا دەپ، تېشىمدا ياقامنى تۇتتۇم! بۇ نېمە گەپتۇ؟ بىلەرمەنلىك قىلىپ ھېچكىمگە سۆز بەرمەيدىغان مۆتىۋەر ھاجىمنىڭ ئەھۋالى بۇنچىلىك بولسا، باشقىلارنىڭ نېمە بولماقچى دەپ ئويلۇدۇمدە، توختا دېدىم ئۆزۈمگە بۇ مىللەت تەقدىرىگە بېرىپ تاقىشىدىغان مەسىلىگە بىپەرۋالىق قىلساڭ سەنمۇ شۇنىڭ قاتارىغا كىرىپ قالىسەن. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قوياي دەپ «توغرا تەقسىر ئۇلارنىڭ ئادىل ھەم رەھىمدىللىقىغا كۆز يۇمۇپ ئالمايمىز. بىراق كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز خىتاي ئۇيغۇرنىڭ پۇتىنىمۇ قولىنىمۇ تىلىنىمۇ سۇندۇرۇپ كېسىپ، ۋەھشىيانە قانخورلۇق قىلىۋاتىسمۇ، سىز ماختاپ شۆلگىيىڭىز ئېقىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىپ كېتىۋاتقان، ئادىل رەھىمدىل ئىنسان ھوقۇقىنى قوغدايدىغان دېموكراتىيە نىقابلىق دۆلەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى، بىزگە شۇ جاڭگال چۆل ـ باياۋانلاردىكى ھايۋانلارنىڭ نەسلىنى قوغداپ قىلىش

كەچۈرۈشنىلا ئويلاش يەنە بىر ئەجەللىك ئىللەت» دەپ ئېيتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۆلكىلىك ھەقىقەت دەۋاسى زىياندىن باشقا ھېچقانداق پايدىلىق رىزولتات كۆرسىتەلمەي، ئاھ ئۇرۇپ ھەسرەت چېكىشكە كۆنۈپ قاپتىمىز. ئاھ، ئۇرۇش ئەسلى ئەمەس ئىدى، كونىلاردىن قالغان مىراس، كۈرەش، جاسارەت، غەيرەت، غالىبىيەت. ئىز ئىدى ئۇل ئۆچمەس!!!

ئەلىخان تۆرە ۋەسىيەتلىرىنىڭ بىرىدە «نامراتلىقنىڭ ھەم شۇملۇقنى چىللاشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەقىلسىزلىك سەۋەبچى بولسا، ئاگلىغاننى ئېنىقلاپ باقماستىن ئىخلاس قىلىش ئەقىلسىزلىك!»،-دېگەن ئىدى.

ئەمدى **ئۇيغۇر** ئۆزبېك قېرىنداشلىرىمىز قاتناشقان بىر سورۇندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا گەپ چىقىپ، ئەلىخان تۆرە كىم ئىكەنلىكىنى ھېچقايسىسى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلىخان تۆرە ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچى بولدۇم. ئەلىخان تۆرە شاكىر غوجا ئوغلى ساغونى، ئەسلى ئەنجانلىق ئۆزبېكلەردىن بولۇپ، 1885 ـ يىلى قىرغىزىستاننىڭ توقماق شەھىرىدە تۇغۇلۇپ 1976 ـ يىلى تاشكەنتتە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ مەككە مەدىنە، بۇخارا، سەمەرقەنتكە ئوخشاش بىلىم يۇرتلىرىدا بىلىم ئېلىپ يېتىلگەن يۈكسەك دىنى زات، ئالىم بولۇشى بىلەن 1914 ـ يىللاردىكى غەربىي تۈركىستاننى قوغداپ قېلىشتا چار رۇسىيىگە قارشى قوزغىلاڭلارغا پائال قاتنىشىپ يېتەكچىلىك قىلغان ئوفتىسېر بولۇپلا قالماستىن، تەجرىبىلىك ھەربىي قوماندان، ئىجتىمائىي ئەرباب، ئاتاقلىق تېۋىپ خىسلەتلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئىنسان ئىدى.

ئەلىخان تۆرە سوۋېت ھۆكۈمىتى يېڭى باشلانغان دەۋردە قەشقەر، خوتەن، يەكەن شەھەرلىرىگە بېرىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھايات تۇرمۇش، مىجەز خۇلقلىرىنى ئىگىلەپ چىقىش بىلەن بىللە ئۇ يەردە ئىنگلىز پۇقرالىرىنىڭ بارلىقىنى، شۇ بانا بىلەن قەشقەردە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى ئۆز غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى يالغۇزلا ئىككى ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىلا ئەمەس

خىيالپەرەس كېسەللىمدىن قىلچىلىكمۇ پەرقلەنمەيدىغانلىقى ئېسىمغا كېلىپ، ئۇ يىرگىنىشلىك قاراڭغۇلۇقتا ئۆتكەن ئۆمرۈمگە يەنە قايتا لەنەت ئوقۇشۇمغا مەجبۇرلاپ قويغان ئىدى!؟ مەيلى قانداقلىكى بولمىسۇن بېشىمدىن ئۆتكەن بۇ رەزىللىك ئۆزۈمگە ئايان بولغىنى بىلەن، بۇ دانىشمەن قېرىنداشىمنىڭ چۈشىنىپ ئېلىشىنى ئويلىسام، ماڭا كەتكەنچىلىك بىر ئۆمۈر خەلقگە زىيانكەشلىك بىلەن ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ دېسەم دۇنيادا مەن يوق!!!؟؟؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن قايتما دەپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ «قۇدرەتلىك دۆلەتلەر ئۆزىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئەقىل-پاراستى بىلەن خىتاينىڭ تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى ئۆز ۋاقتىدا چۈتنى ئۇرۇپ ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولارىنى ھېسابلاپ چىقىرىپ قويغان ئەمەسمۇ؟ ئۇ قۇدرەت ئىگىلىرى سىز بىلەن ماڭا ئوخشاش ھاماقەت كالا كوڭكىسى ئەمەستە؟ قارىسىلا جانابلىرى ئۆزلىرى بىلىلىغۇ دەيمەن، ئامېرىكىنىڭ مايمۇنلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئالىمى جاڭگالدىكى مايمۇنلارنى تەتقىق قىلىمەن دەپ يۈرۈپ، كېيىن ئۇلار بىلەن بىللە ئارىلىشىپ كېتىپ مايمۇن بولۇپ قالغىنىنى ئاز قالغاندا، ئامېرىكا ئۇ ئالىمنى ئىزدەپ مايمۇنلار ئىچىدىن ئاران تېپىپ ئالغان ئىكەن. مېنىڭ ئەنسىرەيدىغان يېرىم، سىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش جان بېقىش كويىدا - ھارام ئىشلارنى ھالال قىلىشنى تەتقىق قىلىمەن دەپ يۈرۈپ، ئالەم ۋەزىيىتى بىلەن ئادىمىيلىك پەزىلەتلەردىن مەھرۇم قىلىپ قىبلە نامىنى ئۆزگەرتىپ ئالغىنىڭىز ئېچىنارلىق دەھشەت پاجىئەلىك ئىش بوپتۇ ھاجى ئالىيلىرى؟ دەپ تاكاللىشىپ پايدىسى يوق ئىشلار ئۈچۈن ھەر دائىم ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىپ كېتىدىغان مىجەزىمنى تۈزىتەلمىگىنىمگە يەنە پۇشايمان قىلىپ يۈرىۋاتىمەن... ئاھ خۇدا!

ئومۇمەن ئېيتقاندا بىز جان بېقىشقا بەك ئەپلىك، سىياسەتكە زىيادە چەكلىك خەلقكەنمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن كىتاب ئوقۇ دېسە خوشۇم يوق! پۇل دېسە كۆڭلۈم توق ۋاقتىم شوق! دەپ يۈرىۋېرىمىزكەن؟ بۇ ئەھۋال توغرىسىدا ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ماھىن موللاق «ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن

سانالغانلىقتىن بۇ ئىنقىلابنىڭ يادرولۇق رولىنى ئويناۋاتقان ئەلىخان تۆرىنى بىرىنچى باسقۇچلۇق يوقۇتۇش پىلانىغا كىرگۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ؟...

ئۇ سۇيىقەستلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزئارا ئىختىلاپ تۇغدۇرۇپ ئۆزگۆشنى ئۆز مېيى بىلەن قورۇش كوممۇنىستلار ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئۈچۈن غېنى باتۇرنى ئەلىخان تۆرىگە قارشى كۈشكۈرتۈش ئۈچۈن تاللاپ ئالىدۇ.

غېنى باتۇر كونسۇل ئارقىلىق بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، تۇرسۇن تاھىر (باش ساقچى) مەخمۇت پارماش، رەفىك بايچۇرىن، ھوشۇر باتۇر، ھاشىر ۋاھىدى، ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم قاتارلىق ئون نەچچە رەھبەرلەرنى يىغىپ ئەلىخان تۆرىگە قارشى شىكايەت قىلىپ ئىللاشقا باشلايدۇ. يەنى «كىم ئۇ تۆرىنى باشلىق قىلىپ سايلاپتۇ؟ مەن ھازىرلا بېرىپ ئۇنى ئالدىمغا سېلىپ قامچىلاپ تۇرۇپ ئىدارىسىدىن ھايداپ چىقىرىمەن»... دېگەندە ئۇنى قوللىغانلارمۇ بولىدۇ، بۇ مىسالمۇ تېمىمىزغا مۇھىم مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، بۇ سىياسەت دېگەن نەرسە بىزنىڭ غېنى باتۇرىمىزنى 360 گرادۇس ئۆزگەرتىپ قويغانلىقى توغرىسىدا تارىخى پاكىت ئەينى بويىچە قويۇلدى! (شۇ يىلى ستالىن غېنى باتۇرنى ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا نېمە ئۈچۈن تەكلىپ قىلدى؟

تەپەككۇر، تەپەككۇر قىلىڭ!) ئەلىخان تۆرىنى ئۆز ئىچىدىن ئۇجۇقتۇرۇش ئۇسۇلى بىرنەچچە يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، ئۇنۇملۇك نەتىجە بەرمىگەنلىكتىن 1946- يىلى 13- ئىيۇن كۈنى «ش تۇ» جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزدېنتى، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانى مارشال ئەلىخان تۆرىنى، ستالىن بۇيرۇقىغا بىنائەن رۇس رازۋېدكا تەرىپىدىن سىزنى ئۆزبېكىستان بىرىنچى سېكرىتارى ئوسمان يۇسۇپوۋ قورغاستا كۈتۈۋاتىدۇ، دەپ ئالداپ ھېچقانداق مۇھاپىزەتچىسىز ھالەتتە قورغاسقا ئېلىپ كېتىدۇ.

ئەلىخان تۆرىنى قورغاستا بىرنەچچە كۈن غۇلجا ۋەزىيىتىنى تىڭ

بەلكى غەرب كۈچلىرىنىڭ قىزىقىش نەزىرىدە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قايغۇلۇق ئەلەملەر ئىچىدە تەشۋىق ئېلىپ باردۇ.شۇ سەۋەبتىن ئۇ 44ـ يىلقى ئىنقىلاب باشلىنىشتىن بۇرۇن خىتاي تۈرمىسىدە تۆت يىل سىياسىي مەھبۇس سۈپىتىدە تۈرمە ئازابلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ ئىنقىلاب ھارپىسىدا غۇلجىغا قېچىپ كېلىدۇ.

ئۇ غۇلجا شەھىرىدە ئالدى بىلەن يوشۇرۇن ھالەتتە مەسچىتتە ئىمام ھەم دىنى ئۆلىمالارنى، ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر ناتىقلىق قابىلىيىتى بىلەن، قىممەتلىك دادىل تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇلارنى قايىل قىلىدۇ. كېيىنرەك مەسچىتلەردە ۋەز ئېيتىپ خەلقىمىزنىڭ تىلىغا ئېلىنىپ ھۆرمەت، قوللاپ-قۇۋۋەتلەش ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولۇپ ئالقىشلارغا ئىگە بولۇپ تونۇلىدۇ.

ئۇ دىنى ئالىم ھەم سىياسىي جەھەتتىن سەۋىيىسى ئۈستۈن مەيدان مەۋقەسى ئىنتايىن مۇكەممەل قورقماس ئىنسان ئىدى. ئۇ سوقۇش مەزگىللىرىدىمۇ پەقەتلا دىنى تەلىمات ئەقىدە ئەھكاملىرىنى سىڭدۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ، جەڭچىلەرنىڭ دىنى ھېسسىيات مىللىي غۇرۇرىنى ئۇرغۇتۇپ، جان پىداكارلىق بىلەن جەڭگىۋارلىق كۆرسىتىپ كۈرەش قىلىشقا ئىنتايىن چوڭ كۈچ-قۇۋۋەت، جاسارەت بەرگەن ئىدى.

ئەلىخان تۆرە ئۆزىنىڭ ئىسلام ھەربىي قوماندانلىق ماھىرلىقى بىلەن رۇس گېنېرال ھەربىي قوماندانلىرىنى تاڭ قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابنى ئۆز غەرەزلىرىگە بويسۇندۇرۇپ بۇرملاپ كېتىشكە يول قويمىغان! ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن قوماندانلىق قىلىپ ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرۇپ دەككىسىنى بېرەلىگەن ئىدى! يەنى «سىلەرگە گېنېراللىق ئۇنۋانىنى ستالىن بەرمىدى بىز بەردۇق! بىز سىلەرگە بويسۇنمايمىز! سىلەر بىزگە بويسۇنىسىلەر! دەپ قورقماس، بويسۇنماس قەتئىي ئىرادىلىك خىسلەتلىرى بىلەن جەسۇرلۇقنى نامايان قىلالىغانلىقى، ستالىن ئۈچۈن مۇنداق كۈتۈلمىگەن باشباشتاقلىق ۋەزىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى، بولۇپمۇ ستالىن پىلانىدا كۆرسۈتۈلمىگەن، «تۈركىستان» دېگەن نام قوشۇلغان دۆلەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، ئەجەللىك پاجىئە

ئۆلىغان بولسىمۇ، مىللىي ئارمىيەدىن ئېھتىيات قىلىپ ساق-سالامەت تاشكەنتكە ئەكىلىپ قويىدۇ؟؟؟ تەپەككۇر!

بۇ سۇيىقەستلىكنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى گېنېرال ئىگناروۋ سوۋېت بىخەتەرلىك مىنىستىرى ئاباكوموۋقا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت رەئىسى ئەلىخان تۆرە شاكىر خاجايېۋ 46- يىلى 17- ئىيۇندا ئېلىپ چىقىپ كېتىلدى»، - دەپ ئۇقتۇرۇلغانىدى.

ئەلىخان تۆرە تاشكەنتتە دەرد-ئەلەم ھەسرەتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ قىممەتلىك ھايات پاكىتلىرىدىن ئېلىنغان مۇھىم ۋەسىيەتنامىلەرنى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتتى، كۆپ نەرسىلەر يەنىلا ئەينى ھالىتى بويىچە دۆلەت مەخپىيەتلىكى بولۇپ ساقلىنىپ قالدى؟ ئۇ ھەردائىم «ئۇيغۇرلارنىڭ كېلەچىكى دەھشەت ئاستىدا قالغانلىقى، كۆز ئالدىمدا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. **ئۇيغۇر**، ئۆزبېك دەپ ئايرىم كۆرسىتىش ياخشىلىق ئەمەس، بىز بىر مىللەت، پەقەتلا ئەنجانلىق، سەمەرقانلىق، قەشقەرلىق، خوتەنلىك دەپ يۇرتلىرىمىزنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن ئىدۇق»، - دەپ ئېيتاتتى.

بىز ياخشىلارغا ھۆرمەت قىلمايدىغان يامان ئادىتىمىز بويىچە ئۇ كىشىگىمۇ قارا چاپلاپ، ئۇنىڭ **ئۇيغۇر** خەلقى ئۈچۈن جان پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن تۈگىمەس-پۈتمەس ئەقىدە تۆھپىلىرىنى يوققا چىقىرىپ قىلغۇلۇقىمىزنى قىلىۋالدۇق؟ ھېچقانداق بانا تاپالماي مىللىتىنى چىشلەپ غاجىلاشقا بولسىمۇ پېتىنالىدۇق؟ يەنى « ئۇ ئاددى بىر ئۆزبېك، تېۋىپ، بىز ئۈچۈن ھېچكىم ئەمەس» دەپ ئالجىپ قالغان كىشىلەردەك يۈزسىزلىك قىلىپ جۆيلۈپ كەلدۇق ھەم جۆيلۈۋاتىمىز؟ توغرا ئۇنىڭ مىللىتى ئۆزبېك! ئىرقى تۈرك تىللىقلار قەۋمىدىن ئىدى؟ شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىتىم تۈرك دەپ ئېيتىمدى، ئەڭ مۇھىمى قۇرئان كەرىم ھەدىس شىرىپلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ مىللىتىدىن (ئۆزبېكلىكىدىن) تېنىپ ئالمىدى! ئۇنى مىللىتىگە خائىنلىق قىلىش بىلەن باراۋەرلىكنى ئايەتلەر بىلەن ئىسپاتلىدى!

تىگىلاپ كونسۇل بىلەن ئالاقىلىشىپ ئەھۋالنى ئىگىلەپ تۇتۇپ تۇرغان ئىدى. سەۋەبى ھەربىي ھالەتتە تۇرغان مۇنتىزىم مىللىي ئارمىيە ياكى خەلق قوزغىلىپ كېتىپ، سوۋېت ھەربىي كوماندىر، كونسۇل خادىم خىزمەتچىلىرىگە زىيان زەخمەت يېتىپ قىلىش ئېھتىمالى يۈز بېرىپ قالسا، ئەلىخان تۆرىنى دەررۇ قايتۇرۇپ بېرىش پىلانى بىلەن يىراققا ئېلىپ كېتەلمىگەن ھەم قاتىللىق قىلىش ئويىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئىدى؟

ئەمدى بىز سەزمەي كېلىۋاتقان سىياسەت تەسىر كۈچىنىڭ كارامىتىگە نەزەر سېلىپ كۆرەيلى!؟ ئەپسۇسكى، بىر دۆلەتنىڭ پرېزدېنتىنى كونسۇلنىڭ ئۆيۈشتۈرۈش بىلەن رۇس جاللاتلىرى ئوغرىلاپ كەتكىنىنى بىلگەن ئارمىيە، خەلق ھېچبولمىغاندا كونسۇل دوباشنىنىڭ گىلىنى بوغۇپ تۇرۇپ، داھىيمىزنى قەيەردىن بولسا ھازىر تېپىپ بەر،- دەپ بىسىم ئىشلىتىپ تەھدىت قىلىپ بېقىشقىمۇ، يەنىلا ھېلىقى قەلبىمىزنى چوڭقۇر زەھەرلەپ قويغان سىياسەت دېگەن نەرسىنىڭ قۇدرىتى يول قويمىدى؟؟؟ شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلىرىمىزنى خەلقىمىزنى ئەيىبلەشتىن ساقلىنىمىز. چۈنكى، بۇرنىمىزغا سىلىنغان نۇقتىنىڭ ئۇچى كونسۇل دوباشنىنىڭ قولىدا ئەمەسمىدى؟؟؟

قورغاستىكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە تۈرلۈك خەتەرلىك كەسكىنلەشكەن ھالەت كېلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەلىخان تۆرىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، سەن ئۆزبېك، سېنىڭ ئۆزبېكىستانىنىڭ بار، ئەگەر خالىساڭ سېنى يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتكە قويىمىز دەپ ئالداش ھەم ھەر تۈرلۈك قورقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، خەلقنىڭ قوزغىلىپ قايتۇرۇپ ئېلىشنى ئۈمىد قىلىپ ئىرادىسىدىن قايتمىدى. **ئۇيغۇر** خەلقى ماڭا ئىشىنىپ ماڭا ئەگىشىپ قان تۆكتى جەڭ قىلدى. ئازادلىققا ئېرىشتى، ئەمدى مەن ئۇلارنى باشقىلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بېرىپ ئەقىدەمگە خائىنلىق قىلالمايمەن! ماڭا يا ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ، - بوي بەرمىگىنىگە قارىماي، سۇيىقەستلىك قىلىشنى

تاپالمايمەن؟؟؟ بۇ ئۆتمۈشىمىزنىڭ ناھايىتى پاجىئەلىك بىر دەۋرى دەپ ھېسابلايمەن! نەچچە مىڭلىغان كىشىلىرىمىزنىڭ قۇتلۇق قانلىرىنى تۆكۈپ، ئەزىز جانلىرىنى قۇربان قىلىپ، كۈتكەن ئارزۇ-ئارمانلار نەگە كەتتى؟ ئاخىرى تۇيۇقسىز بىرىپ تاقىلىدىغان كۈرەشكە بىز نېمىشكە خەلقنى قوزغىدۇق؟ بۇ سوئاللار مېنى قىيناپ ئارام بەرمەيدۇ»، - دەپ ھەسرەت چېكىدۇ. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: - «ئەلىخان تۆرە بولۇپمۇ غۇلجا بەيتۇللا مەسچىتىدە ئېيتقان ئايەت ھەدىسلەر ۋەز نۇتۇقلىرى خەلقنىڭ كۆڭلىدىن چىقىدۇ. رۇسلار بولسا، تۆرەمگە تەشۋىق يۈرگۈزۈپ خەلقنى قوزغاش ۋەزىپىسىنى، ئۆزلىرى ياردەمدە بولۇپ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

44- يىلى ئەتىيازدا ئەلىخان تۆرىنىڭ بورتالا ئارىشاڭغا بارغان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن كونسۇل دوباشىن كەينىدىن يېتىپ بىرىپ، تۆرەم بىلەن يوشۇرۇن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى ئېغىز كېلىشىمى بىلەن تۈگەيدۇ؟

بىز دوباشىننىڭ س س س ر نامىدىن بەرگەن ۋەدىسىگە تولۇق ئىشەنمىگەن بولساقمۇ، تۆرەم ئالدىدا قۇرئان بىلەن قەسەم بىرىپ ئازادلىق تەشكىلاتىنى قۇرغان ئىدۇق؟ بىز، 1- ستالىن شۇ مەزگىلدىكى شىڭ شىسەيىنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، بىزگە ياردەملىشىدۇ، دەپ ئۈمىدلەنگەن ئۈمىدۋارلىقىمىز شەيتاندىن ئىنساپ تەۋپىق كۈتكەندەك بولۇپ چىقتى؟؟؟ ئويلان ئوقۇرمەن! 2 - بىز ئالدى بىلەن گومىنداڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇپ بولشېۋىكلار چاڭگىلىغا چۈشسەك ئۇلار خىتايغا نىسبەتەن ئىلغار دۆلەتقۇ دېگەن ئويدا بولدۇق، ئۇ چاغدا نەدىن بىلەيلى ستالىننىڭ قارا ئەجدىھارنىڭ ئاغزىدىن تارتىپ ئېلىپ قىزىل ئەجدىھار ئاغزىغا تاشلاپ بىرىدىغانلىقىنى؟؟؟

(تەپەككۇر قىلايلى! ياخشى خىتاي، يامان خىتاي دەپ يۈرۈپ ئاخىر ئۇلارنىڭ بىر خىتاي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق، لېكىن ستالىن دىكتاتورلۇق قىلغان كېيىنكىلىرى ستالىننىڭ يولىنى تۇتمىدى دەپ

شۇ مەزگىللەرگىچە تۈركى تىللىقلار مەنپەئەت مەسلىسىدە ئۆملۈكتە بىر قەۋم سانىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، مىللەت، مىللەت ئالاھىدىلىكى بىلەن ئايرىم باھالىنىپ پەرقلىنەتتى؟! بىزچۇ؟ تىلىمىزنى قاتتىق چىشلەپ ئېلىپ تۇۋا دېيىشتىن باشقا ئامال يوقكى؟ ئەستاغپۇرۇللا! مىللىتىمىزدىن تىنىپ ئېلىپ تۈرك دەپ داۋراڭ سېلىۋاتساقمۇ، ئۇنىڭدىن ھېچ سادا چىقمايۋاتىدۇ؟ ئەجەبا، ئۇ مەن تۈرك دېمىدى؟ تۈرك قوۋملىرى ئۇچۇن جېنىنى ئايىماي كۈرەش قىلدى؟؟؟

ئەلىخان تۆرەم خىتاي تۈرمىلەردە ئۆزبېكلەر ئۇچۇن ئەمەس، تۈرك قوۋملىرى ئىچىدىكى داڭدار مىللەت **ئۇيغۇرلار** ئۇچۇن ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى چەكتى ئەمەسمۇ؟ نېمە دەپ ئۇنىڭ مىللىتى بىلەن ئۇنى كەمسىتىشقا ئۇرۇنىمىز - يو، ئۆزىمىز شەرقىي تۈركىستان دەپ جار سالىمىز؟ قىزىق ھە؟؟؟

1863- يىلى «يەتتە شەھەر خانلىقى» دەپ ئاتىلىپ 1877- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن «بەد دۆلەت قەشقەرىيە» دۆلىتى قۇرۇپ تونۇلغان ياقۇپبەگ بوز رۇكخان تۆرە پەرغانىلىق ئۆزبېكلەردىن ئىدىغۇ؟

ئەلىخان تۆرە كىم ئۇچۇن كۈرەش قىلدى؟ كىم ئۇچۇن ئەزىز جېنىنى ئاتىدى؟ ياكى ئۇ ئۆزىنى ئۆزى داھىي قىلىپ سايلاپ ئالدىمۇ؟

قايسى بىر رەھبەرلىرىمىز رۇس گېنېراللىرىغا قارشى بىر ئېغىز سۆز قىلالىدى؟ ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرىپ تاقابىل تۇرالىدى؟

مانا بۇمۇ ئەينى چىن تارىخ پاكىتلىرىنىڭ بىر كۆرۈنىشىدىن ئىبارەتتۇر!

44- يىلى ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي ماھىيىتىگە چۈشىنىش ئۇچۇن يەنە بىر مىسال قىلىپ، فىلاسوفىيە پەنلەر نامزاتى كوممونار تەلىپوۋنىڭ «ش تۇ» جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش كاتىپى - ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنىڭ سىياسەتكە مۇناسىۋەتلىك بىر قىسمىنى ئوقۇرمەنلەرگە ھاۋالە قىلماقچىمەن.

ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئاكا مۇنداق ئېيتىدۇ: «مەن شۇ يىللارغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى ئەسلىسەم ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي

«ئۇلارنىڭ سىياسىي قاراڭغۇلۇقى، لاياقەتسىزلىكى بىلەنلا باغلىق ئەمەس!» دېگەن سۆزلەرنى كۆپچىلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ چوڭقۇر چۈشىنىپ مۇنازىرە يۈرگۈزۈپ خۇلاسە چىقىرىپ ئېلىشىنى سورايمەن. بۇ يەردە مېنىڭ قوشۇلمايدىغان شەخسەن پىكرىم ـ دىن دېگەن ئەقىل، دىن دېگەن سىياسەت، دىننى چۈشىنەلمىگەن ئادەم قانداقلارچە دۆلەت باشقۇرۇش سىياستىنى چۈشىنەلىسۇن!؟ ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن باشلاپ مەيدانغا چىقىپ تونۇلغان ئەرەبلىرىمىز، دۆلەت قۇرۇپ داڭق ئالەمگە ياڭرىغان داھىلىرىمىز، ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ پۈتۈنلەي ھەممىسى دىنى ئۆلىما زاتلاردىن چىققان ئىدىغۇ؟؟؟ ئۇ ئەجدادلىرىمىز باشتىن كەچۈرگەن شىددەتلىك تارىخ سىناقلىرىدىن ئېلىنغان ساۋاقلىرىنى بىزگە مەشئەل قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. مەن شۇ يېقىنقى تارىخ يالدامىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئەپسۇسقا تولغان پۇخانلار ئېلكىدە قايتا تەكرارلاپ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم. كىچىك بېلىق ھامان چوڭ بېلىقنىڭ ئوزۇقى ئىكەنلىكىنى قانۇنىيەت دەپ چۈشەنگەن بولساق، ئەلۋەتتە توغرا يولنى تاللاپ ئالاتتۇق، بىز تەبىئەت قانۇنىغىمۇ بويسۇنمايمىز؟ ئامال قانچە؟ ئاھ ئۇرماقتىن باشقا ئىلاج قالمىدى؟ ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى، كۆز يېشىم دەريا بولۇپ بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى؟! ئۇھ دەردىما!

خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى شېھىت ئە. قاسىمنىڭ زار قاقشاپ قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەسىيەتلىرىنىڭ بىرى: ـ«كۈرەشسىز، قۇربانسىز ئازادلىققا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس! بىزگە جانابىي ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق تاشقى كۈچنىڭ نىجاتكارلىقى كېرەك ئەمەس!!! ھەم ئۇلار نىجاتكار بولالمايدۇ! بەلكى قان ئېلكىمىزنى ئىچكىنى ئىچكەن! بىزنى ۋەيران قىلىپ يوق قىلغىنى قىلغان! بۇنى ھەرقانداق نورمال ئۇيغۇر ئېسىدە چىڭ تۇتۇشى لازىم! بۇ شوئار خىتاي، رۇس ۋە باشقا قانخور تاجاۋۇزچى كۈچلەرنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە ۋە تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشىمىز، باش تارتىپ بولمايدىغان ئىمان ھەم ۋىجدان مەسئۇلىيىتىمىزدۇر!!!» دېگەن ئىدى.

ھەممىسىنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي يولدىن ئېزىپ كېلىۋاتىمىز؟؟؟)

ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تەشكىلاتىمىز بىۋاستە كونسۇلنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن قۇرۇلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ئۆزلىرى لايىق كۆرگەن بەزى ئادەملەرنى كىرگۈزگەن ئىكەن ئۇنى كېيىنرەك بىلدۇق.

ئىنقىلابنىڭ قانداق، قەيەردە باشلىنىشى توغرىسىدىكى يول يورۇقنى پەقەتلا تۆرەم پولات ئاكىنىڭ ئۆيىدە كونسۇل بىلەن مەخپىي ئۇچرۇشۇپ سۆزلىشىپ كېلىدۇ ـ دە، بىز بىلەن مەجلىس ئۆتكۈزۈپ بىزگە يول يورۇق بېرىدۇ، بىز شۇنىڭغا قاراپ ھەرىكەت قىلىمىز. دېمەك باشتىنلا بىزنىڭ يېتەكچىمىز ئىمامىمىز كونسۇل دۇباشىن بولۇپ قالدى؟

بىز ئاھالە ئىچىدە تەرغىبات تەشۋىقات ئىشلىرىنى قىزغىن ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر پەيتتە يەنى 44 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرىدا كونسۇل بۇيرۇقى بويىچە ئابدۇكېرىم ئابباسوۋنى بىر ئىككى ئادەم بىلەن قورغاسقا ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار پېتررامونوۋىچ ئالېكساندىروۋ دېگەن كوماندىرى بىلەن 40ـ50 ئورۇسنى باشلاپ كەپتۇ. بىز ئۆمەرجاننى تۆرەمگە ئەۋەتتۇق. تۆرەم كېلىشى بىلەن چوڭ كوچىغا يىغىلغان كىشىلەرگە مۇراجەت قىلىپ «بىز بۈگۈندىن باشلاپ خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمايمىز! ئازادلىق ئىنقىلابىنى باشلايمىز، كېلىڭلار بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلۇڭلار! ئەزگۈچىلەرنى ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرايلى! دەپ ئاشكارا ئوچۇق ئىشەنچلىك سۆزلەشكە باشلىدى...» سۆھبەتنىڭ ئاخىرىنى كېيىنكى ماقالىلەردە داۋاملاشتۇرىمىز.

ش ت جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەھبىرى يەنى باش كاتىپ ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم تۆرەمنى ئىنتايىن يۇكسەك باھالاپ مەدھىيىلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە «تۆرەم سىياسىي مەكتەپ كۆرمىگەن، ئەمەلىيەتتە سىياسەت بىلەن بىۋاستە شۇغۇللانمىغان دىنى ساھادىكى ئادەملەرنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشمىغىنى ئەۋزەل» دەيدۇ. يەنە

قارىتىپ ئېيتىلغان ئۈچمەس يۇلتۇزدەك ۋەسىيەتلەرنى قالدۇرغان!

مەخمۇت قەشقەرى «ئالدامغا چۈشۈش بىرلا قېتىم بولىدۇ، بىر قېتىم ئۇخلۇشسىزلىقتا ئۈچرىساك بىر ئەقىل تاپىسەن» دېگەن دانا سۆزى بىزنىڭ دانالىقىمىز ئالدىدا سۇ قويۇپ بېرەلمىدى؟ نېمە ئۈچۈن؟ بەلكىم بىرەر مەسىلىنى ساغلام چۈشىنىپ ئالالايدىغان، نورمال ئەقىل ئىگىلىرىگە قارىتىلغان سۆز بولۇشى مۇمكىن ؟ چۈنكى بىزنىڭ دانا خەلقىمىز ئابدۇقادىر داموللامغا قارىتىپ «ئۇ گۈي بىزنى ئويغاتمىسىمۇ، مەزىناخۇنۇم كۆندە ئەتىگەندە ئەزان ئېيتىپ ئويغىتىدۇ» دەپ جاۋاب قايتۇرغان ئەمەسمىدى؟

ئەلىشىر ناۋايى «ئەگەر سەن تەمەخور بولمىساڭ ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ ئىش بولىدىكىن، پۈتۈن ئالەمدىكى كىشىلەر بىر تەرەپ بولسىمۇ، يالغۇز ئۆزۈڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيسەن!!!» تەمەخورلۇق هارام، رەزىللىك، ئازاب-ئوقۇبەت هەم پەسلىك بولۇپ، ئۇلار تەماخورلىقىدىن گاداي هەم خار بولۇشتى! تەمەخور كىشى ئۆمرىنى زايە قىلغۇچىدۇر!!!» دېگەن ئىدى.

مەن ئۈچۈن جاندىن ئەزىز قېرىنداشلىرىمغا ئىلتىماسىم، هەرقانداق چوڭ-كىچىك مەسىلىلەرنى چوڭقۇر چۈشۈنۈڭ! ئۆتكەنكى ئاچچىق ساۋاقلارنى بۈگۈنكى تاتلىق هاياتنىڭ ماهىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ! بۇرۇنقى كونا زامان قۇللىرى بىلەن هازىرقى يېڭى زامان قۇللىرىنىڭ پەرقى قانداقلىقى توغرىسىدا تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈڭ! ئاندىن سىز بىلىدىغان دۈشمەن بىلەن تېخى سىز ئويلاپمۇ قويمىغان دۈشمەن غەمخورلۇق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا قايتا تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ بېقىڭ! ئەڭ ئاخىرىدا سىزگە سىڭىپ كەتكەن سىياسىي تەسىر قۇدرىتىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالىسىڭىز، ئالدىڭىزدا يامان ئاتاقنى ئېلىپ كېلىۋاتقان بىگۇناھ قېرىنداشلىرىنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، سىياسەت ماهىيىتىگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل دېڭىزىغا چوڭقۇر چۆكۈنۈپ ئىزدىنىپ كۆرۈڭ!!!

ئەمدى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ تۇتقان

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى «ئازادلىقنى بىزگە ھېچكىم ھەدىيە قىلىپ بەرمەيدۇ!!! ئۇنى كۈرەش قىلىپ بەدەل بېرىپ تارتىۋېلىشىمىز كېرەك!» دەپ ئېيتقان.

ئابدۇقادىر داموللام، تەپەككۇر يۈرگۈزۈش قابىلىيىتىنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈرلۈكى، ھەقىقى كۆپ قىرلىق بىلىم ئىگىسى ئىللەتلىرى بىلەن، يىراق كەلگۈسىنى ئالدىنئالا كۆرۈپ ئېلىپ قەشقەردە ئىنگلىز، شۋېت كونسۇلخانىلىرىنىڭ، سىياسىي رەزىل غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىي غەمخورلۇق، ئىنسانپەرۋەرلىكنى پاش قىلىپ تاشلاپ «ئۇلار قانداق يول بىلەن، قانداق مەقسەت بىلەن، بىزگە مېھمان بولۇپ كېلىپ قالدى؟ ئۇلارنى ھېچكىم چاقىرمىدى! ئۇلار ھېچقاچان بىزگە مېھمان بولالمايدۇ! مېھمان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!!! ئۇلار باشتا قۇيرۇق ئوينىتىپ، ئاستا-ئاستا پېيىمىزنى قىرقىپ، ئەقىدە ئوغرىلايدىغان، بايلىقىمىزنى ئوغرىلاپ، بىزنى داق بورىغا تاشلاپ داغدا قويغۇچى بۇلاڭچىلاردۇر...؟؟؟» دەپ مەڭگۈ ئۆچمەس ۋەسىيەتلەرنى قالدۇرغان!

ئەلىخان تۆرە ۋەسىيەتلىرىنىڭ بىرىدە «ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ تەبىئىتى ئوخشاش، كۆرۈنۈشتە ھەرخىل رەڭلىك بولىدۇ! ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئادىل بولۇپ كۆرۈنىشى، يۈرەك قاتلاملىرىنىڭ ئىچىدىكى يامانلىق نىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلاردىن ياخشىلىق كۈتۈش، ئىماندىن چىقىپ كەتكەنلىكتۇر! ئۇ كامچىلىقلارنى ئېچىپ تەنقىد قىلىپ تونۇتۇش، ئىستىقبال يولىغا كاپالەتلىك قىلغۇچى ئاچقۇچتۇر!» دەپ ۋەسىيەت قىلىدۇ!!!

سەييىد قۇتۇپ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ۋەسىيەتلىرىنىڭ بىرىدە «دۇنيادا ئىككى مىللەت ئىككى چېگرا مەۋجۇت، بىرى مۇسۇلمان، بىرى كاپىر. دۈشمەن بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن ئىسلامغا قارشى تۇرىدۇ. بۇ دۈشمەنلىك داۋاملىق نىيەت پىلانىنىڭ نېگىزى بولغاچقا، ئۇنىڭغا بارلىق زېھنى كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئىيماي سەرپ قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان زەئىپلەشكەن ھالەتكە ئەكىلىپ قويۇپ يوق قىلىپ تاشلاشتىن ئىبارەتتۇر!» دەپ بۈگۈنكى زامان ۋەزىيىتىگە

تەگسىمۇ قوپال سۆزگە غەزەپلەنمە، رەنجىمە، ئۇنىڭ پايدىسى كېيىن لەززەتلەندۈرىدۇ. قوپال سۆز توغرا بولىدۇ، قوپال بولسىمۇ قوپال سۆز قېنى ؟؟؟!!!» دېگەن ئىدى. تەپەككۇر قىلىڭ!!!؟؟؟

دېمەك بۇ ئاچچىق يېزىلىۋاتقان ھەقىقەتلەر ھەممىمىز ئۈچۈن قاتتىق ھەم قوپال تېگىدىغانلىقىنى ياخشى بىلسەممۇ، بەزىلەرنىڭ نەپرىتىدىن ھەم ھۇجۇمىغا چىقىپ كۆنۈپ كەتكەن ئىت مىجەز تەبىئىتىدىن چۆچۈپ كەتمىدىم! چۈنكى بۇ تەكرارلىنىۋاتقان جۈملىلەر پىكىرداش ساغلام ئەزىمەتلىرىمىز ئۈچۈن ئىلھام ۋە ھېسداشلىق تۇيغۇلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، بىرلىرى ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا زەررىچە بولسىمۇ، سىياسىي تەۋرىنىش رولىنى ئويناپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن نىيەتتە، سىياسىي چۈشەنچىسى ساغلام كىشىلىرىمىزنىڭ ھەسسىلەپ كۆپىيىشى، ھۆرلۈك يولىنىڭ يېقىنلاشقانلىقى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتىم!؟

دۈشمەن قانچىلىك ۋەھشىي بولسىمۇ، بىزنىڭ روھىمىزنى تەسلىم قىلالىغىنى يوق! ئەكسىچە ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىك غەزەپ ئوتلىرى كۈندىن-كۈنگە ئۇلغىيىپ ھەممىگە تەكشى تۇتىشىپ كېتىش شان-شەرەپ ئىرادىسى، ئانىنى قوغداپ قېلىشتا دۈشمەنگە قارشى كۆكسىنى قالقان قىلىپ ئەزىز جېنىنى پىدا قىلىپ كېلىۋاتقان ساناقسىز ئوت يۈرەك پەرزەنتلىرىمىز بىلەن بۈگۈنكى كۈندە سىياسىي كۈرەش جىڭگدا تاۋلىنىۋاتقان ھەقىقى ۋەتەنپەرۋەر مۇجاھىدلىرىمىزغا مەنسۇپتۇر!

يۇقىرىدا قوشۇمچە چۈشەنچە بېرىلىپ تەكرارلانغان بەزىبىر يېقىمسىز ئاچچىق ھەم قاتتىق سۆز ئىبارىلىرى بىلەن ئېيتىلغان ھەقىقەت، بەزىلەر ئۈچۈن راھەتسىز كەيپىياتنى ھاسىل قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ئەجدادلار خاتالىقلىرىنىڭ تەكرارلىنىۋاتقانلىقىدىن ئاچچىق، قاتتىق ھەم راھەتسىز بولمىسا كېرەك؟

شۇنىڭ ئۈچۈن نەقىل قىلىنىپ شەرھىلەنگەن پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ، ئۆزۈمنىڭ تەھلىل-مۇلاھىزىلىرىنى ھەم پىكىرداش سەزگۈر كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتىمەن. ئەزىز قېرىنداشلىرىم!

يولى، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى،ئىنسانپەرۋەرلىك تەبىئىتىنىڭ ئوخشاشلىقى بىلەن قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەسىيەتنامىلىرىنىڭمۇ مەزمۇنىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىگە نەزەر سېلىپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ پاجىئەگە ئۇچرىشىنىڭ مەنبەسىمۇ ئوخشاشلا تاشقى كۈچنىڭ قاتىللىق تەسىرىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز؟؟؟ دېمەكچىمەن، بۇ دۇنيادا سىياسەتكە ئالدىنىپ ياشىغانلارنىڭ ھاياتى خاتىرجەملىك بىلەن ئۆتىدىكەن، ئەكسىچە ئالدانماي، ھەقنىڭ ۋىسالىغا يېتىمەن دەپ سىياسەتنىڭ ئەپتى بەشرىنى ئېچىپ تاشلاپ خەلقنى ئويغۇتىمەن دېگەنلەرنىڭ تەقدىرى، ئۆلۈم بىلەن پاجىئەلىك ئاياقلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى، دۆلەتلەر ئارا قانۇن بولۇپ كەتكەن ئىكەن؟؟؟

بىز ھەممىمىز كۆپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇدۇق، ئالىملار قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەسىيەتنامە شوئارلىرىنى ئوقۇدۇق، ھەتتا ئوقۇمىساقمۇ ئۇنچىلىك سۆزلەرنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدىغان بىلىم ئىگىلىرى، ئەمما ئەڭ يامىنى شۇكى بىلگىنىمىزنى ئىشلەتمەسلىك، ئالىملارنىڭ، ئەجدادلارنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن پارلاق ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، ئىستىقبالىمىزغا شاھادەت بېرەلەيدىغان نەمۇنە ئىبرەتناملارنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە دەپنە قىلىپ تاشلىغانلىقىمىز ئۈچۈن، تەجرىبىسىز قېلىۋاتقان سۆز نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ يېتىشىپ چىقىشى كونكرېت رېئاللىقتا يۈزلىنەلمىگەن بىھۇدە تىپىرلاشلاردىن، تارىخ ئەينى بويىچە زار قاقشاپ مۇنقەرزلىك مۇستەھكەملىنىدىغان، ئەجەللىك ھالاكەت يولىدىن چىقالماي كېلىۋاتىمىز؟ شۇ سەۋەبتىن جازالىنىپ قالدۇق؟ ئادەم دېگەن ھەممىگە كۆنۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ؟ جايلانغانغىمۇ كۆنۈپ كەتتۇق؟ ئەستاغپۇرۇللا...

بۇ ھەقتە ئەلىشىر نەۋائى «ئەيىبىڭنى كۆرسىتىپ بەرگەن كىشىگە خاپا بولما! چۈنكى ئۇ سەن ئۈچۈن ئەينەك، ئەينەك بولمىسا يۈزۈڭدىكى قارىنى كۆرەلەمسەن؟» - دېگەن ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «توغرا سۆز قوپال بولىدۇ، كۆڭۈلگە ئاچچىق تېگىدۇ، ھەزىم قىلسا ئۇنىڭ پايدىسى لەززەت بېرىدۇ، قاتتىق

قىزىقىپ سوراپ قالدى. «مەنمۇ شۇنداق بىر نىيەتتە بولغان، بىراق، سوۋېتنىڭ ھاياتىغا كۆنۈپ قاپتىمەن» دېدىم. ئۇ «مەن ساڭا بىر تەمسىل كەلتۈرۈپ بېرەي. بىر كۈنى ئۆچەي ئىچىدىكى قۇرۇتلار تەرەت بىلەن تالاغا چىقىپ قاپتۇ، بۇ قۇرۇتلارنىڭ بالىلىرى ھەي ئاپا، دادا بۇ جاھان بەك گۈزەل، چىرايلىق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن بىز بۇ يەردە ياشىمايمىز؟ دەپ سورىغاندا ياق بالىلىرىم، بىزنىڭ بەختىمىز چىرايلىق، گۈزەل جاھاندا ئەمەس، قانداقلىكى بولمىسۇن ئانا ماكاندا دەپ ئۆچەينىڭ ئىچىگە بالىلىرىنى باشلاپ كىرىپ كەتكەن ئىكەن؟ چۈشەندىڭمۇ قۇرۇت جىنىدا جەلپ قىلىدىغان باياشات ئەركىن دۇنيا ھاياتىغا كۆنمەيتىكەن» دەپ ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. تەپەككۇر!

سوۋېت پارچىلىنىپ يىراق يېزىلاردىكى ياشلار شەھەرلەرگە كىرىپ ئىشلەپ تىجارەت قىلىپ، شەھەرگە ئاتا-ئانىلىرىنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولىدۇ. ئاتا-ئانىلىرى بۇ تەكلىپكە ھەرگىز قوشۇلمايدۇ. ياق بالىلىرىم بىز ئۆمۈر بويى بۇ سەھرانىڭ ھەربىر گىياسى، توپا چاڭلىرى، قولۇم-قوشنا، ئەل-يۇرتنى تاشلاپ كەتسەك ئۆلار قانداق قىلىدۇ؟ بىز قانداق قىلىمىز؟ بىلىقنى سۇدىن ئايرىماڭلار! دەپ بۇ ئەمەلىيەت بولۇپ، ئەڭ مۇھىمى ئالدامچى باياشات تۇرمۇشقا ئالدانماپتىكەن؟ چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان بىر تونۇش ۋەتەندىكى ئاتا-ئانىلىرىغا ھەم شۇنداقلا تەلپىنى قويغان چاغدا «جېنىم بالام بىز چوڭ بولغاندا ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئەرشىئالاغا چىقىپ كېتەلمەيمىز، ئۆلسەكمۇ ۋەتەننىڭ ئىككى مېتىر يېرىنى ئىگىلەپ خاتىرجەم ياتايلى» دەپ ئالدانماپتىكەن؟

غەرب ئەللىرىدە مۇھاجىرەت ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلار ئىچىدە ھەممە يەر ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ زېمىنى، ھەممە ئىنسانلار ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ بەندىسى دېگەن بەكمۇ ناچار چۈشەنچىنى باشقىلارغا سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتىمىز؟

توغرا: پۈتۈن ئالەم بەندىلەر ئاللاھنىڭ، بىراق ئاللاھ ھەربىر مىللەتنى ئايرىم شەكىلدە قىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم شۇ مىللەتكە تەئەللۇق قىلىپ ئەجدادلىرى ئارقىلىق زېمىن بولۇپ بېرىپ ئۇ يەرنى

ئەگەر ئاچچىق ھەقىقەت ئۈچۈن جان پىداكارلىق قىلماي بىپەرۋالىق قىلىپ يېتىپ ئالساق، مۇنداق بىر تار كوچىغا كۆنۈپ قالغان ئادەم كەڭ كوچىغا كۆنەلمىگەندەك، زامانىۋى قۇللۇق سىياسىي زەنجىر ھاياتىغا باغلىنىپ ئۆسكەن ئەۋلاد، بۇ تەبىئىي ئەنئەنە بولۇپ قالغان ئىللەتلەرنى قولدىن چىقارغۇسى كېلەرمۇ؟ ياكى بولمىسا ئىستىقبالىمىز ئۈچۈن بىرەر پايدىلىق ھەرىكەت قىلىش شەرتىنىڭ پىشىپ يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىنمىدۇ؟

ئەسلى بۇ مۇرەككەپ چىگىش ھالىتىمىزدىن چىقىپ كېتىش يولى بولغان، سىياسىي ۋەزىيەت ماھىيىتىنى خەلقىمىزگە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بىلىم ئالغان ئىدۇق! ئۇ ئالغان بىلىم دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۆز قېرىنداشلىرىمىز ئۈستىدىن غەلبە قازىنىش يولىدا خىزمەت قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالدايدىغان پەللىگە كۆچكەنلىكىمىزنى دەلىللەپ كەلمەكتە؟

بۇ ھەقتە ئەلىشىر ناۋايى «ئەمەلسىز ئالىم، كىتاب يۈكلەنگەن ئۇلاغ!» دەپ چۈشەندۈرسە، ئاللاھ ئۇلارنى چاھار پايلارغا ئوخشىتىپ مۇنداق سۆكىدۇ: ـقايتىلاپ يازىمىز «ئۇلارنىڭ تولىسى گېپىڭنى ئاڭلايدىغان ياكى چۈشىنىدىغان ئادەملەر دەپ گۇمان قىلامسەن؟ ئۇلار چۈشەنمەسلىكتە پەقەت چاھار پايلارغا ئوخشاشتۇر! بەلكى ئۇلاردىنمۇ بەتتەر گۇمراھتۇر!» سۈرە پۇرقات 44ـ ئايەت.

بىز يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچمەس ۋەسىيەتنامىلەرنى ئۆيىمىزگە، ماشىنىمىزغا، ئىشخانىمىزغا چوڭ ھەرپلەر بىلەن يېزىپ چاپلاپ قويۇپ، ئۇنى ياد ئېلىشىپلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن، بۇ ياشاش نىزامى بولغان شوئارلارنى ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالساق ياكى ئېتىبار بەرمىسەك، مەڭگۈ خورلۇققا كۆنۈپ ياشاشنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقتۇر!؟ ئويلان!

ھەممىگە كۆنۈپ قېلىش توغرىسىدا: ـدەسلەپتە ۋەتەنگە بېرىپ كەلگىنىمدە، بىر رۇس زىيالىي ئادەم «مەن سىنىڭ بۇرۇن قىلغان گەپلىرىڭگە قاراپ ئۆز ۋەتىنىڭدە قالامدىكىن دەپ ئويلىغان، شۇنچە ئارمان قىلىپ ھالىڭ قالمايتتى نېمىشكە قايتىپ كەلدىڭ؟» دەپ

ئىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنسانلار ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن بارلىق دېموكراتىيە قانۇن سىستېمىلىرىدىكى گرازدانلىق ھوقۇقلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ بەھرىمەن بولۇشقا ئىنتىلىشىمىزنىڭ ئۆزى سىياسىي ۋەزىيەت يۈزلىنىش تەلەپلىرىنى تونۇپ كېلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ ئىپادىسى كۇپايە دېمەكچىمەن.

ۋەتەن ئازادلىقى ۋەتەن ئىچىدىكى پولاتتەك چېنىققان ئالامەت بىر جاسارەتلىك قەيسەرلىرىمىز ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان غەلبىدۇر!؟ داھىي ھەم چەت ئەللەردە داھىيلىق تالىشىپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىۋاتقانلاردىن ئەمەس بەلكى يەنىلا ۋەتىنىمىزدىكى داھىيلىق سالاھىيىتىگە لايىق ساناقسىز ئوغلانلىرىمىز ئىچىدىن چىقىشىغا ئىشەنچىمىز كامىل!!!

مۇبادا ۋەتەن ئازاد بولۇپ قالغان تەقدىردە، ماڭا ئوخشاش ئانىسىنى تاجاۋۇزچىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كېتىپ، ئەركىن راھەت تۇرمۇشتا مۆكۈنۈپ ئالغان يارىماسلارنى قوبۇل قىلىپ ئالسىلا ئۇ چوڭ ئامەت بەخت سانىلاتتى؟؟؟ بۇ ھەقتە موللا موسا سايرامى «خەلقىڭدىن ئايرىلما! ئەگەر خەلقىڭ بىلەن بىرلىكتە بېشىڭغا ئۆلۈم كەلسىمۇ، ئۇنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن توي، مەرىكە دەپ بىلگىن !» دېگەن ئىدى.

مەن مۇندىن 20 يىل مۇقەددەم كاپىتالىزم توغرىسىدا كىتاب مەلۇماتىغا ھەم كوچىلاردىكى ئەپقاچتى سۆزلەردىن مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە ئىدىم. ئەمما خىتاي، رۇسلارنىڭ يولى ئاتىلىشتا كوممۇنىزم بولسىمۇ، ئۆز خەلقىگە سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىر-بىرىدىن ئىنتايىن چوڭ پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئۆز ھاياتىمدا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىم شاھىت بولۇپ كەلمەكتە.

ئەمدى غەرب ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقىنىمىز، بۇ ئەركىن دۆلەتلەردە پاراۋان تۇرمۇشتا خاتىرجەم ياشاشىنىلا ئەمەس، بەلكىم ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھاياتى، مەدەنىيەت تەرەققىيات، ئۆرپ-ئادەت ۋە سىياسىي يول سىستېمىلىرىغا قىزىقىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ نېگىز مەنبەسىگە تولىمۇ چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان يوشۇرۇن سىرلارنى كۆرۈپ چۈشىنىپ ئېلىش

ئانا ۋەتەن دەپ ئاتاپ ئېگىدارچىلىق قىلسۇن دېگەن ئەمەسمۇ؟ شۇ ئانا تۇپراق بىزنىڭ جەسەتلىرىمىزنىمۇ قوبۇل قىلغۇچى ئانا ماكاندۇر!

بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن قىلغان ئىشلارنى تەقدىر دەپ چىرايلىق ياساپ ئالغانغا ئوخشاش، بىراۋنىڭ يېرىنى بۇ ئاللاھنىڭ يېرى دەپ، ئۆلۈپ كەتسەك جەسەتلىرىمىز كاپىر دۆلەتلىرىدە ئەمەس، ئاللاھنىڭ يېرىدە قالىدۇ دەيدىغان ئۇششۇقلۇق قىلىش كۆزقاراشىنىڭ نېگىزى زادى قەيەردىن كېلىپ چىقتى؟... گەپنى ئۇزارتماي مۇتەپەككۇر ئالىملارنىڭ بەرگەن جاۋابىغا نەزەر سالايلى!

مەخمۇت قەشقەرى «ئىلىكگە قايغۇلۇق كۈنلەر چۈشكەندە ئۇلار بىلەن بىللە بولغىن!».

مۇھەممەد سىدىق زەلىلى «ئەگەر مەرد مۇساپىر بىرەر ئەلگە پادىشاھ بولسىمۇ، دىلى سۇنۇق بۇلبۇلدەك غېرىبلىقتا يەنىلا ئۆز يۇرتىنى سېغىنىدۇ» دەيدۇ.

ئەبۇ نەسر فارابى «پاجىئە ياكى ھالاۋەتنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەمەلىيەتتە ئىختىيارى تاللاش بىلەن قولغا كېلىدۇ!» دەپ، ئەلىشىر ناۋايى «كوچاڭدىن ئۆتتى يارى بىلەن، ھەر كىشى بالاغا قالدى ئۆز ئىختىيارى بىلەن» دېگەن مەنادىكى سۆزلەرنى تەپەككۇر قىلىپ كۆرەيلى!

خۇداغا شۈكرى كۆپلىگەن سەزگۈر ئەزىمەتلىرىمىز، سەرسان سەرگەردانلىقتا يۈرۈپ ۋەتەن ئازاد قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى شۇنداقلا ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ قىرىلىپ تۈگەپ كېتىشكە چاقىرىشنىڭ ئۆزى، دۈشمەنلىك ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىپ ئېلىپ ئۆزلىرىنىڭ يالقۇنلۇق پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە! تەپەككۇر!

بىز مەيلى قايسى دۆلەتلەردە ياشمايلى شۇ دۆلەتلەرنىڭ قانۇن-تۈزۈم، ئىنتىزام، ئۆرپ-ئادەت ئەنئەنىلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئىتائەت قىلىپ، مىللىتىمىزنى تونۇتۇش يولىدا خىتاي باسقۇنچىلىرىغا بولغان قارشىلىق نارازىلىقلىرىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالغان

دۇنيادىكى ھېچقانداق ھۆكۈمدار، مەن جاھانگىر، تاجاۋۇزچى، ئالدامچى خەلقنى ئېزىپ قېنىنى ئىچمەن دېگەن سىياسىي بايرىقنى ئۇچۇق كۆتىرىپ تەختكە چىقمىغان. شىك شىسەيىنىڭ ئادىل سىياسىي بايرىقىغا قاراپ پەيغەمبەر لاياقىتىگە ئىگە ئىنسان ئىكەن دېگەن ئىدۇق؟ جاڭ باشقىچە رەڭلىك بايراقنى كۆتۈرۈپ كەلگەندە بۇ ياخشى خىتايكەن دېموكراتىيە يولىنى تۇتىدىكەن دېگەن ئىدۇق ؟ ھەممىگە مەلۇم بولسا كېرەك چىڭگىزخان، گىتلېر، لېنىن، ستالىن ماۋلاردىن تارتىپ بارلىقى دۇنياغا ئۆزى يەككە خوجا بولۇش يولىنى ئالغا سۈرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ يېڭىلمەس ئۇسۇل مۇھىم ئامىل-خەلق پاراۋانلىقى دېموكراتىيە، ئادىللىق، باراۋەرلىك ئوخشاش ھەممىگە خۇش ياقىدىغان، خەلق سەۋىيىسىگە ماسلاشقان جەلپ قىلارلىق سۆز-ئىبارىلىرى بىلەن يېزىلغان نىقابلىق سىياسىي بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تەختكە چىقالىغان، مەيلى قايسى سىستېمىدىكى دۆلەت بولمىسۇن ئەنە شۇ بىر خىل ئەزەلدىن ئۇنۇملۇك نەتىجە بېرىپ كېلىۋاتقان ئۆزگەرمەس قانۇن ئۇسۇلى بىلەن تۇرلۇك سىياسىي تاكتىكىلار ئارقىلىق ئاگىسزلاندۇرۇپ باشقۇرۇپ كەلگەن ھەم كەلمەكتە؟!

كونا زامان مۇستەملىكچىلىك ئۇسۇللىرى كونا زامان شارائىتىغا ماسلاشقان ئۇسۇللار بىلەن يەنە شۇ بىر خىل شوئارنى تووۋلاپ مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرۇپ ئالاتتى.

بۈگۈنكى شارائىتتا بۇ قالاق ئۇسۇل سىستېمىسى خەلقئارا قانۇنلىرىغا زىت بولغانلىقىدىن يېڭى زامان، تەرەققىي ئەتكەن ئىلغار شوئار ئاستىدا، ئۆزى چەتتە تۇرۇپ دۆلەتلەر ئارا جېدەل-ماجىرا، ئىچكى قىرغىنچىلىق، ھەر ئىككى تەرەپنى ئاجىزلاشتۇرۇپ تۇرۇش ئۇچۇن، ھەر ئىككى تەرەپنى قورال بىلەن تەمىنلەش، ماددىي ياردەمنى ئايىماسلىق ئوخشىغان مۇرەككەپ سىياسىي ئويۇن مەيدانىغا چىقىپ خەلقنىڭ قوللىشى بىلەن ئالقىشىغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە ؟؟؟

كاپىتالىزم دېگەن سۆز كاپىتال دېگەن مەنانى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تۇرغانلىقتىن، بۇ سىستېما كاللىنى كەيپى ساپادا ئەمەس، كاپىتال

ئۇنچىمۇ قىيىن مەسىلە بولمىغانلىقتىن، ۋۇجۇدۇمدا ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان بەكمۇ ساددا ھەم ھاڭۋاقتىلىقىمنى تونۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا خاتىمە بېرىشكە مەجبۇرلاپ قويىدى؟

خۇلاسىلەپ ئېيتماقچى بولساق ھەربىر دۆلەتنىڭ سىياسەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى كۆرۈنۈشتە ھەرخىل كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىنسانلار ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ ھەممە يېرىدە بىز باشتىن كەچۈرۈپ ئالدانغان تارىخلار ماھىيىتىدىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئالدى كۆرۈنىشى ھەقىقى ئادىل مېھرىبان، كەينى ھەممىسىنىڭ ئوخشاشلا بىر خىل، سىرلىق ھەم سېسىق بولۇپ، نىشانغا يېتىش ئۈچۈن قويۇۋالغان كوچا يول ئاتالغۇلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، پۇلۇپمۇ زامانىۋى ئىلغارلىق يوللىرى بىلەن كىشى سېزىپ ئالالمايدىغان دەرىجىدە بىرنەچچە ئەۋلاد كېيىنكى يىراق كەلگۈسى ئاسىملاتسىيە قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان مۇرەككەپ سىستېمىلىرىنىڭ نېگىزىنى ئىگىلەپ چىقىش شەرىپىگە ئىگە بولالىدۇق! كاپىتالىزم تۈزۈمى، زامانىۋى ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، غەيرى ئەركىنلىك، قىمار ئويۇنلىرى، مافىيە قويمىچى فىرمىلىرىنىڭ ئاتىلىش قانۇنلۇق، ئەمەلىيەتتە ئالدامچىلىق كۆز بوياش (بۇ ھەقتە مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟ دېگەن ماقالىمىزدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتۇق) ئوخشاش تۈرلۈك ياخشى ھەم يامان ئىللەتلەرنى دۇنيا يۈزىگە تارىتىش مەنبەسى ئىكەن! مىللەتچىلىك مەسىلىسىگە كەلسەكمۇ، شۇنداقلا دېموكراتىيە باراۋەرلىك شوئار ئاستىدا قانداقتۇر بىر سىرلىق سىياسىي سەلبىي كۆزقاراشنىڭ مەۋجۇتلۇقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن؟! تەپەككۇر!

كوممۇنىزم تۈزۈمىدىكى خىتاي خەلقىنى نامراتلىقتا تۇتۇپ ئاڭسىزلاندۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرۇپ كەلگەن بولسا، شۇ تۈزۈمدىكى رۇسلار ئۆز خەلقىنىڭ پسىخىكىسىغا ماسلاشتۇرۇپ ھاراق ئىچىش ئەنئەنىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، كاللىنى خۇنۇكلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان ئىدى. ئۇ كەيپى ساپادا ئۆتۈۋاتقان ئۆمۈر، زەھەرلەنگەن كاللا قانداقمۇ سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەلىسۇن ھە؟

كېرەك دېگەن ئەڭ ۋەھشىي، ئەشەددىي قاتىللىق، ناھەق ھۆكۈمنى چىقىرىشقا مەجبۇرلىيالىدى؟؟؟

ئەسلىدە يولسىزلىق بىلەن ۋەھىمىگە سېلىپ قورقۇتۇش، زىيانكەشلىك قىلىش، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تېرىش «تېررورىزم» دەپ ئاتىلىپ، قىرغىنچىلىق، قان تۆكۈش بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارغان كىشى، پۈتۈن دۇنيا قانۇنى ھەم ھەرقانداق دىنلار شەرىئىتىدە جازاغا تارتىلىشى كېرەك ئىدى؛ ئەپسۇسكى، بۇ ئەمەلىيەت كۈچلۈكلەر ئالدىدا ئاجىزلارنىڭ ناھەق جازالىنىش ھەرۋاقىت قانۇنىيەت بولۇپ كەلگىنىنى دەلىللەپ قويدى؟

بۇ تاجاۋۇزچىلىق بەزىبىر مەۋقەسىز نادانلارنى قايىل قىلىپ كېلىۋاتقاندەك، ئامېرىكا قەلبىدىكى دۈشمەنىنىڭ پىرابلېملىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن قىلىنغان مېھرىبانلىقمۇ ياكى غەرەزلىك ھالدا سۈننىي ـ شىئە دەپ بولۇپ كۆرسىتىپ ئۆزئارا توقۇنۇش ھاسىل قىلغۇزۇپ، كەسكىنلەشكەن مۇقىمسىز ۋەزىيەتنى ھەدىيە قىلىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا يول قويماسلىقتىن ئىبارەت بولغان، ئاساسلىق مەقسەت نىگىزىنىڭ، سىياسىي رەڭۋاز ئەپتى ـ بەشرىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقمۇ؟؟؟

مەيلى سادامنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئۇ دۆلەتتىن ئۈيغۇرلارغا ياخشىلىق كەلگەنمۇ ياكى كەلمىگەنمۇ ئۇنىڭدىنمۇ قەتئىينەزەر، ئەگەر ھەربىر مۇسۇلمان ئاتاقنى ئېلىپ يۈرگەن ئىمانى كامىل كىشى، مۇنداق پەيتتە، كىمنىڭ كىم ئىكەنلىكىگە سىناپ باھا بېرىش ئۈچۈن، ھېچبولمىغاندا دىلىڭدا بولسىمۇ (ئۆزۈڭنى مۇسۇلمان دەپ پەرەز قىلالىساڭ) مۇسۇلمانلار تەرەپتە تۇرۇپ، مەۋقەنى يوقاتماي ئىمانىڭغا ۋەكىللىك قىلىشىڭ كېرەك ئىدى؟

ئەپسۇسكى بۇ پاجىئە نۆۋەت بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەم سېنىڭمۇ بېشىڭغا كېلىش مۇقەددىمىسىگە نېمانچىلا خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىپ كەتتىڭ ئەي مۇسۇلمان سۈرەتلىك مەخلۇق! بەلكىم دىنداش قېرىندىشىڭنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت پاجىئەسىدىن ئۆزۈڭگە بەخت تاپماقچى بولامسەن؟ بىلىپ قويغىنكى

غىمىدا بەند قىلىپ شۇ كاپىتال ۋەسۋەسچىلىكىدە، ھەسسىلەپ پىرابلېملارنىڭ ئىچىدە ئالدىراش پايپېتەكلىكتە كاللىسىنى قاپاق قىلىپ جىددىيلىشىپ، بويۇنغا باغلانغان پۇل (كىرېدىت) زەنجىرىنىڭ پىرقىرىتىپ ئويىنىتىشىغا قۇل بولۇپ ياشايدىغانلىقىنىڭ رىزولتاتى ئەمەلىيەتتە مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن؟

مۇنداق ئۇسۇل پالاكىتىدىن، ۋاقىتنىڭ ئىنتايىن چەكلىك قايىنىمىنىڭ ئاستىغا چوڭقۇر چۆكۈپ قالغان كىشى، كەيپى ساپا بىلەن ئاڭسىزلاشتۇرغان ئۇسۇللارغا ئوخشاشلا، سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، كىتاب ئوقۇش ئوخشاش سەۋىيە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرىش مۇمكىنمۇ؟ مۇنداق ۋەزىيەت شارائىتىدا، چەت ئەللەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇش ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىنى سىزىپ ئالغۇچىلىكى بار كۆپلىگەن ئىرادىلىك كىشىلىرىمىز، ھېچقانداق قۇللۇق زەنجىر تۈرلىرىگە بوي بەرمەي، قىممەتلىك ۋاقىتنى ئەقىللى باشقۇرۇش ئىقتىدارى بىلەن پايدىلىنىپ، ھاياتنىڭ مەنىلىك ئۆتىشى ئۈچۈن، پۈتۈنلەي پائالىيەتلەرگە ۋاقىت چىقىرىپ ئۈلگۈرەلەيدىغان ئەزىمەتلىرىمىزمۇ ئاز ئۇچرىمايدۇ...

دېموكراتىيە دېگەن سۆز گىرېكچە سۆز بولۇپ، خەلق دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. بۇ سىستېمىدا خەلق ئۆزى سايلاپ چىققان دېپۇتات ۋەكىللىرى ئارقىلىق كۆپ ھەم ئاز سانلىقلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىك، ئۆرپ-ئادەت، دىنى ئېتىقاد، ئەنئەنە رەسمىي قائىدىلىرىنى قوغداپ قېلىش ھوقۇقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن مەنمۇ شۇنداقمىكىن دەپ قىياس قىلاتتىم. «كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرەرسەن ئۆلمىگىنىڭ» دېگەندەك، ئۆز ھاياتىڭىزدا كىتابلاردا ئوقۇمىغان، قانۇنلاردا يېزىلمىغان، تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان كۆپ ئىشلارغا دۇچار بولىسىزكەن. بۇ يەردە بىرلا مىسال ئېلىپ كۆرسەك، كۆپلىگەن سىياسەت تەسىرىدىن چوڭقۇر زەھەرلەنگەن كىشىلىرىمىز سادام ھۈسەيىننى ئەيىبلەپ يوققا چىقىرىشقا ئورۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ... گەپنى ئاۋۋۇتمىساق بۇ ئەھۋال، قايسى دېموكراتىيە بېسىم كۈچ تەسىرىدىن، دىكتاتور دارغا ئېسىلىش

ئارقىلىق، مۇستەقىللىق دەۋاسىنى قىلىۋاتقان **ئۇيغۇر** بىلەن چېچەننى ۋە زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار ھەرىكىتىنى ــ دۇنيا تېرروروزلۇق ھەرىكىتى دەپ خەلقئارادا جار سېلىشقا مۇيەسسەر بولالىدى.

بۇ ئەڭ ئاداققى مەقسەتكە يەتكەن بىر مەقسەتلىك دۇنيا يىرتقۇچلىرىدىن ئىبارەت بولغان ئۈچ رىقابەتچى قۇدرەت ــ ئامېرىكىنىڭ 2001ــ يىلى 28ــ سېنتەبىر 1373ــ نومۇرلۇق قارار قوبۇل قىلىپ «تېرروروزلۇققا قارشى كومىتېت» قۇرۇپ چىققىنى بىلەن، 12ــنويابىر «يەرشارى بويىچە تېرروروزلۇققا قارشى تۇرۇش» خىتابنامىسىنى پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلىپ بىر ــ بىرىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تەبرىكلەشتى.

دېمەك «تېرروروزلۇققا قارشى كومىتېت»نىڭ تەرجىمىسى، مۇسۇلمانلارغا قارشى كومىتېت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوچۇق ئېچىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن نۆۋەتتە ئىراق ئافغان دۆلەتلىرىدىن باشلاپ ئارام ئالدى؟

ئەمدى كىم تېرروروزچى، ئۆي ئىگىسىمۇ ياكى بىراۋنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرگەن كىشى، ئۇچىغا چىققان ئەشەددىي تېرروروزچىلارنىڭ پادىشاھسى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويغان كىشىمۇ؟ قېنى ئۇنىڭ، خەلقىمىزنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ئۈلگە بولىدىغان ھاجىلىرىمىزنى يولدىن ئازدۇرۇپ... كېلىۋاتقان دېموكراتىيە،ئادىللىق، مۇستەقىللىق، باراۋەرلىك دېگەن سىياسىي خامليون رەڭلىك بايرىقى قەيەردە قالدى؟؟؟

ئامېرىكا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ دېموكراتىك پرىنسىپ باياناتلىرىغا، ب د ت ھەم ئۆز دۆلىتىنىڭ قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغىنى بىلەن، ئەڭ ئەشەددىي رەقىبى خىتاي ھەم رۇسىيەنى يوق قىلىپ تاشلاش يۈرەك قاتلىمىدىكى ئاساسلىق ئارمىنى بولسىمۇ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەلۋىلىك قىلمايدۇ. چوڭقۇر ئويلىشىدۇ. چۈنكى خىتايمۇ، بىر پاي ئوق ئىشلەتمەيدىغان ئۇسۇللار بىلەن كۆپ دۆلەتلەرنى قول ئاستىغا ئېلىپ ئاغزىغا قارىتىپ ئالدى؟

مۇسۇلمانلارنىڭ خارابلىققا يۈز تۇتۇشى، ئۇيغۇرنىڭ يەر يۈزىدىن يوق بولۇپ كېتىشى ئەمەسمۇ؟ بۇ ھەقتە چىن ھەقنى ئازراق بولسىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئېيتىپ قويغىنىم ئارتۇق كەلمەس! شۇنىڭ ئۈچۈن، پەقەتلا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن پانا ئىزدەپ سورايدىغىنىم «ئى ئاللاھ بەندىلىرىڭ قاتارىدا بىزگىمۇ ئەقىل-پاراسەت ئاتا قىلساڭ بولمامدۇ؟» دەپ سورايمەن!

چۈنكى ھۆسەنجان جېلىل ئوخشاش بىر يۈرۈش مۇسۇلمانلار بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەرگە، مۇسۇلمانلارغا ۋاكالەتلىك قىلىۋاتقان «خەلقئارا ئىسلام بىرلىكى» ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ نارازىلىق بىلدۈرەلىدىمۇ؟ بىلدۈرگەن ھالەتتىمۇ ئۇ ئاتالغۇدا، ئۈنچىلىك قۇدرەت ھەم ئىناۋىتىنىڭ يوقلۇقىغا، ھەممىمىز ئەمەلىيەتنىڭ دەلىل ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىمىز ئەلۋەتتە!؟

ئۇنداق بولسا، ھېلىقى بىزنى ئىشەندۈرۈپ، چوقۇندۇرۇپ ئالغان - كىشىلىك ھوقۇقنى قوغدايدىغان تەشكىلات ئاتالغۇلىرى قەيەردە قالدى؟؟؟

ئەجەبا، بۇ ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇسۇلمانلارغا ئارتىپ قويۇپ... كۆپچىلىك خەلقنى قايىل قىلىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىدىيىنى سىڭدۈرگەنلىكى، مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان ئويۇن بولماي نېمە؟

ئامېرىكا 2001- يىلى سېنتەبىر ۋەقەسى باناسى بىلەن ئۆزۈندىن بېرى كۈتۈپ تۇرغان بۇ قولايلىق پۇرسەتنى قولدىن چىقىرىپ قويماي، پىلانلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇسۇلمان ئەللىرىنى ئەيىبلەپ تېررورچىلارغا چىقىرىش غەرىزىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئالدى. بۇ مەسىلە، خەلقئارا قوللايدىغان بىرەر ئىشەنچىلىك قۇدرەت تاپالماي تۇرغان خىتاي ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنى ئاشكارا ئەيىبلەپ تېررورىستلارغا چىقىرىش ئۈچۈن شۇنداقلا رۇسىيە ئۈچۈنمۇ چېچەنلەرنى تېررورىستلارغا چىقىرىپ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشىغا كەڭ كۆلەملىك ئىمكان، شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەن ئىدى.

بۇ ئىككى جاھانگىر ئامېرىكىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش

سىڭىپ كېتىشى مۇمكىنمىدۇ؟ ياكى ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقىغا قىزىقىپ ھەدىيە قىلىنغان مۇستەقىللىق (بۇ بىر شېرىن چۈش) بۇگۈنكى خارابلىق ھالىتىمىزدىن نەچچە ھەسسە، بەتتەر ۋەيرانچىلىق - بىر-بىرىمىزنى قىرىپ يوق قىلىش ئۈچۈن يول ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىش ئۈچۈن، بۇگۈنكى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان دۇنيا ۋەزىيىتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، گەپنى ئۇزارتمىساقمۇ، كونا چۈشەنچىدىن قۇتۇلۇشنى خالىغان سەزگۈر كىشىلىرىمىز، دۇنيا يۈزىدە يۈز بېرىۋاتقان دۆلەتلەر ئارا ھەم ئىچكى توقۇنۇش ئۇرۇشلىرىنىڭ كېلىپ-چىقىش توغرىسىدا، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتقان ياسالما سىياسىي تەشۋىقلارغا ئىخلاس قىلىشقا خاتىمە بەرگەنلىكىنى، سىياسىي مەخپىيەتلىكنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە دەپ چۈشىنىمەن!؟

ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقى ئۇ تاجاۋۇزچى قۇدرەتلەرگە كېرەك بولغان بولسا، بىز تېخى پەرەز قىلىپ باقمىغان ۋاقىتلاردىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان قۇلايلىق پۇرسەتلەرنى قولدىن چىقىرىپ قويمايتتى؟

ئەمدى كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئۆزىنى ئاتىغان نادان بولمىسىمۇ، ئاساسلىق غەرەز قىلىنغان نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، بىزگە ئوخشاش ياردەمگە موھتاج بولۇپ قالغانلارنىڭ تۇغدۇرۇپ بەرگەن شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرنىڭ قولى بىلەن خىتاينىڭ چىشىغا تېگىپ تاماشا كۆرۈۋاتقىنى، بىز ئۈچۈن ئالامەت بىر يېقىملىق مېھرىبانلىق بىلىنىپ كەتكىنى بىلەن، ئەگەر ئۆمۈر بويى سىڭدۈرۈلگەن سىياسەت تەسىرىنىڭ كۈچىنى تونۇپ يېتەلىسەك - بۇ خىلدىكى بارچە ئادىللىقلارنىڭ ئاستى، ئۇيغۇرنىڭ غېمىنى قىلغانلىق بولماستىن... يۇقىرىدا يېزىلغان ۋەسىيەتنامە شوئارلىرىغا مۇراجەت قىلىڭ! مەرھەمەت! نېمە ئۈچۈن گەپ تاپالمىغاندەك تەپەككۇر، تەپەككۇر دەپ ئېيتىپ ھەرقانداق غەمخورلۇقنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ ئېلىشقا چاقىرىمىز؟ نېمە ئۈچۈن؟ ئۆزىمىز مەنزىلىنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، قاچانغىچە پاجىئەگە ئۇسۇل ئويناۋېرىمىز؟؟؟

ئامېرىكىغا ئاجىز ۋاخلىرىدىن تارتىپ بېقىنمىغان. ئەسلى ئۇنىڭ نىشانىمۇ ئامېرىكا بىلەن رۇسىيەنى يوقۇتۇشنى پىلان قىلىدۇ؟؟؟

رۇس ئارمىيىسى ئەزەلدىنلا چىش تىرنىغىچە پەۋقۇلئاددە زامانىۋى قورال‌لارغا ئىگە كۈچلۈك تەجرىبىلىك ئارمىيە... ھەرقانداق تاجاۋۇزچىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرەلەيدىغان قۇدرەت ئىگىسى. قىسقىسى بۇ ئۈچ قۇدرەت دۇنياغا يەككە ئۆزى خوجايىن بولۇشنى كۆزلەپ ئۇنىڭ قۇلايلىق يوللىرىنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشىسىمۇ، بىر-بىرىگە تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشىنەلەيدۇ ؟ ئۇلار سەھنە كۆرۈنۈشتە ئىنسان ھوقۇقىنى قوغدايمىز دېگەنلىرىگە تولىمۇ ئېتىقاد قىلىپ كەتمەي ئۇ ئادىللىقلار ئاستىغا يوشۇرۇنغان غەرەزنىڭ قانداقلىقىنى تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئۇلار دۈشمىنى بىلەن دوست بولۇپ، دوستى بىلەن دۈشمەن بولۇپ قالغانلىرىدىنمۇ بىلىپ ئالالايمىز؟!

ئۇلار پەقەتلا ئاتىلىشتا ھەرخىل شارائىتتا، ھەرخىل ئاتالغىنى بىلەن، ئەسلى بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى سېزىپ چۈشىنىپ ئالىدىغان ۋاقىت بىزگىمۇ يېتىپ كېلەرمۇ؟... ئوھ جان! چايانمۇ بىر-بىرىنى چاقمايدىكەن، باشقىلارنى دۈشمەنلىك قىلىش نىيتى بىلەن ئەمەس، پەقەتلا تەبىئىتىنىڭ شۇنداقلىقىدىن چاقىدىكەن ئەمەسمۇ؟؟؟

بۈگۈنكى مەنمەنچىلىك يامراپ كەتكەن، گاڭگىراپ قېلىۋاتقان پەيتىمىز - بىرلىرى ئۈچۈن قۇلايلىق پايدىلىنىش پۇرسىتى بولسا - ئۆزىمىز ئۈچۈن شارائىتىمىزغا ماسلاشقان، ئىلمى جاسارەتنى سەپەرۋەرلىككە چىقىرىپ، ماھىيىتى باسقۇچلۇق تەدبىر ئامىل كۈچى بىلەن، جىھادنىڭ بىر تۈرى بولغان تەپەككۇرنى بارلىققا كەلتۈرۈش جەڭ مەيدانىدا، ئالدى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش يولىنى تېپىپ ئېلىشىمىز لازىم ئىدى؟ ئامال قانچە؟

مۇبادا بىز قىلىۋاتقان شېرىن خام خىياللىرىمىز ئەمەلگە ئاشتى دەپ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلىسەك؟ مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى ۋۇجۇدقا چىققان تەقدىردىمۇ، چىگىش تورىغا ئۆرۈلۈپ كەتكەن بىر-بىرىمىزگە بولغان ئۆچمەنلىك زىددىيەتلىرى، ئۆزلۈكىدىن تارىم چۆلىگە

رىئايە قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر!!! ئۇلارغا نىسبەتەن بىزنىڭ قۇرۇق سۆزىمىزنى، ئېزىپ تىزىپ بىرەر قېتىم چىقىرىپ قويسا، ئۇنى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىك دەپ چۈشىنىپ ئالساق، سىياسىي ئۇقۇم ئېگىمىزنىڭ نۆل دەرىجىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىنى دەلىللەپ قويغانلىق بولۇپ قالىدۇ!؟

ئەزىز، باغرىم قېرىنداشلىرىم! بىزدە يەنە بىر ئىدىيە مەۋجۇتكى، ئۆزىمىزنىڭ چىچىلاڭغۇلۇق ھاياتىمىزغا ماسلاشتۇرۇپ ھەربىرىمىز ئۆز ئالدىمىزغا رەڭگارەڭ مۇستەقىل دۆلەت، تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ نامىلىرىغا زوقلىنىپ، شۇ ياشاۋاتقان دۆلەتلەر نامى بىلەن يەنى ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى، كانادا ئۇيغۇرلىرى، گېرمانىيە ئۇيغۇرلىرى، شۋېتسىيە ئۇيغۇرلىرى.... قۇرۇلتىيى، بىرلىكى... دېگەنگە ئوخشىغان، ساق ئادەمنى كېسەل قىلىپ قويىدىغان ئاتالغۇلىرىمىز بىلەن ئاتاپ تۇرۇۋاتقىنىمىز، سىياسىي جەھەتتىكى ھەقىقى چىن سەزگۈرلۈك ھاسىل بولۇشىغا، تېخى ۋاقىت يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە؟؟؟ تەپەككۇر! تەپەككۇر! تەپەككۇر!

شۇنىڭ ئۈچۈن ئېتىراپ قىلماسلىققا ھېچقانداق ھەققىمىز يوقكى، خىتايلىق، خىتاي ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان قاپاقۋاشلارنىڭ چۈشەنچىسىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەشتىن باشقا ئىلاج تېپىش مۇمكىنمۇ؟؟؟ مەرھەمەت ئويلۇنۇڭ!!!

بۇ ئۇقۇم سەۋىيىسى، ئەينى «جۇڭگو **ئۇيغۇر** ئون ئىككى مۇقامى» دېگەن يېڭى كەشىپ قىلىنىپ ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپ كېلىۋاتقان يېڭىلىقتىن پەرقلىنىشى مۇمكىنمۇ؟؟؟ دات پەرياد!

ئۇ تاجاۋۇزچى ئۇيغۇرنىمۇ، ئۇيغۇرنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرى ئون ئىككى مۇقامنىمۇ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسى قىلىپ ئالسا، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۆزىمىز كەلدىئاخۇن بولۇپ ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ خۇددى بىر ئېتىزلىقتىن ئۈنۈپ چىققان يېڭى بىر مىللەت شەكىلدە، مەن شۇ تەرەققىي ئەتكەن مەدەنىيەتلىك دۆلەتنىڭ غودۇر ئۇيغۇرىمەن دەپ كۆرەڭلەپ، تەركى دۇنيالىق ھاياتىنى ھۆرمەت بەلگىسى، ئىلغارلىققا ئېرىشكەنلىك دەپ چۈشىنىپ ئېلىپ، غاپىللىق،

مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى مۇنداق ئېيتىدۇ «ئەقلى بار ئادەم-ئىنسان، ئەقىلسىز ئادەم ھايۋان!» دېگەن بولسا ئەبۇ نەسر فارابى «بارلىق ئىنسانلار ئەقىللىق ھايۋان، بارلىق ئەقىللىق ھايۋانلار ئىنساندۇر!» دېگەن ئىدى.

ئامېرىكا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى بىلەن كامالەتكە يەتكەن قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ نەمۇنىسىدۇر! ئۇ پاناللىق ئىزدىگەن ھەرقانداق مىللەت ئۈچۈن قانۇنى بويىچە پاناللىق بېرىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇيغۇرلار مۇشۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

بۇ مەسىلىلەر ئۇلارنىڭ قانۇن-تۈزۈم، پرىنسىپ پروگراممىلىرى بويىچە مەجبۇرىيەت سانىلىپ كېلىۋاتقان ۋەزىپىلىرى بولسىمۇ، ئىنتايىن كام ئۇچرايدىغان ئاخبارات مەتبۇئاتلىرىدا ئۇيغۇر دېگەن بىر ئېغىز سۆز تەساددىپى ئاڭلىنىپ قالسا - ياكى ئۆز قانۇنى بويىچە پائالىيەتلىرىمىزگە شارائىت يارىتىپ بەرسە، خۇددى بىر راستىنلا ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ كېتىپ، بولدى ئۇيغۇرلارنى پۈتۈن دۇنيا تونۇپ كەتتى. ئۇيغۇر مەسىلىسى پات يېقىندا بىر تەرەپ بولىدىغان بولدى، پالانچى ئاكام مۇنداق دېدى، پۇستانچى دادام مۇنداق ئېيتتى دېگەنگە ئوخشاش يېڭى-يېڭى كەشىپ قىلىنىۋاتقان ئۆزىنى ئالداش خۇشاللىقىدىن قان قېنىمىزغا پاتماي قىلىۋاتقىنىمىزغا گەپ كۆپ! سۆز ئاز! ھەممىسىنى ئېيتالمايمىز؟ ھەسرەت چېكىشكە مەجبۇرلىنىمىز!؟

بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە قوينىنى ئېچىپ پاناللىق بېرىشى، ئۇ بىر يۈكسەك ئالىيجانابلىق پەزىلەت بولماستىن، ئاددىيلا بىر ئىنسانچىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر!؟

بىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا ۋەتىنىمىزگە قېچىپ ئۆتكەنلەرگە پاناللىق بېرىپ قوينىمىزغا ئالغان ئىدۇق. سۆزىمىزگە كەلسەك، بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتلەر دۇنيا يۈزىدىكى جانلىق جانسىز مۆجىزىلەرنىڭ تەبىئىيلىكىنى قوغداپ قېلىش يولىدا، ئۇلارنى تولۇق تونۇپ ئىگىلەپ چىقىش ئۈچۈن چەكسىز مەبلەغ ئاجرىتىپ تەتقىقات مەھكىمىلىرى ئارقىلىق كۆزىتىپ غېمىنى قىلىپ غەمخورلۇق قىلىشى، ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنلىرىغا

ئەدەبىي تىلىغا (17 ـ 19 ـ ئەسىرگىچە) چوڭقۇر ھەل قىلغۇچى تەسىر كۆرسىتىپ ھازىرغىچە شۇ **ئۇيغۇر** تىلى ئۇلاردا ساقلىنىپ كەلمەكتە. 1204 ـ يىلدىن باشلاپ موڭغۇللار ھازىرغىچە قەدىمى **ئۇيغۇر** يېزىقىنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە. بۇ پاكىتلار شۇنى تەكىتلەپ بېرىدىكى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا **ئۇيغۇر** تىل-يېزىقى مەدەنىيەتلىرى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن ئىكەن. تارىخلىرىمىزدا قالدۇرۇلغان قىممەتلىك بەدىئىي يادىكارلىق بايلىقلىرىمىز ھەم ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرلىنىپ يېزىلغان. شەرقشۇناس ئالىملار دۇنياغا تونۇلغان شۇ دەۋرنى «ئۇيغۇرىزىم» دەپ ئاتىدى.

چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، **ئۇيغۇر** دىيارىنى ۋە غەربىي تۈركىستاننى چاغاتايغا، ئالتاي ئېدىل بويلىرىنى ئوگدەيگە، قىپچاق دالاسىنى جومىگە بولۇپ بەرگەن. چاغاتايغا بولۇپ بەرگەن يەرلەردە (ۋەتىنىمىزدە) ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلق تۈركىي تىللىقلار جايلاشقان بولۇپ ئۇلار يۈكسەك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ياراتتى. دېمەك «چاغاتاي تىلى»، «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دېگەن ئاتالمىلار ھەرگىزمۇ «موڭغۇل تىلى»، «موڭغۇل ئەدەبىياتى» بولماستىن، تىل تارىخ نۇقتىلىرىغا ئاساسلانغاندا قارلۇق ـ **ئۇيغۇر** تىلى قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ دۆلەت تىلى ۋە پۈتۈن تۈركىي تىللىقلار ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشكە، شۇ تىل ئاساسىدا يادىكارلىقلارنى يارىتىشقا كۈچلۈك تەسىر يەتكۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭ داۋامى چاغاتاي دەۋرىدىلا ئەمەس تاكى 17 ـ 18 ـ ئەسىرلەرگىچە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يوقاتماي كەلگەن ئىدى.

بۇ **ئۇيغۇر** يېزىقى ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستاندا 1964 ـ يىلى 24 ـ ئۆكتەبىردىن باشلاپ ئۇزۇل ـ كېسىل چەكلىنىپ خىتاي تىل شېۋىسى ۋە دۇنيا يېزىقلىرىغا ماسلاشتۇرۇلغان لاتىن ئېلىپبەسىنى ئاساس قىلغان يېزىققا ئۆزگەرتىلدى.

ئەسلى بۇ يېزىق خىتاي تىلىنى ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئۈچۈن قوللايلىق سانىلىپ قوللىنىپ كەلگەن ئىدى.

1982 ـ يىلىغا كەلگەندە يېڭى يېزىق دەپ ئات قويۇۋالغان لاتىن

خامۇشلىقىمىزنى ئالاھىدە ئۇيغۇر قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغىنىمىز بىلەن، زاڭلىشىپ كەتكەن شالغۇتلىقىمىز ئۇنى چاندۇرۇپ قويۇۋاتسا قانداق قىلىمىز؟؟؟ ئۇ چاغدا ھېلىقى ھەممىمىز ياد ئېلىۋالغان ۋەتەن مىللەت دېگەن نەزەرىيە سۆزىمىز بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ قارشىلىقى چاندۇرۇپ كېلىۋاتقان تراگېدىيىنى سېزىپ ئېلىش ئۈچۈن، يەنە قانچىلىك جەريان تەلەپ قىلىنىشى كېرەك؟؟؟

## تىل – يېزىق ھەققىدە

تىل توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مىللەتنى يوقاتماسلىق ئۈچۈن، تىلدىن مۇتلەق ئايرىلماسلىق كېرەك» دېگەن ئىدى.

ئەبۇ نەسر فارابى «بىر مىللەتنىڭ ئىككىنچى مىللەتتىن پەرقلىنىپ تۇرۇش خاراكتېرىگە ئاساسلانغان قورال – ئۇ تىلدۇر» دەپ ئېيتىدۇ.

خەلقىمىز ئىچىدىكى دانالار «ئانا تىلىڭ، ئايرىلماس ئىككىنچى ئېلىڭ!» «تىل مىللەتنىڭ ئىككىنچى ۋەتىنى!» دەپ ئىپادىلەيدۇ.

**ئۇيغۇر** تىلى 8 ئەسىردىن باشلاپ بارلىق تۈرك قەبىلىلىرى چۈشىنىدىغان تىل 14 ئەسىرگىچە ئورتاق تىل بولۇپ، 20– ئەسىرلەرنىڭ بېشىغا قەدەر چاغاتاي تىلى نامى بىلەن ئاتىلىپ ئورتاق ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە قوللىنىلدى.

گەرچە يازما يادىكارلىقلار ھەربىر يۇرتنىڭ يەرلىك شېۋە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرسىمۇ، ئۇيغۇر تىل ئېلېمېنتى ئاساس قىلىنغان – قاراخانىيلار ئەدەبىي تىلى بولغان قارلۇق – **ئۇيغۇر** تىلى شۇنىڭدەك ئىسلام كىرگەندىن كېيىنكى ئەرەب ئېلىپبەسىدىن ئېلىنغان **ئۇيغۇر** يېزىقى ۋەتىنىمىزدە 1300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەڭ كۈچلۈك خاقانلار، ئۇيغۇر تىلى بىلەن مەدەنىيەتتە ئىلگىرلەش باسقۇچىغا كىرىدۇ.

بۇ تىل ئوغۇز – قىپچاق ئەدەبىي تىلىغا، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىغا، كونا ئۆزبېك تىلىغا (15– 19– ئەسىرگىچە) كونا تۈركمەن

يېزىقلىرىنى ئۆگىنىپ ئۇلارغا ماسلىشىپ ياشاش ئۈچۈن ئەڭ قولايلىق ئىلگىرلەش شارائىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ...» دېگەنگە ئوخشاش بەكمۇ تار دائىرىلىق چۈشەنچىلەردىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتىدۇ.

بۇ ئۇقۇم چۈشەنچىسى بەزىبىر تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى 50 سوملۇق پايدىنىڭ مەھرىدىن كېچەلمەي، كېلەچەكتىكى 5 مىڭ سوملۇق كىرىم پايدىدىن قۇرۇق قالغانلىرىغا ماسلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلامدۇ نېمە؟ توغرا، ھەققە باش ئەگمەي ھەققىمىز يوق! بىراق يېزىق ئۆزگىرىپ تىل ئۆزگەرمىگىنى بىلەن، بۇ ئۈچ خىل يېزىقتا ئوقۇغانلار ئۈچ خىل سەۋىيە، ئۈچ خىل كۆزقاراش، ئۈچ خىل ئىدىيە ئىكەنلىكى شۇ كىشى بىلەن بولغان بىرنەچچە مىنۇتلۇق سۆھبەتتە ئۇنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش دائىرىسىدىن **ئۇيغۇر** يېزىقىنى تونۇمايدىغانلىقى، ئىچكى دۇنيا بىلىم ئۆلچەم دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرسا بۇ ئەمەلىيەتنى قايسى تەرەققىيات ئىلغارلىقىغا ماسلاشقانلىق بولىدۇ دېسەك بولىدۇ؟

ئارخېئولوگ قۇربان ۋەلى «بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز»نى يازدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنى دۇنيا ئالىملىرى خېلى تونۇپ قالدى. بىز تېخىچىلا ئۆز لاياقىتىمىزنى تونۇپ يېتىش دەرىجىسىگە يېتەلمەيۋاتىمىز؟ نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئەجدادلىرىمىز ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىسلام دۇنياسىغا قوشقان تارىخ سەھىپىلىرىدىكى شانلىق ئىلىم مەنبە يېزىقلىرىنى ئوقۇيالمىغانلىقىمىزدىن ئۇلاردىن خەۋەرسىز قالدۇق؟ بۇ ھەرخىل ئاتالغۇدىكى يېزىقلار خەلقىمىزنى چىگىش يوللارغا كىرگۈزۈپ قويۇپ ئۆملۈك، ئىناقلىق ئۇقۇم بىرلىكىنى توساپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ بىر خىل سەۋىيە ئۇقۇمى بىلەن راۋاجلىنىش پەللىسىنى بىرنەچچە ئون يىل كەينىگە سۈرۈپ تاشلىغانلىقىغا بۈگۈنكى ھاياتىمىز گۇۋاھتۇر! كۆپلىگەن زىيالىيلىرىمىز بۇ ئۈچ يېزىقنى ياخشى ئىگىلەپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ سانى بىر پىرسەنتكىمۇ يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن، مىللەتنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىش، چۈشىنىش، مەنىۋى باغلىنىش ماھىيىتىنى تراگېدىيىلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويماقتا!

يېزىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قايتىدىن **ئۇيغۇر** يېزىقى قوللىنىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى! ئۇنىڭ ئاقىۋىتى كىمگە پايدا، كىمگە زىيان ئېلىپ كەلدى؟

18 يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ لاتىن يېزىقىدا ئوقۇغانلارنىڭ خېتىنى چوڭلار ھەم كېيىنكىلەر ئوقۇيالمايدىغان، مىڭ يىلدىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان چوڭلارنىڭ ھەم كېيىنكىلەرنىڭ خېتىنى ئوتتۇرا ياشتىكىلەر ئوقۇيالمايدىغان، ئۆتكەنكى تارىخلىرىمىزدا يېزىلغان چەكسىز ئىلىم غەزنىلىرىدىن راۋان پايدىلىنالمايدىغان، شۇنداقلا ئەقىل ماكانلىرى، دىل چىرىغى بولغان دىنى كىتابلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپ بەھرىمەن بولالمايدىغان، چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن زىيالىي ئالىم ئىنقىلابچىلىرىمىزنىڭ ۋەتەندە ئوچۇق ئېيتالمىغان تەقدىرىمىزگە شىپالىق يازما ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ پايدىلىنالمايدىغان، پالەچ ھالەت كۆزقاراشنىڭ ھەرخىل شەكىللىنىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى؟

1929– يىلى ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزبېكىستان پايتەختى سەمەرقەنتتە ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1936– يىلى لاتىن ھەرپىنى ئاساس قىلغان يېزىق مەيدانغا چىقىدۇ. 1946– يىلىغا كەلگەندە كىرىل ئىسلاۋىيەنچە ھەرپى ئاساسىدا رۇسچىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن يېزىققا ئۆزگەرتىش ئويۇنى ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئالىي مەكتەپلەرمۇ بېرەلمەيدىغان ئىلىم مەنبەسى **ئۇيغۇر** يېزىقىنىڭ مۇقىمسىزلىقىدىن كېلىپ چىققان قايغۇلۇق ھالەتتىن كىملەر ئۆز غەرەزلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئالدى؟

بىز بۇ ھەرخىل يېزىقلار توغرىسىدا خەلقىمىز ئىچىدىكى كۆزقاراشلارنى ياخشى بىلسەكمۇ، ئۇنىڭ بىرىگە توختىلىپ ئۆتەيلى. «تىل مەسىلىسىنىڭ يېزىق بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، يېزىق مەيلى قانچە ئۆزگەرمىسۇن، ئەڭ مۇھىمى تىل ئۆز پېتىچە ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ...».

«لاتىن يېزىقى كومپيۇتېر پروگراما سىستېمىلىرىغا، خەلقئارا تىل-

پايدىلىنىپ، دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئىلگىرىلەپ تونۇلماقتا!

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەرپلەر «ش ئۇ ئا ر» تىل - يېزىق كومىتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەتقىقاتچىلار تىرىشچانلىق بىلەن 98-يىلى خەلقئارالىق 10646 ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش ئۆلچىمىگە كىرگەن ھەممە خەلقئارا كود جەدۋىلى XX XXXX قا كىرگۈزۈلگەن. 2000 يىلدىن باشلاپ **ئۇيغۇر** يېزىقى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغان ھالەت شەكىللەنگەنلىكى مەلۇم. خەلقئارا تىل-يېزىقلىرىنى ھۆرمەتلىشىمىز لازىم! ئەمما يەنىلا ئۆزىنى قەدىرلەپ ھۆرمەتلەشنى بىلگەندىلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويمايلى!

مەن ئەسىرلەر بويى ئۆز دۆلىتىدىن ئايرىلىپ چەتئەللەردە ياشاۋاتقان مىللەتلەر ھاياتىغا قىزىقىپ بىرىنچى نۆۋەت سورايدىغىنىم، تىل-يېزىق توغرىسىدا بولۇپ ئىگىلىشىمچە ھېچقايسى مىللەت شارائىتقا قاراپ تىل-يېزىقىنى ئۆزگەرتمىگەن. خىتاي بىلەن تەيۋەنلىكلەرمۇ ئايرىم تۇزۇم سىستېمىسىدا تۇرۇپ تىل-يېزىق ئۆرپ-ئادەت ئەنئەنىلىرىنى ئۆزگەرتمىگەن، باشقا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر مۇشۇنداقلا بۇ ئىللەت ئىنسانلارنىڭ باشقا نەرسىلەردىن پەرقلىنىشىنى كۆرسىتەلەيدىغان پاكىتلارنىڭ بىرىدۇر!

ھۆسنۈڭ يەتسە گۈل قىس! ئەگەر چەت ئەل تىل-يېزىقلىرىنى ئۆگىنىشكە بولغان ھەۋەس ئىنتىلىشىڭىز كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن يول داغدام ئوچۇق، ئۇ ئىلىم قابىلىيەت پەللىسىگە ئېرىشكەنلىك غالىبىيەت بەلگىسى بولۇپ، مىللىتىڭىزگە تۆھپە قوشقانلىق، ئانا سۈتىنى ئاقلاپ چىققانلىق، ھەم مىللىتىڭىزنىڭ شان-شەرەپ ھۆرمەت ئۈلگىسى قاتارىغا قوشۇلغانلىقتۇر!

**ئۇيغۇر** يېزىقى ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى ئۈچۈن يول تېپىش ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزىمىزگە چىڭ بولۇپ قوشىنىمىزنى ئوغرى تۇتماسلىق پرىنسىپ يولى بىلەن ياشاش ئىستىقبال بايرىقىمىزدۇر!

ئۆز يېزىقىمىزدىن ۋاز كېچىش ئۇسۇلىنى قوللاش ئۇنىڭغا بېيەرۋالىق قىلىش دۇنيا تەرەققىيات تەلىپىگە ئەگەشكەنلىك بولسا دىنىمىزنىڭ، تىلىمىزنىڭ ھەم دىلىمىزنىڭمۇ ئۆزگىرىشى، دۇنيا تەرەققىيات ئىلگىرىلىشىگە ئەگەشكەنلىك بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىمۇ ئەمەلىيەتتۇر!؟

تىلنىڭ بوزۇلۇش-نادان دىلنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان ئاپەت بولغانلىقتىن، تىلنى بۇزالىغان بىلىمسىز دىل-مىللەت ئالاھىدىلىك ساپاسى، ئېتىقادىنى ھەم بۇزالايدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئەمەلىيەت تەرەققىياتقا ياتامدۇ؟ ياكى زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقمۇ؟

ئايرىم قېرىنداشلىرىمىز لاتىن يېزىقىغا كۆچۈش سەۋەبىدىن ئەزىزنىڭ شەخس خاھىشى دەپ چۈشىنىپ ئېلىپ، ئۇنى بۇرۇن ئەيىبلىگەن بولسا ئۇندىن كېيىن مەدھىيلەشكە باشلىدى؟ لاتىن يېزىقىدا ئوقۇغان كۆپلىگەن تىرىشچان، مىللىي غۇرۇرلۇق ئەزىمەتلىرىمىز ئۆز يېزىقىنى رەسمىي مەكتەپتە ئوقۇپ چىققاندەك راۋان ئۆگىنىپ ئالغانلار ئىلغارلىق ھەم خەلق نەمۇنىلىرىدۇر! مېنىڭچە دۇنيا تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ھەرقانداق تىل-يېزىقنى مەكتەپ دەرس پروگراممىلىرىغا كىرگۈزۈپ، ئۆزىمىزنىڭكىنى تاشلىۋەتمەي تۇرۇپ، ئۆگىنىش ئۇسۇلى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇپ، يولدىن ئېزىپ كېتىش خەۋپىدىن ساقلىنىپ قالاتتۇق؟! مەن لاتىن يېزىقىدا ئوقۇغانلارنى ئەيىبلەشتىن ساقلىنىمەن. پەقەتلا ھېلىقى ئۆزىنى ئۇيغۇر مىللىتى دەپ ئاتاشتىن ئۇيۇلۇپ تۈرك مىللىتى بولۇپ ئېلىشقا تەشنا بولۇپ، ئۇيغۇرنى تارىخ يۈزىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن جار سېلىۋاتقان چالا ساۋات قېرىنداشلىرىم قاتارىدا، ئۆز يېزىقىنى ياراتماي بىراۋنىڭكىنى مېنىڭ قىلىپ ئالغانلارنى شىددەت بىلەن تەنقىدلەش ھەربىر غۇرۇر ئىگىسىنىڭ قەرزى ھەم پەرزى دەپ قارايمەن!

بۇ گەپچە، خىتاي، ياپون، كورىيە، ئەرەبكە ئوخشاش دۆلەتلەر بىز چۈشىنىپ ئالغان ئىلغارلىقنى پەرەز قىلالماي تەرەققىياتنىڭ ئارقىسىدا قالدىمۇ؟ ياق! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇرەككەپ يېزىقلىرىدىن ۋاز كەچمەي شۇ قالاق يېزىقلىرى بىلەن كومپيۇتېر پروگراممىلىرىدىن تولۇق

ئات قويۇپ ئىلىپ، كوممۇنىزم قۇرۇش رېكورتىنى يارىتقاندىن كېيىن، بۇ يېڭى مىللەتكە يېتىدىغان مىللەت دۇنيادا يوق دېسەك، ئۇ چاغدا تاجاۋۇزچى ۋەتىنىمىزگە شىنجاڭ دەپ ئات قويۇپ بەرسە شىنجاڭ دېگەندەك، تارانچى دەپ ئات قويۇپ بەرسە مەن **ئۇيغۇر** ئەمەس بوغدايچى دەپ تۇرۇۋالغاندەك، يېڭى يېزىق دەپ ئات قويۇپ بەرسە يېڭى يېزىق دەپ ئاتاپ ئۇنىڭ ماھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ماختانساق، مىسال ئۈچۈن مەن شەخسەن ئۆزۈم **ئۇيغۇرنى** مايمۇن قىلىپ ئوينىتىۋاتقان بۇ خىلدىكى ئاتالغۇلارنى تىلىم بىلەن ئىپادىلەشكە ئەمەس، باشقىلارنىڭ قوللانغىنىنى ئاڭلىسام قۇلاققا مۇش ئۇرغاندەك بىلىنىپ، بۇ يېڭى پاجىئەلەرگە ئېچىنىشلىق نەپرەت بىلەن ئازابلانغان يېڭى سوئاللار تۇغۇلۇشقا سەۋەب بولۇپ بۇ تېما ئۈستىدە ئۆز پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتىمەن.

ۋەتىنىمىزدىن تىل-يېزىق كومىتېت رەھبەرلىرى قازاقىستانغا چىقىپ ئىككى دۆلەتتە ياشاۋاتقان قازاق مىللىتىنىڭ تىل-يېزىق بىرلىك مەسىلىسى مۇنازىرە قىلىنىپ، قازاقىستان قازاقلىرىنىڭ يېزىقى ئورتاق يېزىق بولۇشى كېرەك دېگەن خۇلاسىگە كەلگەنلىكىنى ۋەتەنگە كېلىپ جانابىل ئەپەندىگە يەتكۈزگەندە «بىزنىڭ يېزىقىمىز ھەقىقى قازاق يېزىقى ئۇلار بىزنىڭ يېزىقىمىزنى قوبۇل قىلىشى زۆرۈرىيەت» دەپ ئاچچىقلىغان ـ ھەقىقى دانا، ئادىل رەھبەر ئىكەن!

پۈتۈن دۇنيا سىستېمىلىرىدا ۋە ئۆتكەنكى تارىخلاردىمۇ بىر خىل قوللىنىپ كېلىۋاتقان ھەتتا خىتاي قانۇنلىرىدىمۇ مىللەتلەر ئەنئەنە ئۆرپ-ئادەت، تىل-يېزىق ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنى ھېچقايسى دۆلەت ئۇچۇقتىن ئۇچۇق چەكلىمەيدۇ. ھەرقانداق تاجاۋۇزچى مىللەتنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ يوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئالدى بىلەن مەھكۇم مىللەت تىلىنى تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچۇرتۇش كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن تۈرلۈك ئەگىتمە يوللار بىلەن ھەتتا بەزى دۆلەتلەرنىڭ پۇل تۆلەپ ئۆز تىلىنى تېڭىش يولىدا يارىتىلغان شارائىتى، شۇ مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگەنمەي جان بېقىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىپ قويىدۇ؟

شارائىتقا ماسلىشمەن دەپ ئاننى ئۆزگەرتىپ ئويناش ياخشىلىق ئەمەسقۇ دەيمەن؟

مۆھتەرەم ئەپەندىملەر! مىللەتكە خاس تەۋەررۇك ئەنئەنە ئىللەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە يول قويۇش، دۈشمەننىڭ ئەڭ ئاداققى مەقستى ئۇيغۇر مىللىتىنى يوق قىلىپ تاشلاش يولىدىكى بىرىنچى باسقۇچىغا يار-يۆلەكلىك بولغانلىقتۇر! شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەلەم «قايسى بىر كىشى ئۆز ئانىسىنى تاشلاپ، باشقا بىرسىنىڭ ئانىسىنى مېنىڭ دېسە ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىلىرىدىن كېچىپ باشقىلارنىڭكىنى قوبۇل قىلىپ ئالسا، قۇرئان ھۆكۈمى بويىچە ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ لەنەت ئوقۇدى.

بەزىلەر، چوڭ مىللەتلەر ئۈچۈن يېزىق ئۆزگەرتىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئاز سانلىق كىچىك مىللەتلەر ئۆزگەرتسەك زىيىنى بولمايدۇ، دېگەن چۈشەنچىنىمۇ تەكىتلەپ كېلىۋاتىدۇ. بوپتۇ، ئۇنىمۇ راست دەپ، ئۆزىمىزنى يېقىندىن پەيدا بولۇپ قالغان بىر كىچىك مىللەت دەپ ساناپ تۇرايلى، قايسى بىر كىچىك مىللەت چوڭ مىللەتلەرنى دورايمەن دەپ شۇ مىللەتكە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ؟ قايسى بىر مىللەت - ۋەتىنىم بولمىسىمۇ ھېچقانداق مىللەت ئېرىشەلمىگەن ئۈچ خىل چىرايلىق ئات قويۇپ ئالغان يېزىقىم بار دەپ ماختىنىپ خەلقنى ئازدۇرۇپ قويۇپتۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ئاتالمىش يېڭى يېزىق سىستېمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ كۆرەش قىلىپ كەلگەن ئىنسانلىرىمىزنى چۈشىنىشنى خالىماي، خەلقىمىزنى ئېزىتقۇ يوللاردىن قۇتۇلدۇرۇپ ئالغان جاسارىتى ئۈچۈن ئەيىبلەيمىز؟ بۇ ئەھۋال لاتىن مىللىتىنىڭ تەقدىرىگە چاپسانراق يېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئالدىرىغانلىق بولۇپ قالمامدۇ؟

ئەگەر مۇنداق ئىلگىرلەش جىددىيلىكىمىزنىڭ سۈرئىتىنى بىرئاز ئاستىلاتمىساق، كۆپ كېچىكمەي كونىراپ كەتكەن ئەنئەنىلەردىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇپ، يېڭى ئات قويۇۋېلىش ماھىرلىق ئادىتىمىز بويىچە يېڭى تىل، يېڭى دىن، يېڭى مەدەنىيەت ۋە بەزىلەر ياشاۋاتقان دۆلەتنى ئىككىنچى ۋەتەن دېگىنىدەك يېڭى ۋەتەن دەپ

قالغىنىنى ئۆزىمىز سەزمەيمىزكەن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىسى ئۆز تىلىنى ئۆگىنىشكە تىرىشىدىكەن؟ بولۇپمۇ دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ تىل بىلەن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بەكمۇ يىراقنى كۆزلىگەن، خەلق پاراۋانلىقى ئۈچۈن جەلپ قىلارلىق يارىتىلغان قولايلىق شارائىتلىرى ئەڭ چوڭ قورال ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر ئېتىش ئوڭايغا توختۇمايدىكەن؟ شۇنىڭ ئۈچۈن چەت ئەللەردە ئۇزۇن مەزگىل ياشاۋاتقان بەزىبىر كىشىلىرىمىزنىڭ مىللىتى **ئۇيغۇر** ئاتالسىمۇ، دىلى تامامەن شۇ مىللەتكە مەنسۇپ بولۇپ قالغانلىقى سىر بولمىسا كېرەك؟

ئۆزبېك مىللىتى سوۋېت دەۋرىدىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىل-مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت رەسمىي قائىدىلىرىدىن ئايرىلىپ قالمىدى، ئۆزگەرتمىدى. ئۇزۇن زامان چەت ئەللەردە ياشاۋاتقانلىرىمۇ، خۇددى ئۆزبېكىستاندا ياشاۋاتقاندەكلا ھەرقانداق سىياسىي بېسىمنىڭ ئاسىمىلاتسىيە قىلىشىغا ھەرگىز كۆنمىدى ؟ قىزىق تېپىشماق ئەمەسقۇ دەيمەن؟

مەن چېگرا ئېچىلغان كۈندىن باشلاپ ۋەتەنگە ئويناپ مېھمان بولۇپ كېلىش نىيىتى بىلەن ئەمەس، يۈز بېرىۋاتقان، ئۆزگەرگەن، ئۆزگەرمىگەن خەلقىمىزنىڭ ئوي-پىكىر، ھېسسىياتلىرىنى ئىگىلەپ، پۈتۈنلەي ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەردار بولۇش ئۈچۈن پات-پات بېرىپ تۇرىۋاتىمەن. بولۇپمۇ كۆپلىگەن زىيالىي ئالىملار بىلەن يەكمۇ يەك ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ھەسرەت ئېچىلمىغان سىرلىرىغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، مۇڭداش بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشقا تىرىشىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئەيىبلەشكە تىلىم كۆيىدۇ!؟ ماڭا ئەڭ چوڭ تەئەججۈپلىنەرلىك ئىجابىي تەسىر قالدۇرغان يېرى – تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك يۈكسەك ئالىيجانابلىق پەزىلىتى، ئانا تىلىنى ساقلاپ قالغانلىقى بولۇپ، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى پاكىز ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشلىرى، چوڭ خىزمەت ئورۇنلىرىدا خىتايلار ئارىسىدا خىزمەت قىلىۋاتقانلارمۇ، بىرەر ئىش بىلەن كېلىپ قالغان ئۇيغۇر بىلەن ئەركىن ھالەتتە ئۆز ئانا تىلىدا يۈرەكلىك سۆزلەشلىرى مىللىي غۇرۇر قەيسەرلىك ئىرادىلىرىنى يوقاتمىغانلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئىستىقبالغا بولغان ئىشەنچە ئىرادەم، مىللىتىمگە بولغان مۇھەببەت

بۇ مەسىلىدە سوۋېت خەلقىنىڭ ھاياتىنى مىسال قىلىپ ئالساق رۇس تىلى يالغۇزلا ئاممىۋى، خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئەمەس بەلكى پۈتۈنلەي جامائەتچىلىك ئائىلە، بالا چاقا نەۋرە، چەۋرە بىلەن ئانا تىل سۈپىتىدە قوللىنىپ رۇسلارغا بولغان چىن ساداقەتلىكىمىزنى يوقاتماي مىللەت ئايرىمچىلىقى تۈگەش پەللىسىگە يەتكەندە بەختكە يارىشا مۇستەقىللىق ئامىتى پاجىئەدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئىدى. بولمىسا رۇسچىنى ئۆگەن دەپ ئۇچۇقتىن ئۇچۇق زورلىمىدى؟ مىللەتلەر ئۆرپ-ئادەت ئەنئەنىلىرىنى چەكلىمىدى؟

بۇ رىسپوبلىكىلار مۇستەقىللىقىدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ تىل-يېزىق، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئەكسىگە كەلتۈرۈش يولىدا چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، 70 يىل جاپالىق ئەمگەك بىلەن سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيە تەسىرى خېلى ئۇزاققىچە ئۆز كۈچىنى يوقۇتالمايدىغانلىقى ئەمەلىي رېئاللىق بولۇپ قالماقتا؟ نېمە ئۈچۈن ئەنگلىيە، فرانسىيە كالونىلىرى بولغان دۆلەتلەرگە ئالدى بىلەن ئۆز تىل-يېزىقىنى ئۆگەتتى، ئادىللىق رەھىمدىللىق بىلەنمۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ تەسىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ؟

خىتاي نېمە ئۈچۈن قوش تىللىق مائارىپ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى؟ بۇ سىياسەتتىن ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي مەكتەپلىرىنىڭ چەتتە قېلىشىنى قانداق چۈشىنىمىز؟ ئۇنىڭ ئاستىغا قانداق سۈيقەستلىكلەر يوشۇرۇنغان؟ مەنمۇ سوۋېتكە چىققاندا تىلغا موھتاج بولۇپ تولا قىينىلىپ مەقسەتلىرىمگە يېتەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، باللىرىمنىڭ تىلى رۇسچە چىقىپ ئەينى بويىچە سۆزلىگەنلىرىگە، ھازىرقى چەت ئەللەردىكى قېرىنداشلىرىمغا ئوخشاش ئامراقلىقىم كېلىپ زوقلىنىپ كېتەتتىم. چۈنكى 20 ياشتىن ئاشقاندا قېتىپ كەتكەن تىل بىلەن باشقا مىللەتنىڭ تىلىنى بۇزماي ئۆزىگە خاس تەلەپپۇز شېۋىسى بىلەن سۆزلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ ئەھۋالنىڭ ئاستىغا چوڭقۇر چۈشۈنۈپ تەپەككۇر قىلىپ كۆرەلىسەك، مەيلى قايسى مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگەنمەك، شۇ مىللەتكە بولغان ئىجابىي كۆزقاراش ئىختىيارسىز ئۆزلۈكىدىن ھاسىل بولۇپ

كۆلۈشۈپ ژۇيۇنۇش دېگەن سۆزنى يويونوش دەپ ئېيتامدۇق دەپ زاڭلىق قىلغاندەك ئىپادە بىلدۈرگەن ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ ئەمەلىيەت تىل-ئەدەبىيات ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر تىل سەۋىيە دەرىجىسىنى ئاشكارىلاپ قويغانىدى.

مەن ئۆزۈم ئۇيغۇر تىلىدا 50 يىلدىن ئارتۇق ئۆمرۈمدە «ژ» ھەرپىنى قوللىنىپ كەلگەن بولساممۇ، ئۆزۈمنىڭ يۇرتۋازلىق مالخىيمنى ئالدىمغا ئېلىپ قويۇپ چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرسەم، بۇ ھەقىقەتكە باش ئەگمەسلىك بىلىمسىزلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

بۇ تىل-ئەدەبىيات ئالىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى **ئۇيغۇر** تىلىنى مىللەتكە خاس گۈزەللىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان ھالەتتە ئاران سۆزلەشلىرى، يەنى ھەربىر سۆزنى سۆز تەرجىمىسى بويىچە رۇسچىدىن ئېلىپ ئىشلىتىشى، ھېلىقى يېڭى يېزىق دەپ ئاتاپ ئالغان پاجىئەگە ئوخشاش يېڭى بىر غەيرى سۆز-ئاتالغۇلىرى كەشىپ قىلىنىپ ئانا تىلغا ئايلىنىپ كەلمەكتە. (ئەسلى تىل مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەنلەر ئارقىلىق بۇزۇلاتتى) يەنى مەيرىمڭلار بىلەن دېسە، بىرگە بولسۇن، قايتىش بوپتۇ دېسە، ياتقان يېرى يۇمشاق بولسۇن، دەپ قويۇشلىرىمىز، قەلەيگە باراتتىم دېسە، ئاقچاڭ، تىيىنىڭ بارمۇ؟ يۇرتنىڭ ئاقساقىلى خۇدايغا چاقىرغان، زاڭ چىقتى، دېگەن بولاتتىم. ئېيتقان بولاتتىم دېگەنگە ئوخشاش **ئۇيغۇر** تىلىدا ئىپادىلەنمەيدىغان مەھكۇم مىللەتكە خاس ئەبجەش تىللارنىڭ ھەممىدىن يامان يېرى ۋەتەندىكىلەرگە يۇقۇپ كېتىۋاتقانلىقى (ھەتتاكى چوڭ ئانا چوڭ دادا دېگەننىمۇ رۇسچىدىن تەرجىمە قىلىپ ئىلىپلا بوۋا، موما دەپ ئېيتسا ئۇنىمۇ مەدەنىيەت ئىلغارلىق دەپ مىنىڭ قىلىپ ئىلىشلىرىمىز ئەلەم ئۈستىگە ئەلەم قوشۇلۇپ كەلمەكتە؟

تىل توغرىسىدا بىر يۇمۇر - ئۈرۈمچىدىن خوتەنگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بارغان مەدەنىي تىل بىلەن سۆزلەيدىغان بىر ئەپەندىم، قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا «ئۈرۈمچىگە بارغاندا تىلىڭلارنى تۈزەپ «ر» ھەرپىنى قوشۇپ سۆزلىمىسەڭلار بولمايدۇ، بۇ ئۈزۈن يولدا «ر» ھەرپىنى قوللىنىشنى تەكرارلاپ ماڭىمىز» دەپ

ئوتى تېخىمۇ تۇتۇشۇپ بۇ بۈيۈك ئىبرەتنامە، سۇسلىشىپ ئۆچۈپ
قالاي دېگەن ئۈمىد ئوتلىرىنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈشكە تۈرتكە بولغان
ئىدى!

ئەپسۇسكى بۇ ئالىيجاناب ئىبرەتنامەنىڭ قۇدرىتى ئۇزۇن ۋاقىت
ھۆكۈم سۈرەلمىگەندەك بىلىنىپ قالدى، پەرەز قىلىشىمچە 83-
يىللاردىن 92- يىللارغىچە تېخى چەت ئەلنىڭ، بولۇپمۇ سوۋېتنىڭ
يامان تەسىرى ئومۇمىيۈزلۈك مەركەزلىشىپ مودىغا ئايلىنىپ
كەتمىگەن مەزگىللەرگىچە داۋاملاشقان ئىدى. بەلكىم مېنىڭ دانا
خەلقىم سوۋېت خەلقىگە قاراپ، ھەممە يەردە ھۆكۈمران مىللەت تىلىدا
سۆزلىشىشنى ئىلغارلىق دەپ چۈشىنىپ ئالغان چېغى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا
بولۇپمۇ ئۈرۈمچىلەردە بەزىبىر قېرىنداشلىرىم ئۆزئارا خىتاي تىلىدا
سۆزلىشىدىغان يامان ئىللەتنى باشلاپ ئالغاندەك كۆرۈنىدۇ؟؟؟

ئالمۇتىدا تىل-ئەدەبىيات ئالىملىرىنىڭ **ئۇيغۇر** تىلىنى
قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىش ئۇچرىشىشى
تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەن ئىدى. ئەسلى تېما مەزمۇنى تىل-يېزىقنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولسىمۇ، مەقسەتتىن چەتنەپ كېتىپ پارس،
ئەرەب تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنى قوللانماسلىق، رۇسلاردىن
كىرگەن سۆزلەرنى ئۆز بويىچە قالدۇرۇپ قوللىنىش دېگەن تېمىغا
كۆچۈپ ئىلىپ، سىياسەت تەسىر كۈچىنىڭ زەھەرلەپ سىڭدۈرگەن
قۇدرىتىنى تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كۆرسىتىش ئۈچۈن تالاش-
تارتىشلار قىزىپ كەتكەن ئىكەن.

بۇ ئۇچرىشىشتا پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتىنى تەتقىق
قىلىش يولىغا بېغىشلىغان ئىستېداتلىق تىلشۇناس ئالىم، فىلولوگىيە
پەنلىرىنىڭ نامزاتى شىرۋاخۇن باراتوۋ تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغان
**ئۇيغۇر** ئالفاۋىتىدىكى «ژ» ھەرپىنى قوللىنىش تەتقىقاتىنى ئوتتۇرىغا
قويىدۇ. يەنى «ژ» ھەرپى **ئۇيغۇر** ئېلىپبەسىدىكى ھەرپلەرنىڭ بىرى
بولسىمۇ، ئۇ ھەرپ چەتتىن كىرگەن ژۇرنال، ژۇرنالىست دېگەنگە
ئوخشىغان سۆزلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. **ئۇيغۇر** تىلىدا «ي» ھەرپىنى
قوللىنىمىز دېگەندە بۇ تىل-ئەدەبىيات ئالىم ھەم مۇئەللىملىرى

ئەگىلەپ ئېلىپ دۆلىتىدىن ئاجراپ قالىدىكەن. ئۇنىڭ ھېسابىغا ئۇ مىللەتنىڭ نەسلى ئازىيىپ يوقاپ كېتىش ئېھتىمالى بولىدۇ، دېمىدۇ. دەرھەقىقەت ئىمانىنى ساقلاپ قېلىش ئىسلام ھۆكۈمى بويىچە قانداق پەرز بولسا، ئۆز مىللىتىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا تىل-يېزىق ئەنئەنىلىرىنى يوقاتماي ساقلاپ قېلىش ھەم ئاساسلىق پەرزلەرنىڭ بىرىدۇر!

مەن تىل-يېزىق توغرىسىدا پىكىرىمدىن ئۆتمەي كېلىۋاتقان نارازىلىقىمنى كۆپلىگەن تىل-ئەدەبىيات ئالىملىرىغا ئېيتىپ قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالالمىدىم. گەپنىڭ قىسقىسى ھەرقايسى ئالىم ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز يۇرتىنىڭ تىلىنى ئورتاق تىل قىلىپ ئېلىشقا تىرىشىدىكەن؟؟؟ تۇۋا! شۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇنازىرە قىلىپ كۆرۈشىنى ئىلتىماس قىلىپ يېزىشقا مەجبۇرلاندىم!

بىز تىل-يېزىق توغرىسىدا تېخىچىلا ئۇچۇق بىر ئادىل ئورتاق تىل بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرەلمەي ۋەتەن ئازاد قىلالماقچى بولۇۋاتىمىز...؟؟؟

تىل-يېزىق توغرىسىدا تۇغۇلغان سوئاللار:

1. ئورتاق تىل دېگەن نېمە؟ 2. تارىخلىرىمىزدىكى ھەممىگە چۈشىنىشلىك بولۇپ كېلىۋاتقان قېلىپلاشقان تىللىرىمىز ئەمدى كونا قالاق تىل بولۇپ قالسا، چاڭلىشىپ كېتىپ پەيدا بولۇپ چىققان غەيرى تىللارنى ھەممە چۈشىنىشكە ئوڭاي قېلىپلاشقان تىل دەپ چىرايلىق ئات قويۇۋېلىپ ئۇنى ئورتاق تىل دېسەك ئۇ تىل بىر ئۇلۇغ مىللەت تىلىغا كاپالەتلىك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالامدۇ؟

3. ئورتاق تىل بولۇش ئۈچۈن مەلۇم بىر تارىخى مەنبە ئۆلچىمى ئاساس قىلىنغان شەرتلەر ئاستىدا ئۇيغۇر تىلى ئالاھىدىلىك پۇراق تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن ئۆز قىممىتى، ساغلاملىقى كۆزدە تۇتۇلۇشى كېرەكمۇ؟ ياكى تىل شېۋىسى بۇزۇلغان تىل ھەممىگە چۈشىنىشلىك تىل بولۇپ قېلىپ، قەدىمى ئانا تىل پۇرىقىنى يوقاتمىغان تىل ھەممە

ۋەز ئېيتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچۈلۈكىنى قىزلار بولغانلىقى ئۈچۈن، ماشىنا ئۇيمان چوڭقۇر يەرلەردە قاتتىق سىلكىنگەندە ھېلىقى مەدەنىيەت بەلگىسى بولغان «ر» ھەرپى ئېسىغا كېلىپ، ۋىيەي، ۋىيەي دېيىشىنىڭ ئورنىغا ۋىرەي، ۋىرەي دەپتىكەن...

يەنە بىر يۇمۇرغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۈلكىلىك ئەمەلىيەت: - ئادەم بالىسى يۈزىدىكى قارىنى كۆرمەيدىكەن باشقىلارنىڭكىنى كۆرۈپ مازاق قىلىدىكەن. ئۆزىمىز بۇزۇلغان ھەم شالغۇت تىللار بىلەن سۆزلىگەنلىرىمىزنى توغرا ساناپ، ۋەتەندىن چىققان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ياراتماي - ھوي مونونىم دەيدوروي، مونو قانچە تۇرودورەي، مونولار قەۋەتلا بىر قىسما سۆزلەيدىكەنەروي، دەپ سۆزلەپ، ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىسە چۈشىنەلمەي، ئالمۇتا ئالما گۈل بازىرىدا سوۋېت ئۇيغۇرى بىلەن ۋەتەن ئۇيغۇرى ئوتتۇرىدا تەرجىمانلىق قىلغانلىرىم مېنى بەكمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا مەجبۇرلاپ قويغانىدى؟

بۇ ئەھۋال يالغۇزلا **ئۇيغۇر** مىللىتىدە ئەمەسكەن. ۋەتىنىمىزدە سودا نازارەت مىنىستىر بولۇپ پېنسىيىگە چىققان... ئاغاي سوۋېتكە تۇغقان يوقلاپ چىققاندا سوۋېتلىك تۇغقانلىرى ئۇنىڭ بەزى ئۇيغۇرچە ئارىلىشىپ كەتكەن سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەي - نى دەيدى ماناۋ دەپ مېنىڭ چۈشەندۈرۈپ بېرىشىمنى سورايتتى، مەن بۇ پاجىئەنىڭ بولاردىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ۋاي باي ئايلانايىن، ئىككى قازاق بىر-بىرىڭلارنىڭ تىلىنى چۈشەنمىسەڭلار يېزىقىڭلارنى ئۇقالمىساڭلار ئۇيغۇرنى تەرجىمانلىق قىلىپ بەر دېسەڭلار ماڭا ئايلىق تۆلەڭلار كېچە-كۈندۈز تەرجىمانلىق قىلىپ بېرەي دەپ چاقچاققا ئايلاندۇرۇۋېتىپ كۈلۈشكەن ئىدۇق. مانا بۇ جانلىق پاكىتلارمۇ تىل-يېزىق مەسىلىسىدە ئىككى دۆلەتتە ياشاۋاتقان **ئۇيغۇرلار** بىرلىككە كېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىدۇر!

تارىخى تەجرىبىلەر ۋە ئۆتكەن ئاتاقلىق پەيلاسوپلارنىڭ ئېيتىشىچە قايسى بىر مىللەتنىڭ دۆلىتىنى يىگى كەلدىئاخۇنلەر

## مەدەنىيەت دېگەن زادى نېمە؟

مەدەنىيەت دېگەن ئىنسانلارنى باشقا جانلىقلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان شەرەپ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ بولسا ئىمان، ۋىجدان، ئادىللىق، پاكلىق، ھۆرمەت ئىززەت مېھرىبانلىق ئەدەپ-ئەخلاق ئوخشاش مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. **ئۇيغۇر** مىللىتى مەدەنىيەتكە ئەڭ بۇرۇن قەدەم قويغان مىللەت بولۇپ، ئىپتىدارلىقتىن ئوۋچىلىققا ئاندىن چارۋىچىلىق دېھقانچىلىق باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىپەك يولىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ۋەتىنىمىز «ئۇيغۇرىستان»نىڭ مۇقەددەس تارىخ سەھىپىلىرىدە باشقىلاردا كۆرۈلمىگەن، ئاجايىپ نۇر چاقناپ تۇرىدىغان مەرىپەت تەرەققىيات بىلىم ئۇنچىلىرى بىلەن بېزەلگەن كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئىگە بولغان گۈزەل مەدەنىي يادىكارلىقلار قالدۇرۇلۇپ كەتكەن.

دېمەك، **ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ مۇكەممەل تارىخى تەجرىبىلەردىن يەكۈنلىنىپ چىققان مەنىلىك تەۋرەنمەس ئېسىل مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت ئىكەنلىكى _ پادىشاھ سۇتۇق بۇغراخان ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەن چوڭ ئىلگىرلەش مەدەنىيىتىنى يارىتىپ شان-شەرەپلەرگە ئېرىشكەن بولسا، سەئىدە خانلىقىمۇ سەلتەنەتلىك ھۆكۈم سۈرگەن يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە خانلىق ئىدى!

شۇ دەۋرلەردە يېتىشىپ چىققان مۇتەپەككۇر ئالىملىرىمىز «مەخمۇت قەشقەرى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ»، «ئەلىشىر ناۋايىلار» مەدەنىيەت توغرىسىدا يازغان كىتابلىرى دۇنياغا داڭق چىقىپ تونۇلغان ۋاخلاردا، ھازىر مەدەنىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا سانىلىۋاتقان بەزىبىر مىللەتلەر، تېخى مەدەنىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالماي ئىنسانىيەت دەسلەپكى قەدەم باسقۇچىدىن چىقالماي يۈرگەن ئىدى؟ ئامېرىكا ئۇيغۇرشۇناس ئالىمى مورگان «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى، تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلگەن، قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلسا، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ!» دېگەن سۆزمۇ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئىگىسى كىم ئىكەنلىكىنى تەستىقلاپ كەلمەكتە!

چۈشەنمەيدىغان تىل بولۇپ قالغىنى مىللىتىدىنمۇ تېنىپ ئالغانلىق بولۇپ قالامدۇ؟؟؟
مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىك بەلگىسى، مىللەتكە خاس ئىللەتلەرنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ ئەل ۋەتەن دېسەك، يۇمۇرچى ئابدۇكېرىم ئابلىز دېگەندەك مەنمۇ سەككىز قەۋەت بىنا سېلىش لايىھىسىنى تۈزۈپ قويدۇم يېقىندا سالىمەن بىراق سالاي دېسەم پۇل يوق دېگەنگە ئوخشاپ قالمىسۇن؟
ئورتاق تىل بولۇش شەرتىنى قاندۇرالايدىغان تارىخقا ئىگە تىلنى ئورتاق تىل قىلىپ بېكىتىشكە مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئىلتىماس قىلىپ يۈزەكى قىياسىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.
بەزىلەر ھازىرقى **ئۇيغۇر** يېزىقىمىز توغرىسىدا «بۇ يېزىق ئەسلىدىكى **ئۇيغۇر** يېزىقى ئەمەس، ئىسلام قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ئەرەب ئېلىپبەسىدىن ئېلىنغان يېزىق» دېگەن كۆزقاراش بىلەن ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ؟!
ئەگەر مۇنداق كۆزقاراش چۈشەنچىسى بىلەن پىكىر يۈرگۈزسەك، نۇرغۇنلىغان ئەملگە ئاشمايدىغان خىيالپەرەسلىكلەرگە چۆمۈلۈپ قېلىپ، ئەسلىدىكى ئېتىقادىمىز ھەم ئىسلام بولمىغان دەپ تۇرىۋېلىپ ئۇنى ئېتىراپ قىلماسلىققا توغرا كېلىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ؟؟؟ تەپەككۇر!
يەنە بىر مۇرەككەپ سوئال ـ كىرىلىتسا يېزىغىدىكىلەر ئۇ يېزىقتىن ۋاز كېچىپ ئۆز ئانا تىل-يېزىغىنى قوبۇل قىلىپ ئىلىش مۆمكىنمۇ؟؟؟ جاۋاپ ئۆز يېزىغىغا كۆچۈش ئەمەس، ھەتتاكى ئويلاپ قويىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىگىنى 60 ژىلدىن ئارتۇق سىياسىي تەسىر كۈچىنىڭ بۇگۈنكى ھوسۇل نەتىجىسى مۇنازىرىسىز يەكۈن چىقىرىپ قويۇۋاتقانلىغى ئەمەلىيەتتۇر!!!
خوش، ئەمدى زىيالى ئەپەندىم تەرسالىغىڭىزدىن ۋاز كېچىپ چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ بېقىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن؟؟؟
بىز ئۈچۈن تــەۋەررۈك شــان-شــەرەپ دۇردانــىلــىرى بولغان كۆزقارچۇقىمىزدەك ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ بىرى مەدەنىيەت ھەققىدە.

چۈمدىن ئېلىپ كېلىشىمنى ئىلتىماس قىلىپ سوراپ تەشنالىقتا
يۇۋاتقان قېرىنداشلىرىمغا سېنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ شىپالىق دورا
لىپ ئېلىشى ئۈچۈن تەۋەررۇك قىلىپ ئالغاچ كېتەي! بۇ ئۇيغۇمۇ؟
ۇشۇمۇ؟ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋاتقىنىمغا ئىشەنگۈم كەلمەي
ڭگىرقاپ قالغان ئىدىم.
بۇ بەلكىم سىياسەت تەسىرىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن تەشنالىق
ېسسىياتىدىن ھاياجانلىنىش ئارىلاش ئېچىنىشلىق تەسىراتلىرىمدىن
ختىيارسىز كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن ياشلىرىم چاڭقاپ قۇرۇپ كەتكەن
اللىرىمغا ئارام بەخش ئەتكەندەك بىلىنىسمۇ، ئۆزۈمگە تەسەللى
برەلمەيتتىم. ئىچىمدە ئۆزۈمگە سوئال بېرىپ، جاۋابنى ئۆزۈم تېپىشقا
ىرىشاتتىم. نېمە ئۈچۈن ئانا ۋەتىنىڭنى تاشلاپ چىقىپ كەتتىڭ؟
وپتۇ، ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلغان بولساڭ 22 يىل مابەينىدە
اغزىڭدىن چىقىۋاتقان ۋەتەن مىللەت ئىمان ۋىجدان دەپ يادلىۋالغان
ەلدىن باشقا تىلغا ئالغۇدەك كۆزگە كۆرۈنگۈدەك قايسى پايدىلىق
ەتىجىلەرنى ياراتتىڭ؟ دېگەنگە ئوخشاش ۋىجدانىمنى تېخىمۇ
ازابلايدىغان سوئاللارنى بېرىپ ئۇنىڭغا تۇتامى بار بىرەر جاۋاب
اپالماي قىيىنىلاتتىم. بىراق بۇيىلدا پۈتۈن ئۆمرۈمدە قىلغان ئەقىدىلىرىم
ەتىجىسىز بولۇپ چىققانلىقىغا ئاللاھ ئالدىدا توۋا ئىستىغپار ئېيتىپمۇ
ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەي ئەپسۇسلىناتتىم! ئۆزۈمنى ئۆزۈم تىللاپ سەن
جىنايەتچى سەن خائىن! ئۇنى ئېتىراپ قىلالامسەن؟ سېنىڭچە خائىن
دېگەننىڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بەلگىسى بولۇش كېرەكمۇ؟... دەپ
ئۆزۈمگە ئارام بەرمەيتتىم؟
ئەمدى مەدەنىيەت توغرىسىدا سۆزىمىزگە كەلسەك، شۇ دەسلەپكى
يىللىرى مەدەنىيەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە سۇسلىشىپ
كەتكەنلىكى بىردىنلا كۆزۈمگە چېلىققان بولسىمۇ، مەندىكى
سېغىنىش ئوتى ئۇنىڭغا قىلچىلىكمۇ ئېتىبار بەرمىدى. مەن ئۇنى
كۆزۈم كۆرۈپ تۇرغان خىتاي سىياسىي بېسىم تەسىرىنىڭ ئاقىۋىتى
دەپ چۈشەندىم. شۇنداق بولسىمۇ، پۈتۈنلەي بارلىق جەھەتلەردىن

ئىنگلىز پولكوۋنىكى «دىۋېيىمىس چېر چىۋاد»نىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا يازغان «قەدىمى مو قىتئەسى» كىتابى دىمۇ، **ئۇيغۇر** ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇدرىتى مو قىتئەسى (تىنچ ئوكيان ئاستىدا قالغان) ۋە تىنچ ئوكيان، مەركىزى ئاسىيا، غەربىي ياۋروپاغىچە بولغان بىپايان يەرلەرگىچە سوزۇلغان بولۇپ ياۋروپالىقلارنىڭ تارىخىمۇ **ئۇيغۇر** تارىخى دەپ كۆرسۈتۈلۈپ، بۇندىن 17 مىڭ يىل ئىلگىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت سىۋىلىزاتسىيىسىنىڭ چوققىسىغا يەتكەنلىكى ھەققىدە تەسۋىرلىنىدۇ!

دېمەك، مەدەنىيەت ماكانى مەدەنىيەت بۆشۈكى ئاتىلىپ كېلىۋاتقان زېمىن، ئۇ ئەجدادلىرىمىز بىزگە تەئەللۇق قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن مىراس بايلىقلىرى ئەۋلادلار ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەنئەنىلىرىمىزدۇر! نېمىشقىدۇر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى گەۋدىلەندۇرۇپ زىننەتلەپ تۇرغان ئەجدادلار يىلتىزى بولغان بىباھا مەنىۋى بايلىقلىرىمىزنى بېجىرىم پېتى ھىمايە قىلىپ ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى مەنىۋى نادانلىق بايلىقىغا تېگىشىپ قويۇپ، دەرەخنىڭ قۇرۇپ كېتىشىگە يول ئېچىپ بېرىپ كېلىۋاتقىنىمىزنى پەرەز قىلالماي كېلىۋاتىمىز؟؟؟

قەدىرىنى بىلمەمسەن يالتىراپ تۇرسا، گۆھەر قولۇڭدا،
گاداي ئەمەسقۇ سەن مەدەنىيەتتىن، دىلىڭ كورلۇقتا!

تارىخنىڭ ئىسپاتلىشىچە مەدەنىيەتتە ئۈلگە كۆرسىتىپ كەلگەن ئىدۇق، ئەمدى مەدەنىيەت تىلەمچىلىكىنى قىلىپ يۈرۈۋاتقىنىمىز بۇ تېما ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە مەجبۇرلاۋاتىدۇ؟

مەن 22 يىل ۋەتىنىمدىن ئايرىلىپ 84- يىلى ئائىلەم بىلەن ۋەتەنگە بېرىش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇھ، جۇدالىقتا كېچە ـ كۈندۈز ئارمان قىلىپ ئۆتكەن ئىسسىت ئۆمرۈم. كۆز ئالدىمدىن كەتمىگەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ گۆھەر ئانا ماكان! ئەل-يۇرت، تونۇش بىلىش، ئاغىنە-بۇرادەرلىرىم! ئانا تۇپراق! سېنىڭدىن بىر

ئۆزۈممۇ ھەريىلى بىرنەچچە قېتىم بېرىپ ئەھۋاللارنى كۆزىتىپ خەۋەردار بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن. ئاخىر قېتىم تۆت يىل بۇرۇن دوستلىرىم بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ بۇ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلارنىڭ بىرىگە چۈشمەكچى بولۇپ كىرگەن ئىدۇق. ھەقىقى چەت ئەل مېھمانخانىلىرىدىن قېلىشمايدۇ. ئەسلىدە مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن پۇل بىلەن پاسپورت بولسىلا بولاتتى، تىل بىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بۇ مېھمانخانا خوجايىنلىرى ماڭقا ختايلار تۇقلۇقتىن كېرىلىپ كېتىپ، خېرىدارلارنى خۇشامەت قىلىپ كۈتۈپ ئېلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇيغۇرلىغىمىزنى بىلىپ قالدىمۇ ئۈچۈقتىن ئوچۇق مەنستىمەي كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ قوپال مۇناسىۋەتتە بولدى. بۇ بىز ماختىنىۋاتقان ھەشەمەتلىك بىنالارنىڭ ئىچىدىنمۇ سىرتىدىنمۇ سۆزىمىزنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدىغان بىرمۇ ئۇيغۇرنى تاپقىلى بولمايتتى. بولمىسا تىل بىلمەيدىغان رۇسلار ھېچقانداق پروبلېمىسىز ئورۇنلاشقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇلار بىلەن سۆزلەشتۇق. نېمە ئۈچۈن بۇ كۆتۈلمىگەن ھادىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنداق ئورۇنلارغا يېقىن كېلەلمەيدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ چۈشىنەلمەي قالغان بولساقمۇ، مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلدۇق...

يەنە بىر ۋەقە ئېسىمغا كېلىپ ھەيرانمۇ قالمىدىم. ھەممىمىز بىلسەكمۇ ئەسلەپ ئۆتەي. 1988- يىلى 15- ئىيۇن ستۇدېنتلارنىڭ ئەكسىيەتچى شوئارلارغا قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈپ قىلغان نامايىشىنىڭ سەۋەبى ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرستېتى تاملىرىغا «**ئۇيغۇرلار** شىنجاڭدىن چىقىپ كەتسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قۇل قىلىپ، قىزلىرىنى جالاپ قىلىۋېتەيلى» دەپ يېزىلغان شوئارلار ئىدى. بۇ تالانىڭ مۇشۇكلىرى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلىغاندەك ئىش بولسىمۇ، ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ كۆزىنى يەنىمۇ چوڭراق ئېچىپ سىياسي ھوشيارلىقىنى كۈچەيتىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ قالغۇسى - دېمەكچىمەن!

بۇ تەرەققىيات ئىلگىرىلىشى ئاسفالت يوللار، تۆمۈر يوللار

**ئۇيغۇر** خەلقىنىڭ يىلتىزى ھىمايە قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ئالالىدىم!

ئامىمۋى ئورۇنلاردا بازار ھەم ئاپتوبۇسلىرىدا ھەرقانداق ياش ئاددىي **ئۇيغۇر** بالىلىرى شۇنچە كۆپ خىتاي بولسىمۇ يۈرەكلىك ئۇلارغا قارشى «سەن كىمنىڭ زېمىنىدا ياشاۋاتىسەن؟ ئاناڭنى ماڭقا خىتاي» دەپ ئۆز زېمىنىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى جارى قىلالايدىغان ئىدىرەك جاسارىتى ھەم خىتايلارنىڭ قارشىلىق بىلدۈرەلمەي غىڭ پىڭ قىلالماي ئولتاغانلىرىنى سوۋېت رېسپۇبلىكىلىرى خەلقىگە سېلىشتۇرۇپ ئاسمانويەر پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئۆزۈمنى يېڭىلمەس قۇدرەت ئىگىسى دەپ ھېس قىلالىغان ئىدىم.

بۇ ئەھۋاللار دەسلەپ چېگرا ئېچىلغان ۋاقىتلار بولۇپ بۈگۈنكى ئەھۋاللار توغرىسىدا ۋەتەنگە بېرىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ كۆزقارىشى پىكىر قىلىش پاراسىتىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن سوراپ باقسىڭىز، ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك ھەممىسى بىر خىل كۆزقاراش بىر خىل سەۋىيە دەرىجىسى بىلەن سۆزلەپ بەرگىنىنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمىز، خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا بۈرۈنقى ھالەت يەنى مەنىۋى ماددىي سىياسىي نامراتچىلىقتىن كېلىپ چىققان مەدەنىيەتسىزلىك، (مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاپەت تەسىرى) تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگىرىپ، يېڭى بىر زامانىۋى مەدەنىيەت بارلىققا كەلگەن.

بۇ ئەھۋالنىڭ شەكىللىنىپ چىقىش ئاڭسىزلىقىنىمۇ ياكى خاتىرجەملىكتىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ ئەزۋەيلەپ كېتىۋاتقان ئاتالمىش مەدەنىيەت سۈرئىتى دۇنيا مەدەنىيەتلىرىدىن ئارقىدا قالمىغان، تەرەققىيات ئىلگىرىلىشىمۇ شۇنداقلا تېزلىكتە قەد كۆتۈرگەن ھەيۋەتلىك ئىمارەتلەر بولۇپمۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ قىياپىتى تونۇغۇسىز ھەيران، قالغۇدەك ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى چوڭ زوقلۇنۇشلار بىلەن بىر-بىرىمىزگە سۆزلەپ بېرىپ كېلىۋاتىمىز...

بۇ ئەمەلىيەت بولغاچقا ئۇنىڭغا كۆز يۇمۇپ ئالالمايمىز. چۈنكى

بۇ خىل ئەھۋاللار كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ۋە قوشنا رېسپۇبلىكىلاردا بۇرۇندىن كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پروبلېمىلىرى دەپ چۈشىنىمىز! بىز ئۆزىمىز بىلمەكچى بولساق بۇرۇنقى قۇلاقتىن كېيىنكى مۇڭگۇز ئېشىپ كەتتى. بولۇپمۇ سوۋېتنىڭ ئاتالمىش مەدەنىيەت قالاق ئەخلاقسىز ئىللەتلىرىنى سۈمۈرۈپ ئېلىپ 90- يىللارغىچە تونۇغۇسىز ھالەتكە يېتىشىپ ئالدۇق؟ بۇ دورامچىلىق مۇسابىقىسىدا ئالدىنقى قاتارنى ھېچكىمگە تارتقۇزۇپ قويماي كېلىۋاتىمىز؟ ئەسلى بۇ يولسىزلىقلارغا ئۇيغۇرنىڭ يىلتىزى ھەم ئانىسىنىڭ يول قويماسلىقى كېرەك ئىدى؟ ئامال بارمۇ؟ دانا قېرىنداشلىرىم! كۆپلىگەن زىيالىيلىرىمىز مەدەنىيەت ئۆرپ-ئادەت دېگەن ئۇ بىر كىچىك نەرسە، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ئېلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئەڭ مۇھىمى ۋەتەن ئازادلىقى يولىدا كۈرەش قىلىش لازىم...دەپ، بىر قەدەم بىلەن ئۇنىنچى پەلەمپەيگە دەسسىمەكچى بولىشىدۇ؟

بۇ كۆزقاراشقىمۇ ئامال بارمۇ دەپ ۋارقىراپ، ياق! ئامال يوق دەپ دات پەرياد ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىمىز؟

توغرا ۋەتەن ئازادلىقى نىشانىمىز، ئۇنى رېئاللىقتا ئايلاشدۇرۇش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈش كېرەكمۇ، ياكى يارامسىز ھالەتتە قانات قۇيرۇقىمىز بولغان ئەنئەنىلىرىمىزنى يۇلۇپ تاشلاپ، ۋەتەن مىللەت دېسەڭ ھېلىقى يۇلۇنغان قۇش ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىمەن دېگەنگە ئوخشاپ قېلىپ، ئۆز قولىمىز بىلەن كېسىپ تاشلىغان قانات قۇيرۇقتا غەيرى بىر قۇشنىڭ قانات قۇيرۇقنى ئەكىلىپ چاپلاپ قويۇپ ئۆسۈپ چىقىشىدىن ئۈمىد قىلىش يىلتىزى قۇرۇپ كەتكەن دەرەخنى ئۆستۈدۈ دېگەنگە ئوخشاش بىلىمسىزلىك ئەمەسمۇ!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەخلاقسىزلىقلار توغرىسىدا «كىمكى سىلەردىن بىر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتسۇن! ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا تىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن! ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا دىلى بىلەن ئۆزگەرتسۇن! يەنى دىلى بىلەن ئۆزگەرتىش ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىزى» دېگەن ئىدى. مېنىڭ باشقىغا قۇدرىتىم يەتمەي تىلىم بىلەن ئۆزگەرتىشكە تىرىشىۋاتىمەن؟

ئاجايىپ كۆۋرۈك ھەم ئىمارەتلەر خىتايلارنىڭ خوجايىنلىق قىلىپ ھۇزۇر-ھالاۋەت كۆرۈشىگە خەلقىمىز ئۈچۈن بالايى-ئاپەت ئېلىپ كېلىۋاتقانلىقى خەلقى ئالەمگە ئايان بولسا كېرەك؟ كەچۈرىسىلەر، تېمىمىز مەدەنىيەت توغرىسىدا ئىدى بىرئاز چەتنەپ كېتىپ قالدۇق. مەيلى قايسى تېمىدا توختالمايلى، سىياسەتنى ئاربلاشتۇرماسلىققا قانچە تىرىشسامۇ ئۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇرنىڭ ھاياتى مەيلى قەيەردە بولمىسۇن سىياسەت قايىنىمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى قايتا-قايتا تەستىقلاپ كەلمەكتە؟ شۇنىڭ ئۈچۈن نۆۋەتتىكى ماقالىمىز - سىياسەت دېگەن نېمە؟ دېگەن ماۋزۇدا يېزىلدى.

سۆزىمىز مەدەنىيەت توغرىسىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلقىمىزگە يېڭى يېڭى مەدەنىيەت، يېڭى يېڭى مودېللار ئورتاقلىشىپ ئۆرپ-ئادەتكە يۈز تۇتقانلىقى، ئادەمنى ئىنتايىن قاتتىق چۆچۈتۈپ ئەندىشىگە سېلىپ، بۇ ئىلگىرلەش قايسى تۈيۈق يولغا باشلاپ كېتىۋاتقىنىنى، نېمىدىن دېرەك بېرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئېلىش ئانچە قىيىن ئەمەستۇر!؟ بولۇپمۇ ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىۋاتقان خوتۇن-قىزلارنىڭ چەت ئەللىكلەرگە ئوخشاش يېرىم يالىڭاچ كىيىنىپ يۈرۈشلىرى، زادى ھەرقانداق مىللىتىمىزگە يات غەيرى ئىللەتلەرنىڭ بارچىسى مەدەنىيەت ھەم ئاخىرقى مودا سانىلىپ كېلىۋاتقىنى، ئەرلەرنىڭ بارلىق ھوقۇقلىرى ئاياللارغا، ئايالالارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئەرلەر ئۆز ئۈستىگە ئېلىۋالغانلىرى، ئاياللار ھاراق ئىچىدىغان تۈرلۈك چايلارغا كەتسە ئەرلىرىنىڭ بالا بېقىپ قېلىپ قاچان كېلىشىنى بىلمەي دېرىزىدىن قاراپ تاڭ ئېتىپ كېتىشلىرى، پۈتۈنلەي پائالىيەتلەرنىڭ رېستوراندا بەس بەس سېلىشىپ كۆرەڭلەپ مەنمەنچىلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلۈشى، رېستوراندىن قايتقاندا ئېرى ئايالنى، ئايالى ئېرىنى ئۇنتۇپ قېلىش ھالىتىگىچە ھوشىنى يوقۇتۇپ قويۇش ئەھۋاللىرى دۇنيا تەرەققىيات مەدەنىيىتىگە ئەگەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى سانىلىۋاتقان بولسا كېرەك؟ بۇ ھەقتە رۇسلارنىڭ ماقالىدا «خوتۇنۇڭ بولۇپ قالسا مەست، بىلىپ قوي ئۇ سېنىڭ ئەمەس!» دېگىنىگە كۆز يۇمالمايمىز!

مەدەنىيەتسىز دېگەن كۆزقاراشتا بولۇپ مەگىستمەسلىك شۇ كىشى ئۆزىنىڭ دورامچىلىق قىلىمەن دەپ زاڭلىشىپ قالغان، ئاگىسىزلىقى دەپ قارايمىز!

يازنىڭ تازىمۇئىسسىپ كەتكەن قاينام بىر كۈنى ئىدى. بىر تونۇش بىلەن تويدا بىر يەردە ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. بۇ جانىۋارنىڭ گېپىنى تازىمۇ چىك بوغۇۋېلىپ، تەرلەپ پىشىپ كېتىۋاتقىنىغا چىدىماي، جانابلىرى گالستۇگىڭىزنى ئازراق بوشىتۇپ قويسىڭىز بوپتىكەن يامان قىينىلىپ تەرلەپ كەتتىڭىز، دەپ سالپتىمەن. ئۇ شۇنداق يامان كۆز بىلەن بىرقاراپ ئالدىدا ئاغزى ئېچىلىپ كەتتى. بەلكىم ئاتا-بوۋىلىرىمىز قالماقلارنىڭ رىيازىتىنى چېكىپ بۇزۇپ ئالغان تىللارنى ئەسلەپ قالدىمۇ بىلەلمىدىم «نىم دەيسەنە روي مەدەنىيەتسىز قالاق جە جىم ئولتا جە باشقا يەرگە بېرىپ ئولتا، قەۋەتلاردا ساراڭغۇ روي مۇنۇ» دېسە مۇنۇ دەپ روي دېسە رەي دەپ ھېلىقى مەدەنىيەت سانىلىۋاتقان ئالا لاتىنى گېلىغا چىك بوغۇپ ئالغىنىنى ئاز دەپ خونتەيچى چىۋاك رابدان قالماقنىڭ تىلىغا ماسلاشتۇرۇلغان تىل قوشۇمچىلىرى بىلەن كايىپ كەتكەندە، مەنمۇ بوش كەلمەي، ئۇنچىلىك خاپا بولۇپ كەتكىچىلىك گەپ قىلمىدىم،مەدەنىيەتلىك ئەپەندىم، پەقەتلا چېچىۋالغان ئەترىڭىز بىلەن سېسىق تەر ئارىلاشقان زەھەردەك پۇراقتا چىدىيالمىدىم. كەچۈرۈۋېتىڭ! دېگەندە ئۇ كۈتۈلمىگەن يەردىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ «ھوي ئاخماقاروي بۇ دېگەن مەدەنىيەت پۇرىقىدە» دەپ ئولتۇرغانلارنى كۈلدۈرۈۋەتكىنى ھەم ھەقىقەت!

ھېسامنىڭ بىر ئاغىنىسى «ھەي ھېسام ئۇ كىشى دائىم گالستۇك تاقاپ يۈرىدۇ! مەدەنىيەتلىككەن، بىرنەرسە يازىدىغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ھېسام «راست دەيسەن ئۇ مەدەنىيەتلىك ئادەم، يازىدۇ» دەپتۇ. نېمە يازىدۇ؟ ئىتى نېمە؟ دەپ سورىسا «ھەي ئاخماق ھازىر مەدەنىيەتلىك ئادەملەر ئىتنى يازمايدۇ، مەدەنىي تەخەللۇسى بىلەن» بۇرۇندىنلا ياخشىلارغا يالا چاپلاپ تۆھمەت يازىدىغان ئادىتى بار» دەپتىكەن. مېنىڭچە ئۇنداقلار بىزدىنمۇ تېپىلىدىغۇ دەيمەن؟

يەنە بىر ئاددىي بىر تىجارەتچى ئەتىگەندە دۇكىنىغا كېتىۋېتىپ

مەن ئادەملەرنىڭ دورامچىلىقىغا قاراپ كۆپ ئويلۇمەن، ئۆز ئائىلەمدىمۇ بۇ ئىشنى چەكلەشكە قۇدرىتىم يەتمەي قالدۇ؟ بەزىدە دارۋىننىڭ ئادەملەر مايمۇندىن يارالغان دېگەن سۆزىمۇ ئېسىمغا كېلىپ، ئەجەبا، دۇنياغا تونۇلغان بۇ ئالىمنىڭ پىكرى يۇرگۈزۈش ئەقىل پاراستى ئورتا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەقلى بىلەنمۇ تەڭ ئەمەسمۇ؟ ئۇلار ھازىرقى مايمۇنلار نېمىشقا ئادەمگە ئايلانمايدۇ؟ دەپ سوئال قويغاندا مۇئەللىم، ساغلام ئادەمنىڭ بېشى قوبۇل قىلغۇدەك جاۋاب بېرەلمىگەن؟ بۇ سوئالغا جاۋابنى... ئەپەندىم مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ. «دارۋىن ئۇ بىر ئالىم. بۇ مەسىلىنى بىزدىن ياخشى بىلىسىمۇ، خەلقنى خۇدادىن ۋاز كەچتۈرۈپ نامەلۇم بىر يولغا باشلاش ئۈچۈن قوللانغان مۇرەككەپ سىياسەت تۈرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئادەملەر كىم قانداق داپ چالسا شۇنىڭغا ئۇسسۇل ئوينىغىنىغا گەپ ئۆتمەيدىغان ئاڭسىز تەرسالىقىغا، نېمىنى كۆرسە ياخشى يامانلىقىغا قارىماي دوراپ ئالغىنىغا قاراپ، مايمۇندىنمۇ بەتتەر دورامچى ھارامزادە ئىكەنلىكىنى دەلىللىمەكچى بولۇپ ئېيتىلغان چوڭقۇر ماھىيەتلىك سۆز بولسا كېرەك» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ؟!

كىشىلەرنىڭ مايمۇنغا ئوخشاش دورامچى ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر مىسال.

مەدەنىيەت دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تۈزۈكرەك چۈشەنمەيدىغانلار: -قاراڭچۇ؟ ئۇ كىشى نېمىدېگەن مەدەنىيەتلىك، سالاپەتلىك، دائىما كاستۇم بۇرۇلكا كىيىپ گالستۇك تاقاپ يۈرىدۇ، دەپ باھالاپ كېلىۋاتىدۇ. توغرا پاكىز چىرايلىق كىيىنىپ يۈرگەنگە نېمە يەتسۇن، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئەجدادلىرىمىزمۇ ئۇنى گالغا ئاستۇق دەپ تاقىغان ئىكەن.

ئەسلى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ كىيىپ ئالغان چىرايلىق كىيىمگە ياكى بولمىسا گالستۇكىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنيا بايلىقىغا - قاراپ بەلگىلىشى لازىم! بىز ھەممىمىز كېرەك يەرلەرگە گالستۇك تاقاپ بارىمىز، بىراق گالستۇك دېگەن مەدەنىيەتنى ئىپادىلەيدىغان بىر بەلگە بولمىغانلىقتىن ئۇنى تاقىمىغانلارنى

ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىككى كەسپدىشىنى (ئۇنىڭ بىرى ھەممىگە تونۇلغان ۋەتەنپەرۋەر...) باشلاپ ئۇرۇمچىگە سودا ئىشى بىلەن باردۇ. ئۇ يەردە بىر باي تىجارەتچى بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭدىن مال ئالدۇ. بۇ ئاتىلىشى **ئۇيغۇر** قەلبى باشقا مىللەتلەرگە مەنسۇپ بولۇپ كەتكەن ئۇچ مەخلۇق، تىجارەتچى قېرىنداشمىزنى كەمسىتىپ كىيىملىرىنى زاڭلىق قىلىپ، قانداق كىيىنىش، قانداق ياشاش توغرىسىدا ئەقىل ئۆگەتكەنلىرىنى قايتىپ كەلگەندە رىۋايەت قىلىپ سۆزلەپ، دەسمى قىلىپ يۈرگەنلىرىنى ئاڭلىمىغانلار كام ئۇچرىسا كېرەك؟

بىر كۈنى بۇ مەخلۇق تۇغۇلغان كۈنىگە چاقىرغاندا، بىر قولىدا پىچاق، بىر قولىدا ۋىلكا مانتىنى قانداق مەدەنىيەتلىك يېيىشنى ئۇلگە قىلىپ كۆرسىتىپ يەۋاتاتتى. بىز ئۇنى قاملاشتۇرالماي ئاخىر قولىمىز بىلەن يېدۇق؟ ئۇنىڭ بويىندا كۈندىكىدەك تاجاۋۇزچىنىڭ ئالا ئارغامچىسى، مەيدىسىدە ئۆگەي دادىسىنىڭ شالدامىسى، قولىدا رومكا، كۆزى ھاراقتا، بۇ غىتمەك ئۆزىنىڭ نادانلىق شەرىپىگە ھەممەيلەننىڭ، ئۆرە تۇرۇپ ئىچىۋېتىشنى سوراپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ سالفېتكىغا مىشقىرىپ بىلجىرلىسا ئادەمنىڭ غىجىقىنى كەلتۈرىدىغان بەتتام گېپى تۈگىمەيتتى... بۇ بىزنى بۇ خىل مەدەنىيەتكە ئۆگىتىمەن دەپ قانچە تىپىرلىغان بولسىمۇ، ھاراق ئىچىشتىن باشقا ھېچقايىسى مەدەنىيەتكە ئۆگىتەلمىدى؟

بۇ ئەرزىمەيدىغان ھاماقەتلىككە ۋاقتىمىزنى زايە قىلىپ توختالغىنىمىزنىڭ سەۋەبى خۇدا ساقلىسۇن، بۇ كېسەللىكمۇ ھەممىگە يۇقۇپ يامراپ كېتىشىدىن؟

بىز ھەرقانداق نەرسىنى قىلىمەن دېسەك ئاشۇرۇۋېتىدىغان تالانتقا ئىگە ئوخشايمىز. ئۆزۈممۇ ياش ۋاقلىرىمدا ھاراق ئىچىشنى رۇسلاردىن ئۆگىنىپ ئېلىپ ئاشۇرۇۋەتكەن ئىدىم؟ ئەمدى ئۇ دورامچىلىقىمنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئادىمىلىك شەرمى ھايانى، مىللەت ئالاھىدىلىكىنى تېگىشىپ بۇزۇپ قويىۋاتقانلارنى تەنقىدلەيدىغان دەرىجىگە كۆچۈپ قاپتىمەن؟ توۋا نادان كىشى نادانلىقىدىن ئۆزىنى ئەقىللىق سانىغانغا ئوخشاش، مەدەنىيەتسىزلەرمۇ زاڭلىشىپ كەتكەن مارپەينەكلىكىنى

مەدەنىيەتلىك بىر تونۇش بىلەن ئۇچرىشىپ قىلىپ سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ مەدەنىيەتلىك ئەپەندىم ئۇنىڭغا چاقچاق ئارىلاش تەنە قىلىپ «هوي تويماس ئاداش پۇلغا ئۆلگەندە تويامسەن؟ تاڭ ئاتماستا ئۇخلىماي يەنە پۇل تاپقىلى ماڭدىڭمۇ نېمە؟» دەپ ئېيتىدۇ.

تىجارەتچى يىگىت كېچىكتۈرمەيلا «راست دەيسەن لاتا پۇرۇچ ماز ئاداش شۇنداق، سەنچۇ گالستۇكىڭنى تېزىڭغىچە ساڭگىلىتىپ ۋەتەن ئازاد قىلىشقا ماڭغانسەن هەقچان دەپتىكەن! بۇ يۇمۇر دېگەن نەرسە قۇرۇق يەردىن خىيالى چىقمىسا كېرەك تووا؟!

يەنە بىر كىچىك بولسىمۇ جانغا يامان تېگىدىغان مەدەنىيەت، تاماق يېيىش مەدەنىيىتى ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ. بىر مىللەت تاماقنى چوكىدا يېسە، يەنە بىرى قوشۇقتا يەيدۇ، يەنە بىرى ۋىلكىدا يېسە، باشقىسى پىچاق ۋىلكا تۇتۇپ يەيدۇ. بەزىلەر قولىدا يەيدۇ. بۇ ئەھۋال مەدەنىيەت ياكى قالاقلىق بولماستىن، بەلكى هەربىر مىللەتنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئوخشاشلا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئالاهىدىلىكىدۇر!

يۇمۇر ئەمەس بىر ئەمەلىيەت، ئۆزىنى ناهايىتى مەدەنىيەتلىك ساناپ، مىللىتىنى مەدەنىيەتسىز دەپ ياقتۇرمايدىغان، ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىنى خىتايلار دەيدىغان بىر مەخلۇق تونۇشۇم بار ئىدى. ئۇ هەقىقى مەدەنىيەت بەلگىسى بولغان رەڭگارەڭ لاتىنى زادى بويىنىدىن يەشمەتتى. بۇ مايمۇندىن مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇيغۇردىن باشقا مىللەتلەرنىڭ بارلىق ئادەتلىرىنى مەدەنىيەت دەپ چۈشىنىپ تېخى ئۇ ئادەتلەرنى بىزگە ئۆگىتىشكە تىرىشىپ ۋەز ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ قىلىقلىرى جېنىمغا قاتتىق تەگسىمۇ، ئادەم دېگەنىنىڭ ئالدى گۈل كەينى تىكەن بولىدىغان ئوخشايدۇ. بىلەرمەنلىك قىلغىنىغا تەڭ بولماي سېنىڭ راست دەپ قويغىنىم بىلەن ئىچىمدە ئۆلۈپ قالاتتىم. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىلىرى كىچىك بالا ۋاقتىدا سوۋېتكە كۆچۈپ چىققان ئىكەن، ئۇ سوۋېتتە بىر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئاددىي بىر خىزمەتتە ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئەڭ چوڭ ئالىي بىلىملىك سانايتتى.

راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىنارلىق يېرى ئىنسانىيەت مەنىۋى روھىنى قۇرۇتۇپ تاشلاپ، تېخىمۇ رەزىللىشىپ كېتىشكە يول ئىچىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانلىقتۇر! شۇنىڭ ئۈچۈن سانائەت، ئىقتىساد قۇدرىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن دۆلەتلەرنى مەدەنىيەتلىك دۆلەت، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت دەپ چۈشىنىش ئالساق، نادانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەنلىكتۇر!؟

بۇ جەمئىيەت سىستېمىلىرىدىكى ئاددىي بىر ئەھۋالنى تىلغا ئالماقچى بولساق، ئەر-ئاياللىقنى كىيىمنى يېشىپ قارىمىغىچە بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۇرۇشلىرى ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جىنسلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ نەشرىيات مەخسۇس ئورۇنلاردا رېكلاما قىلىپ ئۈلگە قىلىنىشى. ھەتتاكى بىر جىنسلىقلارنىڭ ئەر-ئايال بولۇپ ياشىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىلىپ بېرىلىشى، ئوخشاش تىلغا ئېلىپ ئېيتىشقىمۇ ئادەم بالىسى پېتىنالمايدىغان، ياۋايى ھالەتتىكى ھايات ئوبرازلىرىنىڭ ھايۋانلاردىمۇ تېپىلمايدىغان رەزىل مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ، ئەركىنلىك دېموكراتىيە دەپ ئاتىلىشى، ئادىمىلىك قېلىپىدىن چىقىپ كەتكەن نەس باسقان قەبىھ مەدەنىيەت پەللىسىگە ئېرىشكەنلىكتۇر؟؟؟

بۇ مەدەنىيەت ئىلغارلىقلىرىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ ئېلىشىمىز ئۈچۈن، كاللىنى قاپاق قىلىپ ئوينىتىۋاتقان ماددىي جەھەتتىكى ئاتالمىش ئۈستۈنلۈك تۇسالغۇلۇق قىلىپ ئۇنى يېڭىپ كەلمەكتە؟

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئۇلۇغۋار نىشانى ئۆزگەرمەس مۇكەممەل ئىشەنچلىك ئاللاھنىڭ قورالى بولغانلىقىدىن، ئىنسانىيەت قەدەم قويۇپ كىرىپ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى ھەم ئەتىكى جاھىلىيەت گىردابىدىن ۋە ئىدېئالىزمچە خام خىياللاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، رېئاللىق ھەم ئەمەلىيەتچانلىققا يېتەكلەيدىغان ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەت ئۇقۇمى ئىكەنلىكىنى تونۇپ ئېتىراپ قىلىشىمىز ھەربىرىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىزدۇر!!!

بۇ يەردە تەكىتلەنگەن چىن ھەقىقەت بەزىلەر ئۈچۈن قاتتىق

مەدەنىيەت دەپ قوبۇل قىلىۋېلىپ ماختىنىۋاتقىنى ھەممىدىن قىزىق؟ تەكىتلەپ ئۆتۈپ كېتىشىمىز كېرەككى رۇسلارنىڭ ھاراقنى كۆپ ئىچىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۇستۇنلۇككە ئىگە مىللەت ئىكەنلىكى كۆز يۇمۇپ ئېلىشقا مۇمكىن ئەمەس ھەقىقەتتۇر!

بىز ۋەتىنىمىزدە چىقىۋاتقان كىنو كونسېرت، يۇمۇرلارنى كۆرۈشكە ئىنتايىن قىزىقىپ خۇشال كەيپىياتتا ھۇزۇرلىنىپ كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز. شەخسەن ئۆزۈم بىز ھەقىقى سەنئەتكە باي خەلقكەنمىز دەپ مەغرۇرلىنىمەن! بىراق بىز توختولۇۋاتقان تەرەققىيات مەدەنىيىتى، قىلىقسىز مەدەنىيەتكە يول قويىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىققا ھەققىمىز يوق! ئارتىسلار ناخشا ئېيتىۋاتقاندا گۈل تۇتۇپ كاشىلا قىلىش مەتولىقلىرى ئۇنى ئاز دەپ، ھىندىستانلىقلار ئادىتى ۋە رۇسلارنىڭ ئۆلگەنلەرنىڭ بېشىغا قويىدىغان چەمبىرەك گۈلنى بوينىغا ئېسىپ قويۇپ ئۇنى ھۆرمەت بەلگىسى قىلىپ ئالغانلىرىمىز، خۇددى كىچىك باللار ئېتىزلىقتا باغلاپ قويغان كالىلىرىنىڭ بوينىدىكى ئاغامچىغا گۈل باغلاپ ئوينىغانلىرىغا ئوخشاپ كەتكەنلىكىدىن مەدەنىيەت ھەم سەنئىتىمىزگە داغ قالدۇرۇپ كەلمەكتە؟ رۇسلار خىتايلارغا نىسبەتەن مەدەنىيەت جەھەتتىن چەكسىز پەرقلىنىپ تۇرغانلىقىدىن مۇنداق كۆڭۈلنى ئىلەشتۇرىدىغان قىلىقسىزلىقلارغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا غەرب مەدەنىيەت تەسىرى ئىدىيەم ئۇستىدىن غەلىبە قازىنىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. شۇنداق بولسىمۇ، ئادەمنىڭ قىممىتى ئەدەپ-ئەخلاق مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلالىغاندىلا باشقا شەيئىلەردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بۇ ھايات پاكىتلىرى خۇددى تېلېۋىزوردا كۆرسەتكەندەك، ئەينى تەبىئىلىكىنى مونتاژ قىلسىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى؟

غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلام ئېڭىغا شۇنداقلا ئىنسانىي پەزىلەتكە قارىمۇ-قارشى ئىكەنلىكىگە قايىل بولالماي كېلىۋاتقىنىمىزنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئىلغارلىققا ئېرىشكەن دۆلەتلەرنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي ئېتىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ

بۇ ئەھۋاللارنىڭ بارچىسى خەلقىمىزنىڭ مەيلى بولماستىن كوممۇنىستلارنىڭ ئۆزلىرىگە چوقۇندۇرۇپ، ئاڭسىزلاندۇرۇپ باشقۇرۇش سىياسىي تەسىرىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى؟ بۇ سەھرا خەلقىنىڭ ئەھۋالى، ئەمدى شەھەر خەلقىنىڭچۇ؟ ھاراق ئىچىش جەھەتتىن سەھرا شەھەر خەلقى ئوخشاشلا دەرىجىدە بولۇپ، بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدىكەن؟ مەيلى شەھەردە ياكى سەھرادا بولسۇن ۋەتەندىن سوۋېتكە چىقىپ ياشاۋاتقىنىغا 50 يىل بولغانلارنىمۇ ھوي ئۇ خىتايلىق دەپ ئايرىمچىلىق قىلىش ئاڭسىزلىقلىرى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە؟ ھەرقانداق كىشىنىڭ ھۆرمەت-ئىززىتىنى بىلدۈرۈش بەلگىسى ھاراق بىلەن باشلىنىدىكەن؟ تۆگە سۆيۈپمۇ ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى ئالالمىسىڭىز، بىر باش ئاچچىق پىياز بىلەن يۈز گرام ھاراق قويۇپ بەرسىڭىز دۇنيادا سىزدىن ياخشىچاق ئادەمنى تاپالمايدىكەن؟ ئۇنى قىلمىسىڭىز چەتكە قېقىلىپ يەككە-يېگانە يېتىم ھالەتتە جامائەتچىلىك ئېتىبارىدىن ئايرىلىپ قالسىزكەن؟ بىر-بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە سالاملىشىپ ھال ئەھۋال سوراشنىڭ ئورنىغا ھېلىقى خىتايلار سالاملىشىش ئورنىدا ئىشلىتىدىغان چىشلى مويو (تاماق يېدىڭمۇ؟) كېيىنرەك ئۆزگەرتىپ ئالغىنى يەنى مەدەنىيەت ئىلغارلىق سۆزى ماۋجۇشى ۋەنسۈي (ماۋ ياشىسۇن) دېگەنگە ئوخشاش - 100 گرامدىن ئىچەمدۇق دېگەن سۆز سالاملىشىش ئورنىدا ئىشلىتىلىدىكەن؟ كىم بىلەن بىر جوزىدا بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچسە ئۇ ئەڭ يېقىن دوست بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىنى بىلدۈرگەنلىك بولۇپ، خىتايلار تاماكا تۇتسا ئۇنى ئالىسىڭىز ئىشنىڭ ھەل بولغانلىقىنى بىلدۈرگەنگە ئوخشاشلا بىر بەلگە ھېسابلىنىدىكەن؟ بىزمۇ بۇ ئىلغارلىق مەدەنىيىتىدىن چەتتە قالماي كۆپ ئۆتمەيلا بۇ پادىغا تىقىلىپ كەتتۇق. ئۇلار 100 گرام دېگۈچە پول لىتىر دەيدىغان، پول لىتىر دېگۈچە لىتىر دەيدىغان بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، مىللەتكە خاس گۈزەل ئەخلاق ئەنئەنىلىرىمىزنى دەپسەندە قىلىش ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇپ كەلدۇق؟ ۋەتەن مىللەت ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى؟ ۋەتەندە قالغان بىر مەقسەتلىك دوستلۇرىمىزغا

تىگىپ كېتىشى ئېھتىمال بىراق مېنى ئۆمۈر بويى قىيناپ كېلىۋاتقان قاتتىقلىقتىن قاتتىق بولمىسا كېرەك؟ تەپەككۇر مەرھەمەت!
دۆلەتلەر سىياسىي بېسىم تەسىرىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەتلەر، مەدەنىيەت ئۆرپ-ئادەتلەر ئۇستىدە يەنە بىر ئاز قوشۇمچە پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، سوۋېتكە چىققان دەسلەپكى ۋاقىتلىرىمدىن بىر كۆرۈنۈشنى ئەسلەپ ئۆتىمەن.
62- يىلى ئاپرېل ئايلىرىدا بىرنەچچە يېقىن دوستلىرىم بىلەن ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارمىيىسىگە قوشۇلماقچى بولۇپ سوۋېتكە قېچىپ چىققان ئىدۇق.
بىز چېگراغا يېقىن **ئۇيغۇر** رايونلىرىنىڭ بىرىگە تەقسىم قىلىندۇق. بۇ يەردە بىز نىشان قىلىپ چىققان ئەھۋالنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى مەلۇم بولغان ئىدى.
بۇ يەردىكى خەلقىمىز مۇنداق مۇرەككەپ سىياسىي مەسىلىلەر بوياقتا تۇرسۇن ئاددىي بىر مەسىلىلەرگە بولغان كۆزقارىشىمۇ، ئاڭ سەۋىيىسى پۈتۈن سوۋېت خەلقىگە ئوخشاشلا قايغۇلۇق دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە تەساددىپى ئىشلار تۇپەيلى ياشاۋاتقان جاي، تۇغۇلۇپ قالغان دۆلەت ئانا ۋەتەن دەپ ھېسابلىناتتى.
**ئۇيغۇر** مەكتەپلىرىدىمۇ ئەنە شۇ ئىدىيە سىڭدۈرۈلۈپ ئوقۇتۇلىدىكەن؟ ھەتتا ئادەملىرى بىزنى كۆرگەن دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خىتايلار كېلىۋاتىدۇ دەپ قاچاتتى؟ مىللىتىمىزنىڭ تىل، ئۆرپ-ئادەت مەدەنىيەت رەسمى قائىدىلىرى **ئۇيغۇر** مىللىتىگە خاس ئىللەت پۇراقلىرىدىن ئىنتايىن يىراقلىشىپ كەتكەن؟ مىسال سىز دېگەن سۆز ھەتتا ھازىرغىچە ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن؟
ئادەملىرىنىڭ ئاتلىرىمۇ ئاسماندىكى پىلانىتلارنىڭ، يەردىكى كوممۇنىزم ئاساسىنى ياراتقۇچىلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ پەخىرلىنىدىكەن؟ بىز تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان مۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە چوڭقۇر ئويلارغا چۈشۈپ قالاتتۇق؟

ئۇنتۇلۇپ قالمايدۇ-دە، تىلنى راسا چايناپ ئاخىرىدا خۇدانى ئاغزىغا ئېلىپ تۈگىتىدۇ. بىزمۇ شۇنىڭ بىر خىلى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ھېسداشلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قولىمىزدىكى ھاراقنى جاراڭشىتىپ ئۇرۇپ ئىچىۋېتىمىز...

مەن لېنىننى تاز دەپ ئاتايدىغان، ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قەلبىدە يېقىنلاشمايدىغان تەربىيە سىڭدۈرۈلگەن ئائىلىدە ئۆستۈم. بۇ تەربىيە بالا ۋاخلىرىمدىلا قەلبىمگە مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇرەككەپ ھاياتىمدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھەرقانداق سىياسىي مۇھىت تەسىرى ئۇنى يېڭىپ چىقالمىدى.

مەيلى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئائىلەمدە ۋە باشقا تەكلىپ قىلغان جايلاردا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان نىشانلاش بايرام كۈنلىرىنى، باشقا ئامال قالمىغانلىقتىن سېنىڭ راست دەپ كۆرۈنۈشتە ئۇلار بىلەن بىللە بولساممۇ، دىلىمدا تا بۈگۈنگىچە نەپرەت بىلدۈرۈپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن جانغا تەككىدەك سۆز-ھەرىكەتلىرىم بىلەن توسالغۇلۇق قىلىپ مەسخىرە قىلىپ كېلىۋاتىمەن؟

مەن ئۇلارنىڭ تەلىم-تەربىيىسىنى قوبۇل قىلالمىغاندەك، ئۇلارنىڭمۇ جەمئىيەت تەسىرىدىن زەھەرلەنگەن تەبىئىتى، مېنىڭ قارشىلىقىمنى قوبۇل قىلالمىدى؟ بىز ھەممىمىز چارۋىچىلار قويلىرىغا ئۆزىنىڭ تامغا بەلگىسىنى ئۇرۇش مەڭگۈلۈك بولماستىن قولدىن- قولغا ئۆتكۈچىلىك ۋاقىتلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز.

ۋەھالەنكى، بىز سوۋېتتىكە چىقىشىمىز بىلەنلا، بۈيۈك رۇس خەلقىنىڭ ۋاقىتلىق ئەمەس، ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدىغان شەرەپلىك تامغا بەلگىسى، فامىلىنىڭ ئاخىرىغا قېتىلغان ئوۋ، ۋىچلار، ئاياللارغا پىۋا، يېۋنا دېگەن قوشۇمچە بەلگىلەرنىڭ ئۆزى، سىز كىمنىڭ قويى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

ئادەم بالىسى ھاياتىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئېلىشنى خالىسا، بۇ چەكسىز قىسمەتلەرگە تولغان قاينامدا، پولات ئوتتا تاۋلانغاندەك تاۋلىنىپ چىقالايدىغان ئوخشايدۇ؟ تاۋلىنىشنى خالىمايدىغانلار، ئاق شاپاق دوپپىنى ھاجىلىق بەلگىسى قىلىپ ئالغاندەك، فامىلىمىزگە

بەرگەن ۋەدىمىز بويىچە، بىزنىڭ خەۋەرسىز بولۇپ كەتكىنىمىزدىن خاۋاتىر بولۇپ ئەنسىرەپ خەت يېزىپتۇ. مەزمۇنى قىسقىچە نېمىشكە خەت يازمايسىلەر؟ بىز سىلەردىن چوڭ ئۈمىد قىلىپ كۈتۈۋاتىمىز... دېگەن مەنادا ئىدى. ئاردىن ئۆتۈپ كەتكەن بەش يىلنىڭ ئىچىدە ئۈچ يىل ئارمىيە سېپىدە بولدۇم. ئاخىر راست گەپنى يېزىشقا توغرا كەلدى. دوستلار بىز سىلەرنى ھەم بەرگەن ۋەدىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق. بىز ئويلىغان ئاڭلىغان ئىشلار بۇ يەردە ئەمەلگە ئاشمايدىكەن، ئامالىمىز يوق! ئالدىڭلاردا بىز ئەيىبلىك بىزنى كەچۈرۈۋېتىڭلار دەپ يېزىپ ئۇ خەتنىڭ جاۋابىدا سىلەر خائىنكەنسىلەر دېگەن ئاتاققا ئىگە بولغان ئىدۇق؟

شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ھالىتىمىز چەت ئەللەردە چەللىدە ئات چاپتۇرۇپ ئاغزىدا ۋەتەن ئازاد قىلىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەرلەر نىقابىغا كىرىۋېلىپ، ھېلىقى "خائىنكەنسىلەر" دېگەن ئاتاقنىمۇ ئاقلاپ چىقىشقا مۇيەسسەر بولالىدۇق؟ بۇ قويۇلغان دىئاگنوز بىردىنبىر توغرا ھەق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا رەنجىمەيمىز، ئەلۋەتتە باش ئېگىپ ئېتىراپ قىلىمىز!

چۈنكى كەيپى ساپادا زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان كاللا، قانداقمۇ ئەل-ۋەتەن ياكى سىياسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۇنى پەرق ئېتەلىسۇن؟ كۆندە دېگۈدەك ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان تۇغۇلغان كۈن، ئۆلگەن كۈن، بىز ئۈچۈن غەيرى بايرام نىشانلاش كۈنلىرى، تېتىقسىز خاتىرىلەش كۈنلەر بىلەن بەند بولۇپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ھايات، ھۆكۈمەتنىڭ خەلقنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان سىياسىي ئۇسۇلىنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى؟؟؟

بۇ ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان جامائەتچىلىكتە بىرىنچى سۆز رۇسلار قائىدىسى بويىچە ئەڭ مەدەنىيەتلىك زىيالىي ئەپەندىمدىن باشلىنىپ جامائەت تارقىلىپ كەتمىگۈچە سۆز بېرىش مەدەنىيىتى تۈگىمەيدۇ. سۆز بېرىلگەن ئەپەندىم قولىدىكى ھاراقنى پۈتۈن ئىخلاس ئېتىقادى بىلەن تىكلىپ قاراپ تۇرۇپ ۋەتەن مىللەت دېگەن سۆزلەرمۇ

تىلغا ئېلىشقا توختىنغۇدەك قانداق نەتىجىلەرنى قازاندۇق، ئەمدى نېمىلەرنى يارىتىشىمىز لازىم؟ ئۇنىڭ ماھىيىتى ئۇستىدە ئۇچۇق چۈشەنچە ئېنىق ھېسابات بېرىلىشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى ھېسابات بېرىش ئۈچۈن قولغا چىققۇدەك بىرەر نەتىجە بولمىغانلىقتىن بۇ ئۇچرىشىشلار مەنىسىز كۆڭۈل ئېچىش ھاراق ئىچىدىغان زىياپەتكە ئايلىنىپ قالدى؟ ئەسلى بۇ كۈن دۆشمەنگە بولغان غەزەپ-نەپرەت يۇخانلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇچرىشىش بولۇش كېرەك ئىدى؟

ئۇنىڭدىن باشقا خىلمۇ خىل ئاجايىپ كۈلكىلىك ھەم ئېچىنىشلىق نىشانلاش كۈنلەرنىڭ بىرى، تارىخى دۆشمەنلىرىمىزنىڭ **ئۇيغۇر** خەلقىنى قىرغىنچىلىقلارغا ئۇچراتقان رۇس ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلغان كۈنى 23- فېۋرال ۋە شۇ ئارمىيىنىڭ غەلىبە قازانغان كۈنى 9- ماي، رېۋالىيوتسىيە كۈنى 7- نويابىر ۋە باشقا بىز ئۈچۈن قايغۇرۇش ماتەم تۇتۇش كۈنلىرىنى ئۆز ئىگىلىرىدىن ئارتۇق خۇشاللىق تەنتەنە بىلەن قارشى ئېلىپ كېلىۋاتىمىز؟!

شۇنىڭ بىلەن، قۇللۇق دەۋرىمىزنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە ئوخشاش توسلەرنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا تېخىمۇ چوڭ غەلىبىلەرنى تىلەپ شۇ «روھ» شۇ «ئىمان» «ۋىجدان» بىلەن ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ كېلىۋاتىمىز... ھېچقانداق ئۇيغۇرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ قالمىسۇنكى 1918- يىل «ئاتو پاجىئەسى» 44-46- يىللاردىكى سۇيىقەستلىك بۇ ھەقتە ئۆتكەنكى ماقالىلەردە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ كۈنلەر بىز ئۈچۈن ماتەم مۇسىبەت كۈنلىرى ئىدى. نېمىسلار نېمە ئۈچۈن 9- ماينى مۇسىبەت كۈنى ھېسابلايدۇ...؟

1- ئۆكتەبىر خىتاي كوممۇنىست ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازانغان كۈنى قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇ كۈن پاجىئەلىك تارىخىمىزنىڭ باشلىنىش ماتەم كۈنى بولسىمۇ، بىز بۇ كۈننى بارلىق خىتاي بايراملىرىغا ئوخشاش داغ دۇغلۇق بىلەن خىتايلار بىلەن بىللە چوڭ بايرام قىلىپ ھاماقەتلىكىمىزنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتىمىز؟

يەنە بىر نىشانلاش بايرام كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ نورۇز بايرىمى.

قېتىلغان بۇ قوشۇمچە بەلگۈلىرىمۇ مەدەنىيەت بەلگىسى قىلىپ ئېلىپ، ئۇنىڭدىن مەغرۇرلىنىپ كېلىۋاتىمىز؟ تېخى ئۆزئارا بولغان مۇناسىۋەتلەردە ئۇ قوشۇمچىلار بىلەن سۆزلەشسەك ئۇ كىشى ئىنتايىن مەدەنىيەتلىك سانىلىدۇ؟... دات!

بۇ يەردە شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويماسلىقىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى ـ مەيلى نەزەرۋى ياكى ئەمەلى نۇقتىئى نەزەردىن ئېلىپ قارىغاندا فامىلىنىڭ ئاخىرىغا قېتىلغان ئوۋ. ۋىچلار ھۆكۈمدار مىللەتنىڭ ئاسسىمىلەتسىيە قىلىنىش بەلگۈسى ئېكەنلىكىنى پەرىق ئېتەلىگەن قېرىنداشلىرىمىز ئاللىقاچان ئۇقۇللۇق تامغىدىن قۇتۇلۇپ مىللەت ئالاھىدىلىكىنى ھىمايە قىلىپ ساقلاپ قېلىش يولىدا ئۈلگە بولۇپ كەلمەكتە؟! مىسال يادىكار سابىت، مۇرات ئەخمەدى، ئىلاخۇن ھوشۇر...ۋە باشقىلار ۋەتىنىمىزدە بولسا بۇ ئەھۋالمۇ ئارقىدا قالمىغان ئا، چاڭ جاڭ، ما. خاڭ جاڭ، مى سى جاڭ، شا، جوشى دەپ ئاتاپ مەدەنىيەت سەۋىيە يۇكسەك دەرىجىسگە ئېرىشكەنلىكىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە؟ ئەستاغپۇرۇللا!

ئەمدى ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن كېلىۋاتقان قەدىمى خىسلەتلىرىمىزنىڭ بىرى ئۆرپ-ئادەتكە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتەيلى.

«قۇش ئۇۋىسىدا كۆرگەننى قىلىدۇ» دېگەندەك. بۇ مەنانى رۇسلاردا «ئالما، ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن يىراققا چۈشمەيدۇ» دەپ ئىپادىلەيدۇ. بىز ئاتا-ئانىلىرىمىزدىن كۆرگەن ئۆرپ-ئادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمىز. باللىرىمىزمۇ ئۇنى قىلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت دەپ ساناپ ئۇنى داۋاملاشتۇرۇش قانۇنىيەتتۇر!

ئەمدى ئۆرپ-ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن نىشانلاش كۈنلىرىنىڭ بىرى، ۋەتەندىن ئايرىلىپ مۇساپىرلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقىنىمىزغا قانچە يىل بولغانلىقىنى نىشانلاش، ئەلۋەتتە بۇ كۈن خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ بىرى ئىدى، بىراق بۇ كۈننى نىشانلاش خۇشاللىق ئازادلىقنى ئىزھار قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان كۈن بولماستىن، بەلكى مۇساپىرلىق ھاياتىمىزدا

ئەخلاق پاراسەتلىك پەزىلەتلىرى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.
بولۇپمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بەزىبىر يەرلەردە ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان، ئەر-ئايال ئولتۇرۇشلىرى، ۋىچىر، قاتار چاي ئوخشاش پائالىيەتلەر خەلقىمىزگە يات رەسمى قائىدە، هاراق ئىچىش ۋە هاياسىزلىقلار مەدەنىيەتلىكى بىلەن ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بولسىمۇ، بىز ئۇنى مەشرەپ دەپ ئاتاپ كەلدۇق.
بىر كۈنى بىر تونۇشنىڭ ئۆيىگە بارسام مېھمان كۈتۈپ تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ئىكەن. ھەي بۇ نېمىدېگەن كۆپ هاراق؟ دەپ سورىسام مەشرەپنىڭ نۆۋىتى ماڭا كەلگەن شۇنىڭ تەييارلىقى دېگەندە، مەشرەپتىمۇ هاراق ئىچەمسىلەر؟ دېسەم يۈرىكىڭ چىلاشقۇدەك هاراق ئىچمىسەڭ ئۇ قانداق مەشرەپ بولىدۇ... دەپ جاۋاب بەرگەن.
دېمەكچىمەن، ئەگەر مۇمكىن بولسا ھەرنەرسىنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ ماھىيەتلىك تارىخى ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتمەي ئىشلەتسەك ياخشى بولاتتى.

## ئۈمىد دېگەن نېمە؟

قاتار چاي بىلەن مەشرەپنىڭ ئايرىمچىلىقى بولغانغا ئوخشاش، ئۈمىد دېگەن سۆزىمىز بىلەن خام خىيالنىڭ پەرقى ھەم ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ.
«ئادەمنى ئۈمىد ياشىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ «دېگەن ماقالىنى ھەممىمىز ياخشى بىلىمىز. بىراق، بىز كۆرگەن شېرىن چۈشلىرىمىزنى ئۈمىد دەپ ياساپ ئالغىنىمىز بىلەن، ئۇ خام خىيال بولغانلىقى ئۈچۈن، غەمدە قالدۇرۇپ قاقشىتىپ قويۇۋاتىدۇ؟؟؟
ئۈمىد دېگەن فانتازىيە خاراكتېرلىك بولماستىن، بەلكى مۇكەممەل بىر رېئاللىققا ئائىت ئاساسقا ئىگە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن نىشان بولۇشى بىلەن بىللە ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن غايە ھەم ئىرادە ئاتا قىلىدۇ!

كوممۇنىست تۈزۈم ھۆكۈم سۈرگەندە بۇ بايرام تونۇلمايتتى. قىرىنداش رىسپۇبلىكىلار مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندىن باشلاپ، بۇ بايرام ئۆز ئەكسىنى تېپىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ھەرىيلى نورۇز بايرامدا **ئۇيغۇرلار** ئالمۇتىنىڭ چوڭ پاركىغا يىغىلىپ قارشى ئېلىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. شۇ بايرام كۈنى **ئۇيغۇر** دوستلار، بۇرادەرلەر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ، پاركقا كىرىش ئالدىدا يېقىن تونۇش چېچەن ئادىمى بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. بۇ ئادەم بىلىملىك بولغاچقا ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات، تارىخلىرىغا بەكمۇ قىزىقاتتى. مەن **ئۇيغۇرلار** توغرىسىدا تارىختىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالىملىرىمىزنىڭ ياراتقان ئىزلىرى توغرىسىدا بىلگىنىمنى بولۇپمۇ مەدەنىيەتلىك ئۇلۇغ مىللەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەشكە تىرىشىپ سۆزلەپ بېرەتتىم. بۇ ئادەم بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇيغۇرلار يىغىلغان يەرگە كېلىپ قاپتىمىز. بۇ يەرگە يىغىلغان مېنىڭ خەلقىم ھاراق ئىچىشىپ بىر-بىرىگە سۆز بەرمەي بازار قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەن چېچەن ئادىمى ھەيرانلىقتا «توختا بۇ سېنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى سۆزلەپ ئۇيغۇرلارنى ماختىغىنىڭ مۇشۇمۇ؟ بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بايرىمى تۇرسا، سىلەر ئۇلۇغ بىر مىللەت تۇرساڭلار، كۆردۈڭمۇ ھېچقايسى مۇسۇلمان مىللەتلىرى بۇ ئىشنى قىلمايدۇ...» دەپ مېنى ئۇياتقا قالدۇرغان بولسىمۇ، بويبەرمەي بۇلار مەن سۆزلەپ بەرگەن ئۇيغۇرلار ئەمەس دەپ ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى بولغان بولسامۇ ئەمەلگە ئاشمىدى؟ تەپەككۇر!

## قەدىمى ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ بىرى مەشرەپ

مەشرەپ خەلقىمىزنى ئەدەپ-ئەخلاق، مەدەنىيەت، سەنئەت، رەسمى قائىدە، ئىنتىزام ۋە ئىنسانىۋى ئىللەتلەر بىلەن ياشاشنى ئۆگىتىپ تەلىم-تەربىيە بېرىدىغان مەكتەپ بولۇپ كەلگەن ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن مەشرەپ كۆرگەنلەر ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت گۈزەل

ئۇ پەدەزلەنگەن ئۈمىدۋارلىق دېگەن سۆزىمىز، ئاسماندىكى ئاي، پۇشايمانغا باي ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرسىمۇ، تارىخ ھەم باشتىن كەچۈرگەن قىسمەت ساۋاقلىرىمىز ئۇنى دەلىل قىلىپ قايىل قىلالماي كېلىۋاتقىنىنى نېمە دەپ يازساق بولار؟ لېنىنمۇ ئورمانزارلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىۋېلىپ خىيالى شېرىن تەساۋۋۇرلارنى ئۈمىد دەپ قاراپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىمۇ، ئۇ خام خىيالنىڭ ئاقىۋىتى خارابىلىق تويۇق يولغا باشلاپ قويغانىدى.

بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ ھەرقاچان مەكتىنىڭ تاماكىسىنى راسا چېكىۋالغاندا، سۈلايمان قالپىغىم بولسا، قانىتىم بولسا ئۇنداق قىلسام مۇنداق قىلسام ماۋ زېدۇڭنىڭ گېلىنى بوغۇپ تۇرۇپ ۋەتەنگە مۇستەقىللىق بەرگۈزسەم دەپ ئەمەلگە ئاشمايدىغان بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلىپ، ئادەم دېگەن ئۈمىدۋار بولۇش كېرەك دەپ كەيپىنى سۈرۈپ ئۆزىنى خۇشال قىلاتتى؟

ئابدۇقادىر داموللام، «ئىنسان دۇنياغا ياشاش ئۈچۈن كېلىدۇ، لېكىن بۇ ياشاش غايىلىك مەنىلىك بولۇشى لازىم» دېگەن ئىدى.

بۇ دېگەنلىك ئىنسانلار ئۈمىد بىلەن ياشىسا ئۇ ھايات مەنىلىك قىزىقارلىق ھايات بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۈمىدنىڭ ئاساسى بولمىسا، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئۆزىنى ئەللەي ئېتىپ ئۇخلىتىدىغان خام خىيال ئۈمىد ھېسابلانمايدۇ-دە؟!

بىز ھەممىمىز ئۈمىد، ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن ياشايمىز. بىراق، ئۈمىدتە ئۈمىد بار، ئۇنىڭ پەرقى ئۇلۇغ ئادەملەر ئۇلۇغ ئارزۇ-ئۈمىد بىلەن ياشىسا، پۇچەك ئادەملەر پۇچەك ئارزۇ، شېرىن چۈشلىرىنى ئۈمىد دەپ ياشايدۇ، پەرقى پەقەتلا شۇنىڭدا.

بۇ خىلدىكى ئاقىۋىتى پاجىئەگىمۇ ئۈمىدۋار بولۇش دېگەن سۆزنى قوللىنىش موللىلار ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان تەقدىر، شۈكرى، سەۋر، رىزقى دېگەن سۆزلەرنى دەسمى قىلىپ ئالغانغا ئوخشاش ئۆز-ئۆزىنى بەزلەپ خاتىرجەم ياشاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرىدۇر!

49- يىلى 13 - ئۆكتەبىر خىتاي ئارمىيە قوماندانى ۋاڭجىن بىر پاي

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن ئىنتىلىش روھى پەيدا بولۇپ، ھامان بىر كۈنى ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكىگە ئېرىشەلەيدۇ. مانا بۇنى ئۈمىد دەپ ئاتايمىز. خام خىيال، شۇ خىيال بويىچە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مەڭگۈلۈك ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىر نەرسە بولۇپ قېلىشۇرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۈمىدكە ئارىلاشتۇرۇپ ئالساق ھېلىقى تەقدىر دېگەن سۆزنى ھەممە يەرگە دەسمى قىلىپ ئالغانغا ئوخشاپ قالىدۇ؟

قېرىنداشلار، كېلەچەككە ئۈمىد بىلەن قاراش كېرەك، «ئادەم دېگەن ئۈمىدۋار بولۇش كېرەك» دېگەن بەكمۇ يېقىملىق، چىرايلىق سۆزگە بەنىت بولۇپ، چەت ئەللەردە جان بېقىش قايىنىمىغا غەرق بولۇپ، ئۇنىڭدىن مېھرىمىزنى ئۈزەلمەي ھەپىلىشىپ، شۇنىڭغا رازى بولۇپ قانائەتچانلىق، شۈكرچانلىق، سەۋرچانلىقنى بىلدۈرۈپ مەنىسىز، بىمەنە ئۇنۇمسىز ئۆتۈۋاتقان ھاياتقا تەسەللى بېرىپ، قانداقتۇر بىر غايىبانە كۈچ تەسىرىدىن قولغا كېلىدىغان ئامەتنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ يېتىۋاتىمىز. «ئادەم دېگەن ئۈمىدۋار بولۇش كېرەك» دېسە، ئۈمىد دېگەن سۆزدىن چۈرىدەپ كىتەلمەي، قولىمىزدىن ھېچنەرسە كەلمەيدىغانلىقنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، خاتىرجەم ياشاشنىڭ قورالى قىلىپ تەماخورلۇق كېسىلىدىن قۇتۇلۇشنى خالىمايۋاتىمىز! جاھان تۇتماق ئۈچۈن ئەقىل، ئۈمىد قىلىش ئۈچۈن ئاڭ كېرەك! ئەل يۇرتنى سوراش ئۈچۈن بىلىم ئەڭ كېرەك! بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئەقىل كېرەك! ئەقىل تېپىش ئۈچۈن ئىرادە، ئىدراك تىرىشچان ئەمگەك كېرەك!

بىر دوگدىن ئېشىپلا غادايما بىراق،
ئىلىمنىڭ تېخى سەپىرى ئۇزاق.
تىرىشچانلىقتىن پۈتۈلگەن قولنى،
قانائەت بىخى قىلمىسۇن چولاق!

روھىمىزغا ئۇزۇن مۇددەتلىك ئورۇلغان نادانلىق قالاق تامغىسىنىڭ تەسىرى، پالچىنىڭ تېشىدىن مۆجىزات ئامىتىنى ئۈمىد قىلىپ،

ئۆگىنىپتۇ قوچقار گويا ساغلىقتەك،
كۆز يۇرۇپتۇ دېسە ھېچكىم ئىشەنمەس!

بۇ مېنىڭ پاناھسىز قالغان غەمگۇزار يۈرەك باغرىمدىن پۇخان ئارىلاش تاۋلىنىپ، ئۈمىد بىلەن پارلىنىپ چىققان ئۈملۈككە تەدبىر قوللىنىش بىلەن بىللە سىياسىي سەزگۈرلۈكنى كۈچەيتىپ ئويغىنىش ئۈچۈن چوڭقۇر ئىزدىنىپ سىڭدۈرگەن ئەقىدەم ماھىيىتى ئۈستىدە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ تەشنالىقىمغا ئورتاقلىشىپ، سەممىي ھېسداشلىق بىلدۈرگەن ئاڭلىق قېرىنداشلىرىمغا چىن قەلبىمدىن ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلدۈرۈپ ئانا سۈتىنىڭ ئەجرىگە جانابىي ئاللاھ ئۆزىنىڭ رەھىم شەپقەت قىلىشىنى تىلەيمەن. ئامىن!

2008- يىل 26- ئاۋغۇست

**ئەزىز قېرىنداشلىرىم ئىلتىماسىم!**
**كىتاپ ئۆيىڭىزدە ھەرگىز تاشلىنىپ ياتمىسۇن، قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلسۇن!**

ئوقنى زايە قىلماي بىسىپ كىرگەندە ھەم ئەڭ چوڭ ئۈمىدۋارلىقىمىز بىلەن ئالقىشلاپ قارشى ئالغان ئىدۇق؟
44 ـ يىلى ئىنقىلاب باشلىنىپ ئاخىرغىچە ستالىندىن ئۈمىد قىلىپ تۆكۈلگەن قانلىرىمىز، ئەقىدىلىرىمىزنى يوققا چىقىرىپ تاشلىغانلىقى ئۈمىد ئەمەس، خام خىيال سۈرگەنلىكتىن ئالدىنىش بولۇپ چىقتى؟ ئويلان، قەيسەر **ئۇيغۇر** ئەۋلادى!

ئالدىم قولۇمغا قەلەمنى مەن مانا،
بولمىسامۇ شائىر يازاي شېئىرلار.
جەۋھىرى نادىر ئەسەرگە باق قارا،
ئەلەمدىن تىزىلدى ئۈنچە ـ مارجانلار.

كامچىلىق يازدىم چىداڭ غەزەپلەنمەڭ!
لەززىتى قالۇر ھەم تارىختا ئۈنىڭ.
پارلاق نىشان ئۈچۈن يىغلىتار دوستۇڭ،
پاناھسىز قالسىمۇ غۇرۇرۇم مېنىڭ!

مەدەنىيەت ياراتقان بىز تاراتقان،
پەخرىڭ تارىخ ئىزىڭنى ھەرگىز ئۆچۈرمە!
ئۆزگىلەر خىسلىتى قىبلە بولالماس،
سەن ئۈچۈن زاۋاللىق ئۇنى كۆچۈرمە!

ئەنئەنە بۇلغاشتىن ئۆلۈم ياخشىدۇر!
شەرمى ھايا بىلمەس مۇدھىش ئۇقۇمدۇر.
بولما بىھوش قىلمىشىڭ قەستتۇر،
ھوش كاللىمىز غاپىل قەلبىمىز مەستۇر!

مەۋقەسىز لاۋزىلىق بىزگە ياراشماس،
گەر بولسا غۇرۇر شۇنداقمۇ مازلاشماس!

# مۇندەرىجە

**ئاپتوردىن.................................................3**
مىللىتىمىز ئۇيغۇر، ۋەتىنىمىز ئۇيغۇرىستان!!!..........4
تەشكىلات ۋە مىللەت نامىمىز ئۈستىدە توختىلىمىز..............5
تەپەككۇر دېگەن نېمە؟ ئەقىل ھەم كۆزقاراش دېگەنچۇ؟..........45
كۆز قاراش دېگەن نېمە؟..................................48
نۆۋەتتىكى ماقالىمىز ئىسلام ھەققىدە..........................
ئىسلام دېگەن نېمە؟........................................64
ئەمدى تەقدىر، شۈكرى، سەۋرى دېگەن سۆزلەر ھەققىدە.........
توختىلىپ ئۆتىمىز.........................................89
ساۋابلىق ئىشلار ھارام ئەمەللەر........................... 100
ھارام ئىشلار توغرىسىدا.................................. 109
دىل چىرىغى ئىسلام ماقالىمىزنىڭ داۋامى.................. 114
سىياسەت دېگەن نېمە؟.....................................117
تىل - يېزىق ھەققىدە.......................................214
مەدەنىيەت دېگەن زادى نېمە؟...............................229
قەدىمى ئەنئەنىلىرىمىزنىڭ بىرى مەشرەپ....................248
ئۈمىد دېگەن نېمە؟.........................................249

یاسىن كۆكبۆرە

ئازاپلىق يۈرەك ئاۋازى

**باش مۇھەررىر ۋە مەسئۇل تەھرىرى:** ئابدۇرەشىد هاجى كېرىمى
**تېخنىكىلىق مۇھەررىر:** ئىپارخان باھاۋدىنوۋا
**مۇقاۋىنى ئىشلىگەن:** نىگارا ئازناباكىيېۋا

ئوفسېتلىق قەغەز. ھەرىپ تۈرى UKIJ Tuz Bazma
تىراژى 300 دانە.

"مىر" نەشرىياتى.
ئالمۇتا شەھىرى، ژىبېك ژولى، 64
تېل: 89-39-273 (727) 7+
+7 (727) 237-21-66